# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

www.uysi.org

**3**

**2022**

ISSN: 2757- 9220

پەسىللىك سىياسىي - ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال
2022 - يىللىق (ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر) 3 - سان / ئومۇمىي 7 - سان



- ئىنسانىيەتنىڭ قانىغان يارىسى شەرقىي تۈركىستان: خىتاينىڭ تالان-تاراج، ئەرلىشىش ۋە كېڭەيمىچىلىك پىلانى

**دوكتور گۈلمىرە بەرداش**

- خىتاينىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى زۇلۇم سىياسىتى: قانداق تەرەققىي قىلغان ۋە قانداق توسۇش كېرەك؟

**جېيمس مىلۋارد ۋە داھلىيە پېتېرسون**

- تۈيغۇداشلىق ۋە «داشلىق-بىز» تۈيغۇداشلىقى

**ئادىلجان ئەرئۇيغۇر**

- تېررورچىدىن ئەركىنلىك جەڭچىسىگىچە

**دولقۇن ئەيسا**

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

**خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان**

ULUSLARARASI VAZİYET VE DOĞU TÜRKİSTAN

(پەسىللىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال)

2022 – يىللىق 3 – سان (ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر)
(ئومۇمىي 7 – سان)

قانۇنىي ۋەكىلى: دوكتور ئەركىن ئەكرەم

باش تەھرىر: ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئەسەر باھالاش ھەيئىتى:
ئەركىن ئەكرەم
ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
يالقۇن ئۇلۇغيول

كوررېكتورلار:
پاسىبان
ئابدۇرېھىم دۆلەت

لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھۇن

ISSN: 2757 – 9220

ژۇرنال ئادرېسى:
Kızılay, İzmir – 1 Cd. No: 33 D: 27,
06420 Çankaya/Ankara

# مۇندەرىجە

ژۇرنالغا كىرىش .................................................... 02

◀ **دوكتور گۈلمىرە بەرداش**

ئىنسانىيەتنىڭ قانىغان يارىسى شەرقىي تۈركىستان: خىتاينىڭ تالان ـ تاراج، ئەرلىشىش ۋە كېڭەيمىچىلىك پىلانى .................................................... 04

◀ **جېيمس مىلۋارد ۋە داھلىيە پېتېرسون**

خىتاينىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى زۇلۇم سىياسىتى: قانداق تەرەققىي قىلغان ۋە قانداق توسۇش كېرەك؟ .................................................... 51

◀ **ئادىل ئەرئۇيغۇر**

تۇيغۇداشلىق ۋە ’داشلىق ـ بىز‘ تۇيغۇداشلىقى ............ 81

◀ **دولقۇن ئەيسا**

تېررورچىدىن ئەركىنلىك جەڭچىسىگىچە .................... 107

# بىلىم كۈچتۇر

## ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا

**در.ئەركىن ئەكرەم**
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

ھەزرىتى ئەلى (600-661)نىڭ يېقىن دوستى كۇمەيل بىن زىيادقا (633-701) مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى كۇمەيل! ئىلىم مال-دۇنيادىن خەيرلىكتۇر. ئىلىم سېنى قوغدايدۇ، مال-دۇنيانى سەن قوغدايسەن. ئىلىم ھۆكۈمدار، مال-دۇنيا بولسا مەھكۇمدۇر». «مال- دۇنيا بېرىش بىلەن ئازىيىدۇ، ئىلىم بولسا دەل ئەكسىچە بولۇپ، بېرىش بىلەن(ئۆگىتىش) ئاۋۇيدۇ». ھەزرىتى ئەلىدىن تەخمىنەن 1000 يىل كېيىن ياشىغان ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ فرانسىز بېكون (1561-1626) «بىلىمنىڭ ئۆزى كۈچتۇر» دېيىش ئارقىلىق بىلىمنىڭ ئىنسانغا قۇدرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى دېگەن. ئۇ يەنە«تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى بىلىمنى تەدبىقلاش قابىلىيىتىدۇر»دېيىش ئارقىلىق بىلىمنى تەدبىقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. بېكوننىڭ سېكرېتارلىقىنى قىلغان توماس ھوببېس (1588-1679)، 1651-يىلى نەشىر قىلىنغان «لېۋىياتان» ناملىق كىتابىدا بېكوننىڭ بىلىم ھەققىدىكى سۆزىنى «بىلىم كۈچتۇر»دەپ خۇلاسىلىغان. بىلىم ئىنساننى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىش بىلەن بىرگە، پىكرىنىمۇ ئۆتكۈر قىلالايدۇ. ئۆگىنىلگەن بىلىم ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرى بىلىنمىگەن ۋە يېشىلمىگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل بولۇپ يېشىلىدۇ، نەتىجىدە بىلىمنىڭ كۈچى ۋە قىممىتى تېخىمۇ نامايەن بولىدۇ، مەسىلىلەر بولغاچقا ئىنسان تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1017-1077) قۇتادغۇبىلىگ ناملىق ئەسىرىدە دېگەنىدەك،

بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى بىلىمدۇر. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە قىممىتىنى ئىلىملىك ۋە ئەقىل پاراسەتلىك ئىنسانلار بىلەلەيدۇ.

ئىنسانلار ئەقلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆگەنگەن ۋە ئېرىشكەن بىلىملەر ئارقىلىق تېرىقچىلىق جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولدى، ھازىر بولسا ئۇچۇر جەمئىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا كۈچمۇ كاپىتالىستلارنىڭ قولىدىن تۈرلۈك ئۇچۇر ۋە بىلىملەرگە ئىگە بولغان زامانىۋى تېخنولوگىيەلەرنى ئىلكىدە تۇتۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈۋاتىدۇ.

كەلگۈسىشۇناس ئالۋىن توفلېر (1928-2016) 1980-يىلى نەشىر قىلدۇرغان «ئۈچىنچى دولقۇن» (The Third Wave) ناملىق كىتابىدا ئىنسانىيەتنىڭ 21-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن سانائەت جەمئىيىتىدىن ئۇچۇر جەمئىيىتىگە ئۆتۈشكە باشلايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. زامانىۋى باشقۇرۇش ئىلمى مۇتەخەسسىسى پېتېر ف. دروكېر (1909-2005) 1965-يىلى بىلىمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىغا ئايلىنىپ يەر، ئەمگەك ۋە ماشىنىلارنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغانلىقىنى دېگەنىدى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىلىم ئاساسلىق ئىقتىسادىي بايلىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى، يەنى ئىنسانلار بىلىم جەمئىيىتى (knowledge society) سەۋىيەسىدە ياشاشقا باشلايتتى. 1990-يىلىدىن كېيىن ئۇچۇر تېخنولوگىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىلىم باشقۇرۇش (Knowledge Management) ئۇقۇممۇ جەلىپ قىلارلىق ھالغا كېلىشكە باشلىدى. بايلىق ۋە تېخىمۇ كۆپ رىقابەت كۈچى يارىتىش نۇقتىسىدىن بىلىم باشقۇرۇش ئىلمى يېڭى ئەسىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى ھالىتىگە كەلدى. ئۇچۇر جەمئىيىتىدە ماشىنا تېخنىكىسىنىڭ ئورنىغا ئىلمىي تېخنولوگىيەلەر دەسسىمەكتە ۋە ئىنتېرنېت تېخنولوگىيەسى بىلەن بىرلىكتە ئۇچۇرلارمۇ تېز سۈرئەتتە تارقالماقتا. ئۇچۇر جەمئىيىتىدە بىلىم ئىقتىسادىي تۈرتكىسىدە سەرمايە جۇغلانمىسىمۇ (knowledge capital) ئاشماقتا. لېستېر ك. تۇرووۋ (Lester C. Thurow) بايلىق بەرپا قىلىش (Building Wealth) ناملىق كىتابىدە تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، بايلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ سىرى بىلىم ۋە يېڭى تېخنولوگىيەدۇر، ئەلۋەتتە بىلىم باشقۇرۇش (knowledge management) قابىلىيىتىنىڭ رولىمۇ چوڭ. نۆۋەتتە بىل گېيتس ۋە مارك زۇكېربېرگكە ئوخشاش كىشىلەر دەل مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلىمەكتە. ئالۋىن توفلېرنىڭ «Powershift 1990» ناملىق كىتابىدا كونا جەمئىيەتلەرنىڭ كۈچى زوراۋانلىق، سانائەت جەمئىيىتىنىڭ كۈچى بايلىق، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ كۈچىنىڭ بىلىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

كۈنىمىزدە ئىنتېرنېت تېخنولوگىيەسى ۋاستىسى ئارقىلىق بىلىم ئۆگىنىشنىڭ يوللىرى ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئاسان بولۇپ كەتكەندەك، يالغان ۋە كارغا كەلمەس ئۇچۇرلارمۇ مەۋجۇتتۇر. توغرا ئۇچۇرلارنى كىم ۋە قەيەردىن ئۆگىنىش مەسىلىسىمۇ ئىنسانلارنى قايمۇقتۇرماقتا. ئۇچۇر بومباردىمانىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل ئىدىيەلەر ۋە ئېقىملارمۇ بەزى كىشىلەرنى ئاسانلا تەسىرى ئاستىغا ئالماقتا. بۇ خىل ئىدىيە ۋە ئېقىملارنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملەرنىڭ بولماسلىقى ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ نەتىجە ئېلىنالماسلىقى ئىنسانلارنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرماقتا. توغرا ۋە مۇۋاپىق يولنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈنمۇ يەنە بىلىم جۇغلانمىسى ۋە ئەقىل كېرەك.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كونا ئۇسۇل ۋە ئىدىيەلەر بىلەن ھەل بولمايدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى كونا ئۇسۇل بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا ئىدى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئاللىبۇرۇن ھەل بولغان بولاتتى. نۆۋەتتە دەۋرنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ۋە يېڭى كۈچ مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ دەۋايىمىزنى يېڭى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىمىسەك بولمايدۇ.

# ئىنسانىيەتنىڭ قانىغان يارىسى شەرقىي تۈركىستان:

# خىتاينىڭ تالان—تاراج، ئەرلىشىش ۋە كېڭەيمىچىلىك پىلانى

**دوكتور گۈلمىرە بەرداش**

ئىستانبۇل ئايدىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى

قىسقىچە مەزمۇنى: بىر كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى ھەرخىل تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ توغرا دىئاگنوز قويغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا شىپا بولىدىغان داۋالاش تەدبىرىنى تېپىپ چىقالايمىز. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بىر «قانىغان يارىسى». كۈنىمىزدە بۇ يارا شىپا تېپىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ ئەتراپقا يېيىلىشقا ۋە ھاياتىي خەۋپ ئېلىپ كېلىش دەرىجىسىگە يەتتى. بىر قىسىم تەتقىقاتچى، سىياسىئون، شۇنداقلا دەۋا ئادەملىرى بۇ «قانىغان يارا»نىڭ تەھدىتىنى بىلىپ يەتتۇق ۋە ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇشقا، ئۇنىڭ شىپا چارىلىرىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدۇق. بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بايلىق ۋە ئېنېرگىيە ئاچكۆزلىكى، ئەرلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىكى خەتەر ۋە خىتاينىڭ دۇنياغا كېڭىيىش قارا نىيىتى (يۇمشاق كېڭىيىش، قاتتىق كېڭىيىش ۋە نوپۇس كېڭەيمىچىلىكى) ھەققىدە ماتېرىيال، چۈشەنچىلىرىمنى ئورتاقلىشىمەن ۋە «رېتسېپ» يېزىشقا تىرىشىمەن.

ئاچقۇچ سۆزلەر: شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇر، خىتاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، جىنس قىرغىنچىلىقى، ئەرلىشىش، تالان ـ تاراج، كېڭەيمىچىلىك.

**Summary:** By doing various researches about the cause of a disease and making the correct diagnosis, we can find a treatment that can cure it. China’s genocide in East Turkistan is a» bleeding wound «for the world of humanity. Today the

wound has gotten worse without healing and has spread to other parts of the world.

Some researchers, politicians and practitioners are aware of the threat of this» bleeding wound «and are trying to warn humanity and find effective treatments. In this article, I will share my views and thoughts on China’s wealth and energy greed, the dangers of overpopulation and China’s genocide, China’s global diffusion intentions (soft diffusion, hard diffusion and population diffusion).

**Keywords:** East Turkistan, Uyghur, China, Genocide, Gendercide, Male Population, Plunder, Diffusion.

## كىرىش سۆز

نورمال ھاياتتا ۋۇجۇدىمىزغا بىر يارا چىقىپ قالسا دەرھال دوختۇرخانىغا بارىمىز. دوختۇرغا يارىمىزنى كۆرسىتىپ دەيمىزكى:

-دوختۇر، بۇ بىر ئاددىي يارا، دەرھال بىر دورا بەرسىڭىز.

-ياق، سىزگە دەرھال دورا بېرەلمەيمەن،دەيدۇ دوختۇر.

-نېمىشقا ؟ بۇ بىر ئاددىي يارىغۇ.

-كۆرۈنۈشتە يارىڭىز ئاددىي بىر ھادىسىدەك قىلىدۇ، ئەمما يارىنىڭ چىقىش سەۋەبىنى، خاراكتېرىنى ۋە ئورنىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ئۈنۈملۈك داۋالىغىلى بولمايدۇ. بولمىسا خاتا دىئاگنوز قويۇلۇپ قېلىشى،خاتا دورا بېرىشىم مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا يارىڭىزنىڭ ساقىيىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خاتا دورىلارنىڭ سەۋەبىدىن يارىڭىز يوغىناپ كېتىشى، يامانلىشىپ ھاياتىڭىزغا ئۆتۈپ ھاياتىڭىز خەتەرگە ئۇچرىشى ئېنىق. شۇڭا بىز دوختۇرلار ئۈنۈملۈك داۋالاش توغرا دىئاگنوزدىن، توغرا دىئاگنوز بولسا ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشتىن كېلىدۇ، دەيمىز.

سىز غىڭ قىلماي دوختۇرنىڭ تەلىپى بويىچە بىر قانچە خىل تەكشۈرتۈشلەرنى قىلىسىز ۋە نەتىجىسىنى دوختۇرغا بېرىسىز . دوختۇر سىزنىڭ تەكشۈرۈشتىن چىققان نەتىجىلەرنى ئوقۇيدۇ، تۇرمۇش، تازىلىق ئادەتلىرىڭىزنى ۋە باشقا سوئاللارنى سورايدۇ، ئاخىرىدا دورا بېرىپ، سىزگە سالامەتلىك تىلەپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

كۈنىمىزدە ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ دىئاگنوز قويۇشتا قىيىنىلىۋاتقان، خاراكتېرىنى ئېنىق بىلەلمەيۋاتقان، بۇ سەۋەبتىن داۋالاشتا بەكمۇ كېچىكىپ كەتكەن بىر قانىغان يارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستان!

ئىشغالچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسسىمىلياتسىيە، تالان-تاراج قىلىش جىنايىتىنى پۈتۈن دۇنيا ھەيرانلىق بىلەن تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە، ئىجتىمائىي تاراتقۇدا كۆرمەكتە ئاڭلىماقتا. بەزى سىياسىئون، تەتقىقاتچىلار بۇ ھادىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى خەۋپىنى، خىتاينىڭ شۇم نىيىتىنى بىلىپ يەتكەن، باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، قارشى تەدبىر ئېلىش، جىنايەتچىنى جازالاش ئۈچۈن جىق غەيرەت قىلسىمۇ، ئىنسانلار كېلەچەكتە دۇنياغا بالايىئاپەت بولىدىغان خىتايغا ۋە ئۇنىڭ سۇيىقەستلىك نىيىتىگە قارشى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانغىنى يوق.

مەكتەپتە، كۈندىلىك ھاياتتا يات مىللەتتىن بولغان كىشىلەر مەندىن»خىتاي نېمىشقا سىلەرنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؟» دېگەن سوئالنى ئەڭ كۆپ سورايدۇ. مەن بىر قانچە يىللىق ئىنچىكە كۈزىتىش، ئىزدىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ «قانىغان يارىسى»نىڭ ساقىيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبىنى تېپىشقا تىرىشتىم. قىسقىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار.

تارىخىي، مىللىي ۋە جۇغراپىيەلىك سەۋەبلەر ھەققىدە جىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەن توختالمايمەن. بۇ ماقالىدە مەن كۆزىتىش ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدە بايقىغان ۋە توپلىغان بىر قىسىم مەلۇماتلار ۋە چۈشەنچىلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

## 1. خىتاينىڭ «تەرەققىيات» مېدالىنىڭ كەينى يۈزىنى قىسقىچە ئايدىڭلاشتۇرۇش


خىتاينىڭ 40 يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىلىش سىياسىتىنى باشلىغان 1978-يىلى ئىقتىسادىي كۆلىمى ئاران 367 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولغان، 2017-يىلىغا كەلگەندە، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) 82 تىرىليون 700 مىليارد يۈەنگە (12 تىرىليون 200 مىليارد دوللارغا باراۋەر) يېتىپ، دۇنيادىكى ئىقتىسادىتا ئىككىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان. ئىقتىسادىي جەھەتتە، خىتاينىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى تۇتقان نىسبىتى 1978-يىلدىكى 1.8% تىن 2017-يىلى 16% كە ئۆرلەپ، ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيان خىتاي ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئىقتىسادىي قىممىتى يىللىق ئوتتۇرىچە 9.3 % ئېشىپ ماڭغان (人民网, 2018).

خىتاينىڭ كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بۇ «تەرەققىيات» مېدالىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قارايدىغان بولساق، كېلەچەككە، ئىنسانىيەتكە قارشى سىستېمىلاشقان بۇلاڭ-تالاڭ، ۋەيران قىلىش، بۇلغاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشاش ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان جىنايەتنى كۆرەلەيمىز. بۇ ماقالىدا ئايرىم تەتقىقات مەزمۇنى بولىدىغان بەزى چوڭ تېمىلاردا قىسقىچە توختىلىمەن.

### 1.1 خىتاي يەر شارىنى ھەممىدىن ئېغىر بۇلغىغان دۆلەت

2018-يىلى، خىتاينىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كاربون تۆت ئوكسىد $CO_2$ قويۇپ بېرىش مىقدارى 7.35 توننا بولغان. بۇ مىقدارنى 1990-يىلدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان 1.91 توننا كاربون تۆت ئوكسىد $CO_2$ مىقدارىغا سېلىشتۇرغاندا تەخمىنەن 385% ئاشقان. (TheWorldBank, 2022).

ئامېرىكىدىكى ئاقىللار ئامبىرى (Rhodium) گۇرۇھى تەييارلىغان دوكلاتقا قارىغاندا، خىتاينىڭ 2019-يىلى يىللىق پارنىك گازى (Greenhouse gas) قويۇپ بېرىش مىقدارى تەرەققىي تاپقان پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ توپلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ قويۇپ بەرگەن كاربون تۆت ئوكسىد $CO_2$دى دۇنيا مىقياسىدا % 27 كە يېتىپ بىرىنچى ئورۇندا، ئامېرىكا % 11 بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا، ھىندىستان% 6.6 بىلەن ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغان (BBC, 2021).




بۇنىڭ سەۋەبى، خىتاينىڭ ئىقتىساد ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېنېرگىيەنى، بولۇپمۇ كۆمۈرنى تەلۋىلەرچە ئىشلىتىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن كاربون تۆت ئوكسىد $CO_2$ قويۇپ بەرگەنلىكىدۇر.

### 2.1 خىتاي دېموكراتىيە ۋە ئىنسانىي قىممەتلەرنى پەرۋاسىزچە يوق قىلغان دۆلەت

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنياغا ئېچىلغان خىتاي 1989-يىلدىكى تيەنئەنمېن ۋەقەسىدە، دۇنيانى، بولۇپمۇ دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى

قوغدىغۇچىلىرىنى بەكمۇ بىئارام قىلغانىدى. لىبېرالىزم، تەنقىدىي سوتسىيالىزم، يېڭى كۈڭزىچىلىق ۋە مىللەتچىلىك قاتارلىق يېڭى ئىدىيە ئېقىمى راۋاج تاپقان خىتايدا، مىللەتچىلىك بىلەن تونۇلغان شى جىنپىڭنىڭ تەختكە چىقتى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «خىتاينىڭ چۈشى» (Chinese Dream) تەشەببۇسى خەلقى تەرىپىدىن سۆيۈلدى. ئۆزگىرىشچان(بەزىدە شەيتانىي) بىر ئىدېئولوگىيەگە ئىگە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى «بىر بەلۋاغ بىر يول قۇرۇلۇشى» نىقاۋى ئاستىدا، بەزى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن خىتاينىڭ يەر شارىلىشىش ئارزۇسى، مەنچە خىتاينىڭ «جاھانگىرلىك چۈشى» دەپ بىلىنگەن «خىتاينىڭ چۈشى»نى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلدى ۋە دۇنيانى تەسىر دائىرىسىگە ئېلىشقا باشلىدى. بۇ چۈشنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن:

خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەق - ھوقۇقلىرىنى قىستى؛

ئىجتىمائىي تاراتقۇ،ئاخبارات ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى پۈتۈنلەي كونتروللى ئاستىغا ئالدى؛

ئىسلامىي ۋە باشقا مۇقەددەس چۈشەنچە، قىممەت قاراشلارنى بۇرمىلىدى؛

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنىڭ قۇربانى بولدى؛

شەرقىي تۈركىستان،تىبەت قاتارلىق رايونلاردا مىليونلارچە ئىنسانىنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىپ، ئۆلارنى تۈرمە، لاگېرلارغا سولاپ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قۇل ئەمگەك كۈچىگە ئايلاندۇردى؛

چېرىكلىشىش ۋە پارىخورلۇقنى دۇنياغا يايدى؛

ئۆزلىرىنىڭ چىرىك ئىدېئولوگىيەسى بويىچە يېڭى دۇنيا تەرتىپى قۇرماقچى بولدى.

## 3.1 خىتاي زامانىۋىي دەۋردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلغان دۆلەت

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان خوڭكوڭ، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق رايونلاردا يۈرگۈزۈۋاتقان زوراۋانلىق سىياسىتىنى دۇنيا ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرمەكتە. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتى خىتاي بويىنغا ئاسقان «تەرەققىيات» مېدالىدىكى ئەڭ قاباھەتلىك بىر داغ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2021-يىلى 21-ئۆكتەبىر، ب د ت دا تۈركىيە ۋە گېرمانىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 43 دۆلەت ئىمزالىغان بىرلەشمە باياناتتا، خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر رايونىدىكى ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى (Charbonneau, 2021).

لوندوندا قۇرۇلغان مۇستەقىل «ئۇيغۇر خەلق سوت كوللېگىيەسى» 500 دىن ئارتۇق گۇۋاھچىنىڭ باياناتىنى تەكشۈرۈش، 30 دىن ئارتۇق گۇۋاھچىنى سوتتا گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش،40 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس گۇۋاھچىنىڭ بايانلىرىنى باھالاش ئارقىلىق، 2021-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ئۆتكۈزدى، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى (UYGHURTRIBUNAL, 2021).

ئامېرىكا،ئەنگلىيە قاتارلىق كۆپلىگەن غەرپ دۆلەتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجە ۋە شەكىلدە «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى»نى ئېتىراپ قىلىپ،خىتاينى جازالايدىغان تەدبىر-قانۇنلارنى يولغا قويدى.

2022-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى، ياۋروپا پارلامېنتى، خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان يەرلىك مىللەتلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان قورقۇنچلۇق قىلمىشلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ مەخسۇس قارار قوبۇل قىلدى (RFE/RL, 2022).

## 4.1 يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس: خىتاينىڭ بىئولوگىيەلىك قورالى نەزەرىيەسى

يېڭى تاجىسمان ۋىرۇس كېسىلى (Coronavirus 19 disease باشقىچە ئاتىلىشى: ۋۇخەن ۋىرۇسى كېسىلى، ۋۇخەن يۇقۇمى) ئېغىر دەرىجىدىكى نەپەس يولى ئۇنىۋېرسال كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، تۇنجى كېسەل ۋەقەسى

2019-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى خىتاينىڭ خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھرىدە بايقالغان (许雯, 2020).

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۇنياغا ئىنتايىن تېزلىكتە تارقالغان بۇ ۋىرۇس نۇرغۇن جانغا زامىن بولدى. 2022-يىلى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى گرېنۋىچ ۋاقتى سائەت 12:30 دىكى مەلۇمات بويىچە، دۇنيادىكى يېڭى تىپ تاجسىمان ۋىرۇسى (COVID-19) بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 605 مىليون 211 مىڭ 844، ۋاپات بولغانلارنىڭ سانى 6 مىليون 486 مىڭ 321 بولغان (Worldometer, 2022) . 2020-يىلىنى ئەسلەيدىغان بولساق، دۇنيا مىقياسىدا ھايات، ئىشلەپچىقىرىش پالەچ ھالغا،توختاپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي،ئىجتىمائىي ۋەيرانچىلىقنى ۋە تېخى داۋام قىلىدىغان سەلبىي تەسىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

يېڭى تىپ تاجسىمان ۋىرۇسى (COVID-19) ھەققىدە كۆپ خىل پەرەز ۋە نەزەرىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مېنىڭ ھەممىدىن بەك دىققىتىمنى تارتقىنى ئۇنىڭ خىتاينىڭ بىئولوگىيەلىك قورالى ئىكەنلىك نەزەرىيەسى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى:

- ۋىرۇسنىڭ 1956-يىلى قۇرۇلغان ۋۇخەندىكى ۋۇخەن ۋىرۇس ئىنستىتۇتىدىن (Wuhan Institute of Virology - WIV ) يامراپ چىققانلىقى (VOA, 2021)؛

تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ سۈنئىي ۋىرۇس ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىكى مەقسەتنىڭ بىئولوگىيەلىك ئۇرۇش قورالى قىلىپ ئىشلىتىش ئىكەنلىكى (Skopec, 2020)؛

يۇقۇملىنىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ھەققىدىكى ئۇچۇر، مەلۇماتلارنى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ۋاقتىدا ئورتاقلاشمىغانلىقى؛

ۋىرۇس ئوتتۇرىغا چىقىش، تارقىلىشتىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇنلا خىتايلارنىڭ تېببىي ئۈسكىنە-ماتېرىياللارنى زاپاسلىشى؛

ۋىرۇسنىڭ ۋۇخەندىن 800 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شاڭخەي، 1100 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى بېيجىڭدا ئەمەس، بەلكى ۋۇخەندىن 8700 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى ئىتالىيە، 12000 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى نيۇ-يوركتا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يامراپ كېتىشى؛

- دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىدەك ئەڭ نوپۇزلۇق ئورگاننىڭ ۋىرۇس مەنبەسىنى تەكشۈرۈش تەلىپىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى يىلغىچە رەت قىلىشى؛

- ۋىرۇسقا قارشى ۋاكسىنىنى خىتاينىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئىجات قىلىپ، سىنوۋاك (Sinovac)نى تېز سۈرئەتتە بازارغا سېلىشى؛

- دۇنيانىڭ دىققىتىنى بۇراش، يۇقۇملۇق ۋىرۇس بىلەن ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى بەند قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىنى ئۇنتۇلدۇرۇش غەرىزى؛

- يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى قۇرۇپ چىقىش، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش نىيىتىدە بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ رەقىپلىرىنى ھەر تەرەپتىن ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان تاكتىكىسى ۋە قەستەن مەقسەتكە يېتىشى ۋە باشقىلار.

يېڭى تىپ تاجسىمان ۋىرۇس (COVID-19) خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى، نوپۇزىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتىدىغان ئەڭ قاراڭغۇ بىر ھادىسە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەپسۇس ئۇنداق بولمىدى.

## 2– خىتاينىڭ بايلىق ۋە ئېنېرگىيە ئاچكۆزلىكى

تەبىئىي بايلىق تەبىئەتتىكى مەلۇم شارائىتتا ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ تەسىرىسىز شەكىللەنگەن، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، ئېھتىياجى ۋە تەرەققىياتىنى ۋاسىتىلىق ياكى بىۋاسىتە قاندۇرىدىغان تەبىئىي بارلىقتۇر. يەنى ئاللاھنىڭ شۇ خەلققە قىلغان ئىنئامىدۇر. پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى تېخىمۇ كۆپ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش پۇرسىتىنى ياراتسا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى تېخىمۇ كۆپ تەبىئىي بايلىقلارنى ئىستېمال قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى 40 يىلدا ئىستېمال قىلغان(قوللانغان) تەبىئىي بايلىقنىڭ مىقدارى بەش مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت

تارىخىدا تۈگەتكەن مىقدارىنىڭ توپلىمىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

تەبىئىي بايلىق بىر دۆلەت ياكى جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى تەبىئىي كاپىتال (دەسمايە)دۇر. بۇ تەبىئىي كاپىتال (دەسمايە) ئاساسلىقى يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، قېزىلما بايلىق، بىئولوگىيەلىك بايلىق، كىلىمات بايلىقى (يورۇقلۇق، تېمپېراتۇرا، يامغۇر، ئاتموسفېرا) ۋە دېڭىز بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېكونومېتىركا (ئىقتىساد ئۆلچەمشۇناسلىقى Econometrics) بويىچە قارىغاندا، تەبىئىي كاپىتال (دەسمايە) بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىڭ ئۆلچىشى ھېسابلىنىدۇ. كېلەچەكتە ئېنېرگىيەگە ئىگە بولۇش دېمەك تەرەققىيات دېمەك، كۈچ دېمەكتۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش غايىسى ئۈچۈن ھەر ساھەدە يۈكسىلىشكە، يۈكسىلىش ئۈچۈن مول تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيەگە ئېھتىياجى بارلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىچكى - تاشقى سىياسىتىدە تەبىئىي بايلىق قىدىرىپ تېپىش ۋە ئىگە بولۇشنى ھەر ۋاقىت بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردا خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئافرىقىغىچە، نورۋېگىيەدىن ئاۋستىرالىيەگىچە،يەنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېگىيە تېپىش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە. بۇ ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىق،ئېنېرگىيەلەر ۋە خىتاينىڭ بۇلارنى تالان - تاراج قىلىشى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمەن.

ياۋرو-ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 828 مىڭ 418 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ (Tasagil, 2011)، تېررىتورىيەسىنىڭ چوڭلۇقى دۇنيادا 16-ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈركىيە (783 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر)، فىرانسىيە (551 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر)، گېرمانىيە (357 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق تۆت دۆلەت(243 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) يەر مەيدانىنىڭ توپلىمىغا تەڭ كېلىدۇ. ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان ئۈرۈمچى ۋە «ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق پورتى» خىتاينىڭ «بىر بەلۋاغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ.

### 1.2 شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىقلارنىڭ زاپىسى

خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مىللىي ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيەسى بازىسى» قىلىپ بېكىتىلگەن شەرقىي تۈركىستاندا، قېزىلما بايلىقلارنىڭ تۈرى تولۇق، زاپىسى مول، ئېچىش ئىستىقبالى كەڭ. كۆنىمىزدە بايقالغان قېزىلما بايلىق 152 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 99 خىلىنىڭ زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر قاتارلىق 13خىلىنىڭ زاپىسى خىتاي بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ، 76 خىلىنىڭ زاپىسى ئالدىنقى 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، خروم، نىكىل، ئاز ئۇچرايدىغان رەڭلىك مېتال، قۇياش ئېنېرگىيەسى، ئورمان ۋە سۇ بايلىقلىرىمۇ ئىنتايىن مول.

پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئاكتىپ قوللىنىلىشى بىلەن، ۋەتىنىمىزنىڭ جۇڭغار،تارىم ئويمانلىقىدا بايقالغان نېفىت-تەبىئىي گازنىڭ مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارماقتا. بۇ خىتاي تاراتقۇلىرىدا مۇنداق يېزىلىدۇ:

«خەلق گېزىتى» 2022-يىلى 26-يانۋاردىكى «خۇشخەۋەر !تارىم ئويمانلىقىدا 100 مىليون تونىنا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز رايونى يېڭىدىن بايقالدى»ناملىق خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: ھازىرغا قەدەر، خىتاي نېفىت-خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شايار ناھىيەسى تەۋەسىدە ئېنىقلانغان نېفىت گېئولوگىيەلىك زاپىسى بىر مىليارد 665 مىليون تونىنا، تەبىئىي گاز گېئولوگىيەلىك زاپىسى 94 مىليارد 583 مىليون كۇب مېتىر، جۇغلانما مەھسۇلات مىقدارى 140 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى (人民网, 2022) .

«خەلق گېزىتى» 2021-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى: «تارىم نېفىتلىكىدە يېڭىدىن بىر مىليارد تونىنا دەرىجىلىك ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر چوڭ نېفىت - گاز زاپىسى بايقالدى» (خەلق-تورى، 2021).

«خەلق گېزىتى» 2018-يىلى 18-دېكابىر

خەۋىرى «تارىم نېفىتلىكىدە 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گاز زاپىسى بايقالدى» (خەلق-تورى, 2018) .

«خەلق گېزىتى» 2014-يىل7-ئاينىڭ 31-كۈنى خەۋىرى: ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ ئالتۇن كانى بايقالدى. بۇ يىل 6-ئايغىچە، جەمئىي 127 تونىنا ئالتۇن مېتال تاپشۇردى، ئىقتىسادىي قىممىتى 40 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ (人民网, 2014).

بۇنىڭغا ئوخشاش خىتاينى خۇش قىلىدىغان خەۋەرلەر كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بولۇپ، بۇلار تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتىنىمىزگە بولغان ئىشغال قىلىش ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ ئاچىدۇ. تۆۋەندە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر ۋە باشقا ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلار، ئۇلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن زاپاس مىقدارى ۋە خەلقئارا ئوچۇق بازاردىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى ئۈستىدە توختىلىمەن.

شەرقىي تۈركىستان كۆمۈر بايلىق زاپىسى جەدۋىلى (بىرلىكى :يۈز مىليون تونىنا)

| كۆمۈر رايونى | كۆمۈر ساھەسى | مۆلچەرلەنگەن زاپىسى | ئىسپاتلانغان زاپىسى |
|---|---|---|---|
| جۇڭغار رايونى | شەرقىي جۇڭغار | 3359 | 1646.07 |
| | جەنۇبىي جۇڭغار | 2110 | 279.06 |
| | قوبۇقسار | 1082 | 63.05 |
| | غەربىي جۇڭغار | 777 | |
| | جەمئىي | 7328 | |
| قۇمۇل-تۇرپان-بارىكۆل رايونى | قۇمۇل-تۇرپان | 5748 | 442.67 |
| | بارىكۆل (تاتلىق بۇلاق) | 1359 | |
| | جەمئىي | 7107 | |
| غەربىي تەڭرىتاغلىرى ۋە ئىلى ئويمانلىقى | ئىلى ئويمانلىقى | 4798 | 25.74 |
| | يۇلتۇز كۆمۈر كانى | 967 | 0.13 |
| | قاراشەھەر | 138 | 8.46 |
| | كۆمۈش | 264 | 0.06 |
| | جەمئىي | 6167 | |
| جەنۇبىي تارىم | كۇچار-باي | 335 | 20.09 |
| | كۆنچە كۆمۈر كانى | 1037 | |
| | جەمئىي | 1372 | |
| ئومۇمىي مىقدارى | | 2 تىرىليون 197 مىليارد 400 مىليون تونىنا | |

مەنبە: سانائەت ئۇچۇر تورى كان بازىرى (矿业汇, 2017)

تۆۋەندىكى جەدۋەل نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۆلچەرلەنگەن زاپاس مىقدارى ۋە بۇ مىقدارنىڭ خەلقئارا بازاردىكى ئامېرىكا دوللىرى

باھاسى بويىچە ئوتتۇرىچە ئىقتىسادىي قىممىتى ھېسابلاپ چىقىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا خەلقئارا بازاردىكى ساپ ئالتۇننىڭ قىممىتى بويىچە ھېسابلاندى. باشقا تەبىئىي بايلىقلار (قۇياش ئېنېرگىيەسى، سۇ بايلىقى ۋە باشقا) بۇ يەردە ھېسابلانمىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن زاپىسى

ۋە خەلقئارا بازاردىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى (بىرلىك: ئامېرىكا دوللىرىUSD)

| تەبىئىي بايلىق تۈرى | مۆلچەرلەنگەن بايلىق زاپىسى | | خەلقئارا بازاردىكى قىممىتى | |
|---|---|---|---|---|
| | مىقدارى | بىرلىك | باھاسى | تولپلام قىممىتى |
| كۆمۈر | 2 تىرىلىيون 197 مىليارد(1) | توننا | (9)134.00 | 294 تىرىلىيون 451 مىليارد 600 مىليون |
| نېفت | 23 مىليارد 400 مىليون(1) | تون | (10) 799.00 | 18 تىرىلىيون 696 مىليارد 600 مىليون |
| تەبىئىي گاز | 13 تىرىلىيون(1) | كۇب مېتىر | (11)0.28 | 3 تىرىلىيون 640 مىليارد |
| كۆمۈر گازى | 9 تىرىلىيون 500 مىليارد(1) | كۇب مېتىر | (12) 0.18 | 1 تىرىلىيون 662 مىليارد 500 مىليون |
| تۆمۈر رۇدىسى | 2 مىليارد 970 مىليون(2) | تون | (13) 150.30 | 446 مىليارد 391 مىليون |
| خروملۇق تۆمۈر | 25 مىليون(3) | تون | (14)1262.84 | 31 مىليارد 571 مىليون |
| مانگان | 142مىليون 106 مىڭ(4) | تون | (15) 212.20 | 2 مىليارد 993 مىليون 293 مىڭ |
| مىس | 9 مىليون 70 مىڭ(5) | تون | (16)2380.46 | 21 مىليارد 590 مىليون 772 مىڭ |
| كۈمۈش | 4 مىليون923 مىڭ 720(6) | كىلو | (17)718.89 | 3 مىليارد 539 مىليون 613 مىڭ |
| ئالتۇن | 3 مىليون 200 مىڭ(7) | كىلو | (18)60567.5 | 193 مىليارد 816 مىليون 32 مىڭ |
| قوغۇشۇن- سىنك | 28مىليون 674مىڭ 300(8) | تون | (19)2108.00 | 60 مىليارد 445 مىليون 424 مىڭ |

مەنبە:

(1)新疆维吾尔自治区（国家民委，2022）
(2)新疆铁矿资源调查报告（国土资源部，2016）
(3)中国铬铁矿资源调查报告 （中国地质调查局，2000）
(4)新疆锰矿资源调查报告（国土资源部，2016）
(5)新疆铜矿资源调查报告（国土资源部，2016）
(6)新疆银矿（新疆地质矿产信息网，2012）
(7)新疆金矿资源调查报告（国土资源部，2016）
(8)新疆铅锌矿资源调查报告（国土资源部，2016）
(9) China Thermal Coal Spot Price（SunSirs，2022）
(10) （Trading Economics，2022） Trading Economics
(11) Trading Economics（Trading Economics，2022）
(12) （YIHE，2021） Upstream is part of NHST
(13) （CEIC，2022） CEIC Data
(14)华宝证券（华宝证券，2021）
(15) 矿产保护与利用（孙宏伟，2020）
(16) 腾讯网（腾讯，2021）
(17) SILVERPRICE（Silverprice，2022）
(18)GOLDPRICE（Goldprice，2022）
(19) 中国矿业（刘晓，2015）

ۋەتىنىمىزدىكى باشقا تۈردىكى قېزىلما بايلىقلار، يەر ـ سۇ بايلىقى، بىئولوگىيەلىك بايلىق ۋە كىلىمات بايلىقىنى قوشماي تۇرۇپ ھېسابلىغاندىكى يەر ئاستى زاپاس بايلىقلىرىنىڭ مۆلچەرلەنگەن

سوممىسى، تەخمىنەن 319 تىرىليون 211 مىليارد 47 مىليون 134 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. بۇ 2020-يىلى دۇنيادىكى پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) نىڭ توپلىمى 84.75 تىرىليوندىن 3.8 ھەسسە، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (20.95 GDP) تىرىليوندىن 15.2 ھەسسە ئارتۇق (TheWorldBank, 2021) . قىسقىسى، ۋەتىنىمىزدىكى تەبىئىي بايلىقنىڭ توپلام قىممىتى ئەڭ ئاز 5 مىليون 270 مىڭ 334 توننا ساپ ئالتۇن دېمەكتۇر، يەنى، شۇ گۈزەل يۇرتىمىز تېغى-تېشى ئالتۇن بولغان گۆھەر زېمىندۇر. بۇنى خىتاي «دۆلەت ئېنېرگىيەسى» گورۇھىنىڭ باش دىرېكتورى جۇ يۈكپىڭنىڭ بىر دوكلاتىدا قىلغان ماۋۇ سۆزى بىلەن خۇلاسىلايمەن: «ئېلېكتىر كارخانىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئاز ئۇچرايدىغان يەر شارائىتى ئەۋزەللىكىگە ئىگە گۆھەر زېمىن، كۆمۈرنىڭ مۆلچەردىكى زاپاس مىقدارى مەملىكەتنىڭكىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ، بەزى ئېقىنلاردا سۇ ئېلېكتىرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى زور، توققۇز چوڭ شامال رايونى شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى جەھەتتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە، يورۇقلۇق شارائىتى ياخشى، قۇياش ئېنېرگىيەسىنى ئېچىش ئىستىقبالى پارلاق. شۇڭا، سۇ ئېلېكتىر، ئوت ئېلېكتىر، شامال ئېلېكتىر كەسپى ياكى قۇياش ئېنېرگىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى بايلىق تىرەكلىگە ئىگە. مانا بۇ بەش چوڭ ئېلېكتىر گورۇھىنىڭ بەس-بەس بىلەن بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبى (خەلق تورى, 2009).

## 2.2 شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىقلارنى تالان–تاراج قىلىش

خىتاي يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر توك يېتىشمەسلىك كىرىزىسىغا دۇچ كەلدى. 2021-يىلى 10-ئايدا بەزى رايونلاردا زاۋۇت-كارخانىلارنىڭ قوللىنىدىغان ئېنېرگىيە مىقدارىغا چەك قويۇلدى، ھەتتا ئالدىنقى ھەپتە دۆلەتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا توك توختاپ قالدى (Dettmer, 2021). بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرسى، خەلقئارانىڭ بېسىمى بىلەن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىت بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئېغىر تەلەپلەرنى قويغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن خىتايدا ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئېشىپ كەتتى ۋە بىر قىسىم زاۋۇت-كارخانىلىرى تاقىلىپ قالدى. ئېنېرگىيە خىتاينىڭ ھاياتىي جان تومۇرى. ئېنېرگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ بارلىق ئورۇنلارغا، بولۇپمۇ كۆمۈر كان، نېفىتلىكلەرگە بەدىلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بۇ خىتاي كۆمۈر مەنبەئىنىڭ 40% نى، نېفىت-تەبىئىي گاز مەنبەئىنىڭ 22% ئىگىلىگەن شەرقىي تۈركىستاننى ئېخىمۇ تېز تالان-تاراج قىلىمىز، دېگەنلىك بولاتتى. كوممۇنىستىك خىتاي ئارمىيەسى 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دەرھال تەبىئىي بايلىق ئىزدەشكە كىرىشكەن. سۇ ئۇرۇپ ماي چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن مايتاغ 3-نومۇرلۇق قۇدۇقتىن كۈندە 3-5 توننا نېفىت چىقارغاندىن باشلاپ، 1951-يىلى بىر يىلدا جەمئىي 3500 توننا نېفىت ئىشلەپچىقارغان بولسا، 2021-يىلى بىر يىلدا جەمئىي 13مىليون700 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقارغان. خىتاي ھۆكۈمىتى 2050-يىلغا بارغاندا، ۋەتىنىمىزدىن چىقىرىدىغان نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى يەتتە ھەسسە ئاشۇرۇپ 100 مىليون تونىنغا (亿吨新疆) يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى»نىڭ ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتلىرى بويىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى 2019، 2020 ۋە 2021-يىللىق ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرەلەيمىز:

| مەھسۇلات تۈرى | مىقدار بىرلىكى | 2019-يىلى① | | 2020-يىلى② | | 2021-يىلى③ | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مىقدارى | ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا % | مىقدارى | ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا % | مىقدارى | ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا % |
| خام نېفت | مىليون تون | 27.52 | 4.0 | 29.14 | 4.5 | 29.90 | 2.6 |
| كۆمۈر | مىليون تون | 241.65 | 13.2 | 269.65 | 11.6 | 321.4 | 19.2 |
| تەبىئىي گاز | مىليارد كۇب مېتىر | 34.2 | 6.3 | 36.98 | 8.4 | 38.76 | 4.8 |
| ئىشلەنگەن نېفت | مىليون تونىنا | 23.21 | 1.2– | 24.27 | 4.5 | 24.89 | 2.6 |
| توك چىقىرىش | مىليارد كىلوۋات سائەت | 367 | 11.5 | 412.1 | 12.3 | 468.3 | 13.6 |
| ئوغۇت | مىليون تونىنا | 3.06 | 3.6 | 3.18 | 3.9 | 3.60 | 14.6 |
| 10 خىل رەڭلىك مېتال | مىليون تونىنا | 6.19 | 5.2– | 6.13 | 2.1– | 6.40 | 3.6 |
| ئېلېكترولىتلىق ئاليۇمىن | مىليون تونىنا | 5.98 | 5.6– | 5.94 | 2.1– | 6.05 | 1.9 |
| خام پولات | مىليون تونىنا | 12.36 | 5.5 | 13.06 | 3.7 | 12.99 | 0.5– |
| پولات | مىليون تونىنا | 13.68 | 5.4 | 14.20 | 3.5 | 14.67 | 2.0 |
| چويۇن | مىليون تونىنا | 11.70 | 4.4 | 11.58 | 1.1– | 11.47 | 0.9– |
| سېمونت | مىليون تونىنا | 38.90 | 7.4 | 40.25 | 3.4 | 46.48 | 15.0 |

مەنبە: ①«شىنجاڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى 2020» (新统局, 2021
②«شىنجاڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى 2021» (新统局, 2021)
③«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2021-يىلدىكى مىللىي ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستاتىستىكا ئاخباراتى» (新统局, 2022)

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ۋەتىنىمىزدىن ئېلىپ كېتىلگەن پەقەت نېفت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر ۋە ئېلېكترنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 258 مىليارد 927 مىليون 640 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، يەنى بۇ تەخمىنەن 4 مىليون 275 مىڭ كىلوگرام ساپ ئالتۇن دېگەنلىك بولىدۇ. خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى ۋەتىنىمىزدىن تالاپ كەتكەن بايلىقنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى تەخمىنەن ئەڭ ئاز 86 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، يەنى 1.5 مىليون كىلوگرام ساپ ئالتۇندىن ئېشىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار

ختاي ئورگانلىرىنىڭ ئاشكارىلىغان ئۇچۇرلىرى بولۇپ، رېئاللىق بۇنىڭدىن پەرقلىق، يەنى تالان قىلىنغان مىقدار بۇنىڭدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇقەررەر. ۋەتىنىمىزنى تالان قىلىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تۇپراقلىرىمىزنىڭ ختاي شىركەتلىرىگە پارچە پارچە بۆلۈپ ساتقانلىقىنى سىز ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ۋەتىنىمىزدە تالان قىلىش پائالىيىتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاراشلىق «ختاي دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى (China National Petroleum Corporation)» دەك ھەربىي، مۇلكىي گۇرۇھلار ئېلىپ باراتتى. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزگە قارىتا تېخىمۇ چوڭ تالان قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇنىڭغا پۈتۈن ختاي مىللىتىنى شېرىك قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپراق - بايلىقلىرى ختاينىڭ شەخسىي شىركەتلىرىگە كىمئارتۇق سودىسى قىلىپ سېتىلماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىسال كۆرسىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

«خەلقئارا ئېنېرگىيە تورى (国际能源网)» نىڭ خەۋىرى مۇنداق: 2021-يىلى 6-ئىيۇل، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىكى 2021-يىلى شىنجاڭ دايىۋۇ قاتارلىق تۆت نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش ھوقۇقىنى شەخسىي شىركەتلەرگە 699 مىليون خەلق پۇلىغا ساتتى. تەپسىلاتى:

| رەت | بۆلەك | يەر مەيدانى (كۋادرات كىلومېتىر) | كېلىشىم ئەھۋالى | سوممىسى (مىليون خەلق پۇلى) | قازانغان ئورۇن |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | جۇڭغار ئويمانلىقى دايىۋۇ 1- ۋە 2-بۆلەكتىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش | 172.29 | كېلىشىلدى | 179.91 | شىنجاڭ خۇيىڭ كارخانا باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى |
| 2 | جوڭغار ئويمانلىقىدىكى يوڭفېڭ رايونىدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش | 185.07 | كېلىشىلدى | 34.3 | بېيجىڭ شىڭكەي مەبلەغ سېلىش شىركىتى |
| 3 | تارىم ئويمانلىقى كەلپىننىڭ شىمالىدىكى 1- بۆلەك نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش | 2002.54 | كېلىشىلدى | 485.32 | شىنجاڭ خۇيىڭ كارخانا باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى |
|  | تولپام | 2359.9 |  | 699.53 |  |

مەنبە: خەلقئارا ئېنېرگىيە تورى (国际能源网, 2021)

ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىنى بۇ خىل كىمئارتۇق ئۇسۇلى ياكى باشقا يوللار بىلەن بۆلۈپ-بۆلۈپ سېتىش ۋەتىنىمىزگە بولغان تالان-تاراجنى تېزلىتىپلا قالماي، مەلۇم ختاي گۇرۇھى ياكى بىر تۈركۈم ختايلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە كېلىشكە، يەرلىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن خەلقىمىزدىن تۇپراق ۋە بايلىق ئىگىلىك ھوقۇقى تارتىۋېلىنىدۇ ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ختايلىشىشى تېزلىتىلىدۇ.

### 3.2 ختاينىڭ «سەن ئۆل، مەن ياشاي» سۈيىقەستى

بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىنىڭ ئاساسى سانائەت، سانائەت گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى ئېنېرگىيە، ئېنېرگىيەگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مەنبەسى بولسا يېقىلغۇدۇر. ختاي ھۆكۈمىتى زور

ھەجىمدىكى يېقىلغۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە. خىتاينىڭ قېدىرىش، قېزىش، يۆتكەپ كېتىپ مەنپەئەتلىنىش ئېغى 70 يىلدىن بۇيان ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ جەرياندا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ تالان-تاراج قىلىش قارا نىيىتىنى ھەقلىق كۆرسىتىش، ئۆز خەلقىنى روھلاندۇرۇپ، يەرلىك خەلقنى سۈكۈتتە تۇرۇشقا زورلاش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى شۇئارلارنى قوللىنىپ كەلدى:

| 中文 | English | ئۇيغۇرچە |
|---|---|---|
| 开发新疆 | Develop Xinjiang | شىنجاڭنى ئېچىش |
| 对口援疆 | Xinjiang Counterpart Support | شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش |
| 西气东输 | Pipeline Gas East-West | غەربنىڭ گېزىنى شەرققە يۆتكەش |
| 疆电外送 | Power Transmission from Xinjiang | شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش |
| 走煤从空中 | Coal Transmission from the Sky | ھاۋادىن كۆمۈر يۆتكەش |
| 开疆四金 | in Xinjiang Develop Four Gold | شىنجاڭدىكى تۆت ئالتۇننى ئېچىش |

چۈشەندۈرۈش:1، ئىسىم ئەسلى بويىچە شىنجاڭ دەپ ئېلىندى.

2، تۆت ئالتۇن دېگەنلىك : سېرىق ئالتۇن (黄金) . قارا ئالتۇن (黑金) - كۆمۈر. نېفىت؛ ئاق ئالتۇن (白金) - پاختا؛ گاز ئالتۇن (气金)- تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈر گازى.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك بولغان مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرسى، خىتاينىڭ «سەن ئۆل، مەن ياشاي» سىياسىتى بولۇپ، 1964-يىلدىن بېرى ۋەتىنىمىزدە ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىپ، پىلانسىز بوز يەر ئېچىپ سالغان ئېكولوگىيەلىك ۋەيرانچىلىقىغا يەنە بىر يېڭى تۈر قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا قېزىپ چىقارغان كۆمۈر قاتارلىق يېقىلغۇدىن ئېلېكتىر ئىشلەپچىقىرىپ، پاكىز ئېلېكتىرنى خىتاي رايونىغا ئېلىپ كېتىپ، كۆيگەن كۆمۈردىن كېلىپ چىققان مىليونلارچە توننا زەھەرلىك ماددا ۋە كاربون تۆت ئوكسىد $CO_2$ قاتارلىقلارنى ۋەتىنىمىزدە تەبىئەتكە قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. خىتاي رايونىدىكى يۈزدىن ئارتۇق كىچىك تىپتىكى ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇت-كارخانىلارنى تاقىۋېتىپ، خەلقئاراغا «بىز تەبىئەتكە زىيان سالىدىغان كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى ئازايتتۇق» دەپ جار سالغان بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئەمەلىيەتتە ۋەتىنىمىزدە دەل بۇنىڭ تەتۈرىنى قىلىۋاتىدۇ.

كۈنىمىزدىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ



مەنبە: (POWER, 2016)

شوئارى: «ھاۋادىن كۆمۈر يۆتكەش»، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش». بۇ دېگەنلىك، باسقۇچلۇق ھالدا قۇمۇل، جەنۇبىي جۇڭغار (سانجى) ۋە ئىلىدا قۇرۇلغان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىدا كۆمۈرنى يۇقىرى بېسىملىق توكقا ئايلاندۇرۇپ سىم يولى بىلەن خىتاي رايونىغا ئېلىپ كېتىشتىن ئىبارەتتۇر.


### 1.3.2 قۇمۇل-جېڭجۇ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

2012-يىلى 13-ماي ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 2014-يىلى 27-يانۋار تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2210 كىلومېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 23 مىليارد 390 مىليون يۈەن بولغان قۇمۇل—جېڭجۇ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (哈密南-郑州800±千伏特高压直流工程) قۇمۇلدا كۆمۈر كۆيدۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقارغان توكنى جېڭجۇغىچە يەتكۈزىدۇ. نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 100 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش خىتاينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى يىلدا 50 مىليارد كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ 23 مىليون توننا يېقىلغۇ كۆمۈر تەبىئەتكە 40 مىليون توننا كاربون تۆت ئوكسىد ۋە 330،000 توننا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىدۇ(人民网, 2014).

### 2.3.2 سانجى-ئەنخۇي گۇچۈەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

خىتاينىڭ «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» پىلانىنىڭ «يۈرىكى» ھېسابلىنىدىغان سانجى-ئەنخۇي گۇچۈەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (昌吉—古泉1100±千伏特高压直流输电工程)، 2015-يىلى 12-ئايدا تەستىقلىنىپ، 2016-يىلى 1-ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان. گەنسۇ، نىڭشيا، شەنشى، خېنەن، ئەنخۇي قاتارلىق ئالتە ئۆلكىدىن ئۆتىدىغان بۇ لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3304.7 كىلومېتىر، توك بېسىمى ±1100 كىلوۋولت. 2019-يىلى 9-ئايدا پۈتكەن بۇ قۇرۇلۇش، ھەر يىلى شەرقىي خىتايغا 66 مىليارد كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈپ، شەرقىي خىتايدىكى 50 مىليون ئائىلىنىڭ (30 ۋاتلىق لامپۇچكىدىن 400 مىليون دانە ياندۇرغانغا تەڭ) توك ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ 30 مىليون 240 مىڭ توننا يېقىلغۇ كۆمۈر تەبىئەتكە 59 مىليون 400 مىڭ توننا كاربون تۆت ئوكسىد، 157 مىڭ توننا ئازوت ئوكسىد ۋە 149 مىڭ توننا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىدۇ (人民网, 2018).

ئېكراندىن 2022-يىل 1-يانۋار سائەت 0:00 دىن 28-فېۋرال سائەت 24:00




گىچە بولغان ئىككى ئايدا، سانجىدىن شەرقىي خىتايغا 8 مىليارد 375 مىليون كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز (新华网, 2022).

### 3.3.2 ئىلى تېرموئېلېكترىك قۇرۇلۇشى

قۇمۇل، سانجىدىن كېيىن ختاي ھۆكۈمىتى كۆمۈر زاپىسى مول بولغان ئىلى ۋادىسىدا جەمئىي 700 مېگاۋاتلىق توك ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يېڭىدىن ئىككى «ئىلى تېرموئېلېكتىر ئىستانسىسى» (伊犁热电厂) نى 2020-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى ئىشقا كىرىشتۈردى.



700 مېگاۋاتلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن يىللىق 3 مىليون 820 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلىتىلىشى مۆلچەرلەنمەكتە (国能集团, 2020).

## 4.2 ئېنېرگىيە– كۆمۈر : زەھەرلىك ماددا

قىسقىسى، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن ختاي رايونىغا توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 2010-يىلدىكى 3 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن 2021-يىلى 122 مىليارد 364 مىليون كىلوۋات سائەتكە تېز سۈرئەتتە يۇكسىلىپ، توك يەتكۈزۈش مىقدارى 40 ھەسسە ئاشقان. ئۆتكەن 11 يىلدا، ۋەتىنىمىزدىن ختايغا يەتكۈزۈلگەن توكنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 503 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇ ختايدىكى 1 مىليارد 400 مىليون ئاھالىسىنىڭ 156 كۈن ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ (光明日报, 2022). (بۇ يەنە گېرمانىيە ياكى تۈركىيەنىڭ 82 مىليون ئاھالىسىنىڭ 7.3 يىل ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ) . مۆلچەرلىنىشىچە، ختاي ھۆكۈمىتى 2025-يىلغا بارغاندا، ختايغا ئېلىپ كېتىدىغان توك قۇۋۋىتىنى ھازىرقى 18 مىليون 400 مىڭ كىلوۋاتتىن 33 مىليون كىلوۋاتقا يەتكۈزۈشنى پىلانلىماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنىمىزدە قانچىلىك يېقىلغۇ كۆيدۈرۈلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن قانچىلىك زەھەرلىك ماددىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن بىزنىڭ مۇھىتىمىزغا قويۇپ بېرىپ ۋەيرانچىلىق قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس.

ختاينىڭ «جاھانگىرلىك چۈشى»نى رويابقا چىقىرىشى ئۈچۈن تۈگىمەس ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېھتىياجى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ شەرقىي تۈركىستاندا ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە بايلىق قېدىرىشنى تىزلەتمەكتە ۋە يېڭى-يېڭى مەنبەلەرنى ئاچماقتا. مەسىلەن، 2022-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى بىر خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: ئاپتونۇم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى بەش ئورۇننىڭ كان چارلاش ھوقۇقى ۋە ئۈچ ئورۇننىڭ كان ئېچىش ھوقۇقىنى تەستىقلىدى (搜狐, 2022).

ۋەتىنىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ 80 % كۆمۈردىن كېلىدۇ. 2022 - يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى، ئاتالمىش شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، قۇمۇل، سانجى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىدىن ختاي رايونىغا ئەۋەتىلگەن توكنىڭ مىقدارى 10 مىليارد 424 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9 % ئاشقان ۋە بىر ئايدا 10 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئېشىشتەك تارىخىي رېكورت ياراتقان. بۇ 3 مىليون 150 مىڭ توننا يېقىلغۇ كۆمۈر كۆيدۈرۈش ۋە تەبىئەتكە 8 مىليون 510 مىڭ توننا كاربون تۆت ئوكسىد، 26 مىڭ 800 توننا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىد ۋە 23 مىڭ 300 توننا ئازوت ئوكسىد قويۇپ بېرىش بىلەن تەڭ كېلىدۇ ( 国能局, 2022). دېمەك، بېيجىڭ، شاڭخەينىڭ كۆك ئاسمىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۈچۈق ھاۋاسى ۋەتىنىمىزگە قويۇپ بېرىلگەن مىليونلارچە توننا زەھەرلىك ماددىنىڭ بەدىلىگە كېلىدۇ. مۇھىت بۇلغىشى سەۋەب بولغانلىقىدىن ختايدا تاقىلىشقا مەجبۇرلانغان مىڭلىغان زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ

«مەبلەغ سېلىش»، «شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» نىقابى بىلەن، كېرىيەدىن جېمىنەيگىچە يەرلىشىپ جانلىنىپ كەتكەن خىتاي كارخانىلىرى، بۇلار قويۇۋەتكەن زەھەرلىك ماددىلار ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققىدىغان ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەش ئىنساننى ھەقىقەتەن ئېغىر ئەندىشىگە سالىدۇ.

خىتايدا مۇھىت بۇلغىنىش سەۋەبىدىن 2010-يىلى ئەڭ ئاز 1 مىليون 200 مىڭ كىشى ئۆپكە راكىدىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن. كۈنىمىزدە راك كېسەللى «ھاۋانىڭ قىيامىتى»نى كۆرۈۋاتقان بېيجىڭ شەھىرىدىكى 1-نومۇرلۇق ئۆلۈم سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ (纽约时报, 2013). ۋەتىنىمىزدە ئەسلىدىنلا ئاتوم بومبىسى پارتلىتىشتىن كېلىپ چىققان رادىئاتسىيە سەۋەبىدىن راك كېسەللى شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان ئىدى. ئەمدى، خىتاي ھۆكۈمىتى «سەن ئۆل مەن ياشاي» سۈيىقەستى بىلەن ئۆز خەلقىنى پاكىز مۇھىتقا ئېرىشتۈرۈپ، ۋەتىنىمىز مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاپ، خەلقىمىزنى راك، نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدىغان ئۆلۈم يولىغا ھەيدىمەكتە. ۋەتىنىمىز ئۇن يىلغا قالماي راك كېسەللى» ماكانى»غا ئايلىنىشى كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىق.

خىتاينىڭ پاكىستاندا بالۇچلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى تالان قىلىشى، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ھەتتا ئافرىقىدىكى قىلمىشىغا قارايدىغان بولساق، يېقىن ئەتىدىلا ئۇلار دۇچ كېلىدىغان تەقدىرنىڭ بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

خۇلاسىلىساق، 1، ۋەتىنىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىق قىممىتىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كۆنسېرى ئېشىپ بارغانلىقى؛ 2، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىنكى قالدۇق زەھەرلىك ماددىلارنى تۆكىدىغان بىپايان زېمىننىڭ بولۇشى؛ 3، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنى روناق تاپقۇزۇپ، دېموكراتىيە،ئىنسانىي ھەق-ھوقۇق ۋە ئەركىن ياشاشتىن مەھرۇم، مىللىي كىملىكى، مىللىي ئىگىلىگى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى يىمىرىلگەن، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقا ھەقلىرى تارتىۋېلىنغان «ئالتۇن تاۋاقلىق تىلەمچى» بىر خەلقنى بەرپا قىلىۋاتقانلىقى؛ 4، بولۇپمۇ خىتاينىڭ بۇ بۇلاڭ-تالاڭ، خانىۋەيران قىلىش قىلمىشىغا قارشى، بايلىقنىڭ ئەسلى ئىگىلىرىگە غىڭ قىلىش ئىمكانى بەرمەيدىغان بىر سىستېمىنى ئوڭۇشلۇق قۇرۇۋالغانلىقى قاتارلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى»نىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى. خىتاي ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى، قۇدرەت تېپىشى ۋە پاراغىتى ئۈچۈن باشقا بىر مىللەتنى قۇربان قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغانلىقى، ھەر قانداق جىنايەتتىن چېكىنمەيدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيا كۆرۈپ يېتىشى كېرەك. بۇ سۇيىقەستچىگە قارشى بالدۇرراق كۈچلۈك تەدبىر ئېلىش بىزنىڭلا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا كېلەچەك ئەۋلاتلىرىمىز ئۈچۈن ئىشغالچى، زالىم كۈچلەر يوقالغان، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تالان-تاراج بولمىغان گۈزەل بىر دۇنيا ۋە تەرتىپ قالدۇرۇپ قويۇش ئىستىكىمىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

## 3. خىتاي نوپۇسىنىڭ ئەرلىشىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ تاش دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە جىسمانىي كۈچ ۋە باشقا فىزىكىلىك پەرق قاتارلىق سەۋەبلەردىن، ئىش تەقسىماتى تەدرىجىي پەرقلىنىپ، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا بارا-بارا باراۋەرسىزلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى. خىتاي جەمئىيىتىدە كۈڭزىدىن باشلانغان «ئوغۇللار ئەزىز، قىزلار خار» چۈشەنچىسى، بولۇپمۇ خىتايدىكى ئەرنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نەسەبىنى داۋام قىلدۇرۇش ئادىتى، ئەر ۋە ئايالدىكى باراۋەرسىزلىكنى باشقا بىر سەۋىيەگە - ئىنسانىيەتكە بالا بولۇش سەۋىيەسىگە ئېلىپ كەلدى. تۆۋەندە بۇ مەزمۇندا تەپسىلىي توختىلىمەن.

### 1.3 «قىزلار خار، ئۆلۈمگە لايىق» ئىدىيەسىنىڭ

## جىنايەتلىرى


بىرىنچى خەۋەر: جىلىن ئۆلكىسىدە 2020-يىلى27- نويابىر 38 ياشلىق بىر ئايال يېڭى تۇغقان قىز بوۋىقىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى پىلاستىر بىلەن چاپلاپ بوغۇپ ئۆلتۈردى (新浪, 2021).

ئىككىنچى خەۋەر: خېفېي شەھىرىدە،دوختۇرلۇق قىلىش سالاھىيىتى يوق ليۇ ۋە ۋۇ قاتارلىق ئالتە كىشىلىك شايكا، تۆرەلمىنىڭ جىنسىگە قاراپ 29 قىز بوۋاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ چۈشۈرۈپ تاشلىۋەتكەن (万家, 2012).

ئۈچىنچى خەۋەر: جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنتوڭ شەھىرىدە، 2015-يىلى 20-نويابىر كۈنى، كېلىنىنىڭ قىز تۇغقانلىقىدىن غەزەپلەنگەن موماي تۆت كۈنلۈك قىز نەۋرىسىنىڭ بېشىغا دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە جەسىتىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى (搜狐, 2016).

تۆتىنچى خەۋەر: نەنچاڭ شەھىرى شىنجيەن ناھىيەسىدە 2013-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى تۆت ۋە ئىككى ياشلىق ئاچا-سىڭىل كىرئالغۇ ماشىنىسىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى (百科, 2022).

بۇلار ئىككى مىڭ يىللىق «قىزلار خار، ئۆلۈمگە لايىق» چۈشەنچىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان خىتاي ئىدىيەسىنىڭ زامانىۋى دەۋردىكى ئەڭ ئاددىي نامايەندىسى. يېقىن تارىخقا قارايدىغان بولساق ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. تۆۋەندىكى رەسىم خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدە 115 يىل بۇرۇن تارتىلغان «قىز كۆيدۈرۈش مۇنارى» (婴儿塔).




بۇ مۇنار (تېخىمۇ توغرىسى خۇمدان دەپ ئاتاش مۇۋاپىق) خىتايلار ياشىغان رايونلاردا ھازىرمۇ خارابىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان يۈزلەرچە خۇمداننىڭ بىر ۋەكىلى. خۇمداننىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا «قىز جەستى»(女孩尸) دەپ يېزىلغان بولۇپ، سول تەرەپتىكى كۆزنەكتەك كۆرۈنگەن تۆشۈك قىز بوۋاقلارنى تىرىك ياكى ئۆلۈك ھالدا خۇمداننىڭ ئىچىگە ئېتىۋېتىدىغان ئېغىز. ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى، كۆيدۈرگىچە بولغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بۇ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنى ھاشارەتلەر يەيدۇ (网易, 2020).

خىتاي تارىخىدا «خار قىز»نى يوق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئىچىدە «سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش»، »ئورمانلىققا تاشلىۋېتىش» ۋە «ۋەھشى ھايۋانغا يەم قىلىۋېتىش» ئەڭ مەشھۇرلىرى بولسا، 21-ئەسىردە قىزلارنى غايىب قىلىۋېتىش ئەڭ مەشھۇر ھەم «ئۈنۈملۈك» چارە بولماقتا.

نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى نوپۇس ۋە تەرەققىيات ئىنستىتۇتىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: 2000-يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، خىتايدا 0~17 ياشقىچە بولغان «غايىب بولغان قىزلار» (消失女孩 Missing Girls) نىڭ سانى 11 مىليون 945 مىڭ ، يوقاپ كېتىش نىسبىتى6.8% گە يېتىپ، يوقاپ كەتكەن قىزلار مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. ھەر ياش گۇرۇپپىسىنىڭ يوقاپ كېتىش نىسبىتىدىن قارىغاندا، 0 ~ 6 ياشقىچە غايىب بولغانلارنىڭ نىسبىتى ئادەتتە 10% تىن يۇقىرى، بىر ياشقىچە بولغان قىزلارنىڭ غايىب بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 14.4% كە يېتىدۇ (胡耀岭, 2010). يەنى بىر مىليون 720 مىڭ يېشىغا توشمىغان قىز بوۋاق بىر يىلدا «غايىب بولغان».

خىتاينىڭ نوپۇس ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، قىزلارنىڭ «غايىب بولۇشى» نىڭ ئۈچ ئاساسلىق جەريانى بار:

بىرىنچىسى، تۇغۇتتىن ئىلگىرىلا قىز ھامىلىنىڭ غايىب قىلىنىۋېتىلىشى

مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلارغا نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بەزى جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپمۇ بەردى. B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى، خورون داچىسىنى تەكشۈرۈش، ئاممىياك خالتىسىنى تەكشۈرۈش ياكى باشقا تېخنىكىلار ھامىلىنىڭ جىنسىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بۇ ئەۋزەللىك ۋىجدانسىز ئاتا-ئانىلارنىڭ «كېرەكسىز قىز»نى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشىغا ھەسسە قوشىدۇ. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1971-يىلدىن 2012-يىلغىچە، خىتايدىكى بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنىڭ ئومۇمىي سانى 270 مىليون بولغان. دۆلەتلىك سەھىيە كومىتېتى تۈزگەن ۋە ئېلان قىلغان «خىتاي ساغلاملىق ستاتىستىكا يىلنامىسى» (2020) غا ئاساسلانغاندا، 2019-يىلى بىر يىل ئىچىدە خىتايدىكى بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى 9 مىليون 762 مىڭغا يەتكەن (国健委, 2021). دۆلەت تەرىپىدىن تىزىملانمىغان قانۇنسىز ئوپېراتسىيە، دورا بىلەن ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن چۈشۈرۈلگەن قىز بوۋاقلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ.

ئىككىنچى، تۇغۇتتىن كېيىنكى غايىب بولۇش

قىز بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن سۇدا تۇنجۇقتۇرۇش، نامەلۇم جايغا تاشلىۋېتىش ۋە تۇغۇتتىن كېيىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قىز ئەتكەسچىلىرىگە سېتىۋېتىش ياكى بېرىۋېتىش، شۇنداقلا ئېمىتىش، ئوزۇقلىنىش ۋە داۋالاشنى قىسىش ئارقىلىق كېسەل قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچىسى، «يالغان» غايىب بولۇش

خىتايغا خاس بۇ سەۋەبتە، خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئائىلىلەر تېخىمۇ كۆپ بالا ياكى ئوغۇل تۇغۇش ئۈچۈن يېڭى تۇغۇلغان قىزلىرىنى يوشۇرىدۇ ياكى نوپۇسقا تىزىملاتمايدۇ. بۇ قىزلار ئەمەلىيەتتە رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت، ئەمما ستاتىستىكىدا «يوقىلىدۇ».

## 2.3 خىتايدىكى»ئوغۇل ئەزىز» ئىدىيەسىنىڭ ئاقىۋىتى

نوپۇسشۇناسلىق ئىلمى بويىچە جىنس نىسبىتى دېگەنلىك، بىر جەمئىيەت ياكى دۆلەتتىكى ھەر 100 ئايالنىڭ سانىغا توغرا كەلگەن ئەرلەرنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ. بىئولوگىيەلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نورمال شارائىتتا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى 100: 100 گە يېقىنلىشىشى كېرەك. ستاتىستىكا ۋە نوپۇس نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۇغۇلۇشتىكى جىنس نىسبىتى ئارىسىدىكى پەرق 100: 107 دىن ئېشىپ كەتمىسە نورمال ھېسابلىنىدۇ. بۇ نىسبەت بۇزۇلغان ئەھۋالدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ئاتالمىش «تەبىئىي» سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. «دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (The World Factbook) نىڭ 2020-يىللىق دوكلاتىغا ئاساسەن، تۆۋەندە بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئەڭ يېڭى جىنس نىسبىتىگە قاراپ چىقايلى (CIA, 2020).


بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ياش گۇرۇپپىسى بويىچە جىنس نىسبىتى

ھەر 100 ئاياللغا توغرا كېلىدىغان ئەر

| دۆلەت / رايون | تۇغۇلغاندا | 14–0 ياش | 24–15 ياش | 54–25 ياش | 64–55 ياش | 65تىن ئۈستى | تۇپلام |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۇنيا | 107 | 107 | 107 | 103 | 96 | 81 | 102 |
| ياۋروپا ئىتتىپاقى | 106 | 105 | 105 | 101 | 95 | 75 | 95 |
| ئامېرىكا | 105 | 104 | 104 | 101 | 94 | 81 | 97 |
| خىتاي | **111** | **116** | **117** | 105 | 102 | 90 | 106 |

*(The World Factbook ،2020 estimates)*

جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، 0 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان گۇرۇپپىلاردا خىتاي نوپۇسى دۇنيانىڭ جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭلۇقىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن. دۇنيا بانكىسىنىڭ 2021-يىلى 8-سېنتەبىر ئېلان قىلغان «2019-يىللىق دۇنيا نوپۇسىغا نەزەر» ناملىق دوكلاتىدا، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتىنى مۇنداق خەرىتىلەشتۈرگەن (WorldBank, 2021):




*World Bank / World Population Prospects 2019 / 08 Sep 2021*

دۇنيا بانكىسى دوكلاتىنىڭ تەپسىلاتىدا خىتايدىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى 111:100 ۋە 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان گۇرۇپپىنىڭ 114:100 ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ (CIA) دوكلاتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.


«دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (The World Factbook) نىڭ 2022-يىللىق خىتاي بۆلۈمىدىكى دوكلاتىدا، ھەر قايسى ياش گۇرۇپپىلىرىدىكى ئايال ۋە ئەر نوپۇس سانىدىكى پەرقنى مۇنداق كۆرسەتكەن (CIA, 2022).

خىتاينىڭ ياش قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن جىنس پەرقى

| ياش ئارىسى | ئومۇمىي نوپۇستىكى پىرسەنتى % | ئەر | ئايال | پەرق (ئوشۇقلۇق) |
|---|---|---|---|---|
| 0-14 ياش | 17,29 | 129.296.339 | 111.782.427 | 17.513.912 |
| 15-24 ياش | 11,48 | 86.129.841 | 73.876.148 | 12.253.693 |
| 25-54 ياش | 46,81 | 333.789.731 | 318.711.557 | 15.078.174 |
| 55-64 ياش | 12,08 | 84.827.645 | 83.557.507 | 1.270.138 |
| 65 ياش ۋە ئۈستى | 12,34 | 81.586.490 | 90.458.292 | -8.871.802 |
| تولپام | 100 | 715.630.046 | 678.385.931 | 37.244.115 |

بۇ مەلۇماتتىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، 2021-يىلى خىتايدا پۈتۈن ياش گۇرۇپپىلىرى بويىچە 37 مىليون 244 مىڭ 115 ئەر ئوشۇق بولۇپ، 0 ياشتىن 64 ياش ئارىسىدىكى ئەرلەر نوپۇسى ئاياللارنىڭكىدىن 46 مىليون 115 مىڭ 917 كىشى ئارتۇق.

بۇ مەلۇماتنى تېخىمۇ ئېچكىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرگىنىمىزدە، خىتايدىكى جىنس نىسبىتى پەرقىنىڭ قايسى يىللارغا نەچچىلىك ۋە قايسى رايونلاردا قانچىلىك يېيىلغانلىقىنى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى» نىڭ «خىتاي سىياسىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ناملىق يۈرۈشلۈك دوكلاتىدىن كۆرەلەيمىز. نوپۇس فوندىنىڭ 2018-يىل 1-ئايدا ئېنگلىزچە ئېلان قىلغان «خىتايدىكى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتىنىڭ نورماللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى» (Towards a normal sex ratio at birth in China) (UNFPA, 2018) ناملىق دوكلاتىدا خىتاينىڭ 1970-يىلدىن بۇيانقى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتى تۆۋەندىكىچە ستاتىستىكا قىلىنغان:





تۇغۇلۇشتىكى جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى خىتايدا 1990-يىلىلا باشلانغان بولۇپ، 2004-يىلى 121.18 بولۇش بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان. خىتاينىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى رايونلاردىكى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتىنى

تۆۋەندىكى خەرىتىدىن كۆرەلەيمىز:

خىتاينىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى بۆلگىلەردىكى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتى

Sex Ratio at Birth in China by provinces, in 1982, 1990, 2000 and 2010




Source: China population censuses in 1982, 1990, 2000 and 2010

جۇغراپىيەلىك تارقىلىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەنخۇي، خېنەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەردە تۇنجى قېتىم جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىزلىقى كۆرۈلگەن بولسا، 2010- يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تەڭپۇڭسىزلىق پۈتۈن خىتاي رايونىغا يېيىلغان. بولۇپمۇ خىتاينىڭ خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ، شەنشى قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئەڭ خەتەرلىك سەۋىيەگە يەتكەن. شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت رايونىدا تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتىنىڭ ئىزچىل نورمال سەۋىيەدە بولۇشى ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر.

ئەنگلىيە تېببىي ژۇرنىلى 2009 - يىلى ئېلان قىلغان تەتقىقات سانلىق مەلۇماتلىرىدا، خىتايدىكى نۆل ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان نوپۇسنىڭ جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىزلىقى كۆرسىتىلگەن. 100 قىز نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئوغۇل نوپۇس سانى جياڭشىدا 143، خېنەندە 142، ئەنخۇيدە 138، خەينەندە 134، خۇنەندە 133 بويىچە تىزىلغان بولسا، شەرقىي تۈركىستان 106 ۋە تىبەت 105 دەپ ئېپادىلەنگەن (维基百科, 2011) . بۇ تەرەپتە ئەڭ كونترولدىن چىققان ئورۇن شۈجۇ(徐州) شەھىرى بولۇپ، 2005- يىلى 8- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شۈجۇ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەمىنلىگەن ئائىلە تىزىملاش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا 0 ياشلىق گۈرۈپپىنىڭ جىنس نىسبىتى 172.44 گە يەتكەن ( 网易, 2022).

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى»نىڭ 2018- يىللىق «جىنس تەڭپۇڭسىزلىقى تەسىرىدىكى خىتاي- ۋېيتنام چېگرا ھالقىغان نىكاھ تەتقىقاتى: خىتاي تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا خىتاينىڭ بەزى رايونىدىكى جىنس نىسبىتىنىڭ پەرقى مۇنداق كۆرسىتىلگەن: خېبېيدا، 20 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان تويى قىلىش گۈرۈپپىسىدا نىسبەت 147.6 كە يەتكەن بولۇپ، ياش گۈرۈپپىسىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ، 25 ياشتىن 29 ياشقىچە بولغانلار 171.25 كە، 30 ياشتىن 34 ياشقىچە 248.16 كە يەتكەن. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا، جىنس

نىسبىتى 20 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى 158.73 دىن، 30 ياشتىن 34 ياشقىچە بولغان كىشىلەر گۇرۇپپىسىدىكى 414.15 كە ئۆرلىگەن (UNFPA, 2018).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار چەتئەلدىكى نوپۇزلۇق ئورگانلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار بولۇپ، خىتاي ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2021-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى ئېلان قىلغان «يەتتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈش» تە توپلانغان ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلىرىدا، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ جىنس نىسبىتى مۇنداق كۆرسىتىلگەن: ئەرلەرنىڭ نوپۇسى 723 مىليون 340 مىڭ بولۇپ، %51.24 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاياللار نوپۇسى 688 مىليون 440 مىڭ بولۇپ، % 48.76 نى ئىگىلىگەن. يەنى 2020-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلانغان بۇ تەكشۈرۈشتە خىتاي ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا 34 مىليون 900 مىڭ كىشى ئوشۇق بولغان (国统局, 2021). 2010-يىلدىكى << ئالتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش>> تە ئەرلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىليون 847 مىڭ ئارتۇق ئىدى. يەنى بۇ ئون يىل ئىچىدە ئەرلەرنىڭ نوپۇسى يەنە 3 مىليون 53 مىڭ كىشى كۆپەيگەن. دېمەك، خىتاي نوپۇسىدىكى ئوشۇق ئەرلەرنىڭ سانى پۈتۈن كانادانىڭ 2022-يىللىق نوپۇسىغا تەڭ كېلىدۇ.

خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى 40 يىلدىن بۇيان بۇ تەڭپۇڭسىزلىققا قارشى نېمە ئۈچۈن جىددىي تەدبىر قوللانمىدى؟ كېلەچەكتىكى خەتەرنى بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمدىمۇ؟ مەنچە، ھەر خىل يوللار بىلەن قىزلارنى «غايىپ» قىلىپ، ئەرلەشكەن نوپۇس قۇرۇلمىسىنى پەيدا قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزگەن جىنس قىرغىنچىلىقى (Gendercide) جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتىلىشى كېرەك .

### 3.3 خىتايدىكى ئوشۇق ئەر بويتاقلار ۋە «سىياسىي» نىكاھ

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، توي قىلىش يېشى 49-20 ياش ئارىلىقى بولۇپ، بۇ ياش ئارىلىقىدىكى كىشى قانۇن بويىچە بويتاق ھېسابلىنىدۇ ۋە بىر يات جىنس بىلەن توي قىلىشى كېرەك. قانۇن بويىچە ئەڭ كىچىك توي قىلىش يېشى دۆلەتلەردە ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن: نېپالدا قىز ۋە ئوغۇلنىڭ ئەڭ كىچىك توي قىلىش يېشى 15 ياش دەپ بېكىتىلگەن بولسا، خىتايدا قىز 20 ياشنى، ئوغۇل 22 ياشنى تولدۇرۇشى كېرەك دەپ بېكىتىلگەن. ئەمما، نوپۇستىكى جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىزلىقى سەۋەبىدىن، خىتايدا بىرىنچى تويىنى قىلىش يېشى ئوتتۇرىچە 27.8 ياش بولغان. ئۆمۈر بويى توي قىلالمايدىغان بويتاقلار بۇنىڭ سىرتىدا.

خىتايدىكى ئوشۇق بويتاق ئەرلەرنىڭ ياش گۇرۇپپىسى ۋە نوپۇس سانى ھەققىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نوپۇس تەتقىقات ئورنىنىڭ پىروفېسسورى مۇ گۇاڭزوڭ (穆光宗) تۈۋەندىكىچە ستاتىستىكا قىلىپ چىققان (穆光宗, 2021).


| بويتاق تۈرى | تۇغۇلغان يىل دەۋرى | تەخمىنەن سانى |
|---|---|---|
| زاپاس بويتاق | 2010-يىلدىن كېيىن | 11 مىليون 912 مىڭ |
| ياش بويتاق | 2000-يىلدىن كېيىن | 13 مىليون 16 مىڭ |
| بويتاق | 1990-يىلدىن كېيىن | 10 مىليون 124 مىڭ |
| چوڭ بويتاق | 1980-يىلدىن كېيىن | 1 مىليون 386 مىڭ |

«يەتتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش» سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن

ھېسابلانغان بۇ ستاتىستىكا بويىچە، 2020-يىلى خىتايدىكى ئوشۇق ئەر نوپۇسىنىڭ سانى جەمئىي 36 مىليون 438 مىڭ. دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى فۇ لىڭخۇي(付凌晖) 2021-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: بۇ 30 مىليوندىن ئارتۇق بويتاق ئەرلەر ئوخشىمىغان ياش گۇرۇپپىسىغا تارقىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان بويتاق ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللاردىن 17 مىليون 520 مىڭ ئوشۇق (人民网, 2021). بۇ جۈملە سۆزنى ئۇنۇتماڭ: بۈگۈن خىتاي ھۆكۈمىتى جىددىي ھالدا خوتۇن تېپىپ بېرىشى كېرەك بولغان 17 مىليوندىن ئارتۇق ئوشۇق بويتاق خىتاي ئەرلىرى بار. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى(Human Rights Watch ) 2019-يىللىق دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا خىتاي ۋە ھىندىستان نوپۇسىنىڭ ئەرلىشىپ كېتىشىنى مۇنۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ: «ئىنسانىيەت تارىخىدا بۇخىل ھادىسە كۆرۈلۈپ باقمىغان(Nothing like this has happened in human history)» ((HRW, 2019). بۇ ساننىڭ ھەر يىلى تەخمىنەن بىر مىليون 150 مىڭدىن ئېشىپ بارىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ئالدىمىزدىكى يىللاردە ۋەزىيەت تېخىمۇ خەتەرلىك ھالەتكە كېلىدۇ. يەنى جىددىي خوتۇن ئېلىش ئېھتىياجى بولغان ئوشۇق بويتاق خىتاي ئەرنىڭ سانى 2030-يىلدا 27 مىليون 870 مىڭ بولسا، 2040 -يىلغا بارغاندا 39 مىليون 370 مىڭغا يېتىدۇ. ئالدىمىزدىكى 20 يىل دۇنيادا ئوشۇق بويتاق ئەر ئەڭ كۆپ جۇغلىنىپ قالغان قورقۇنچلۇق يىللار بولىدۇ. فىرانسىيەلىك نوپۇسشۇناس كىرىستوف گىلموتو(Christophe Guilmoto)نىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2050-يىلغا بارغاندا، خىتاينىڭ نىكاھ بازىرىدىكى ھەر 100 ئايال ئۈچۈن توغرا كېلىدىغان ئەرلەرنىڭ سانى 150 دىن 190 گىچە بولۇشى مۇمكىن (Denyer & Gowen , 2018). (بۇنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېقىن كەلگۈسىدە ئەڭ خەتەرلىك تەھدىت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بەكمۇ مۇھىم).

### 1.3.3 خىتاي رايوندىن خوتۇن ئېلىش- ئايغا چىقىشتىن قىيىن

ھېچكىمنىڭ بېسىمى بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توي قىلىپ جۈرلۈك بولۇش قۇرامىغا يەتكەن ھەر بىر ئەر ۋە ئايالنىڭ تەبىئىي ھەققى. بۇ ھەقنىڭ قوغدىلىشى بىر مىللەت ياكى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلەشكەنلىكىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىپادىسىدۇر. لېكىن جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىزلىقى سەۋەبىدىن خىتايدا ئەھۋال باشقىچە.



جياڭسۇ ئۆلكىسى شۈجۇ شەھىرى پېچېڭ بازىرىدا 2022-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى لايىق تونۇشتۇرۇش ئۇچرىششى بولغان. ئۇچرىششقا لايىق تېپىش ئارزۇسى بىلەن 100 دىن ئارتۇق ئوغۇل كەلگەن بولسا، قىزلاردىن پەقەت بەش كىشىلا كەلگەن (网易, 2022). كۆرۈنۈشنى تۆۋەندىكى باغلىنىشتىن كۆرەلەيسىز: https://youtu.be/hjQB97MwGbY بۇ كۆرۈنۈش ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغاندىن كېيىن پۈتۈن تېلېۋىزور قاناللىرىدا خەۋەر بولغان ۋە بۇ ھادىسە خىتايدا ئۇزۇن ۋاقىت غۇلغۇلا قوزغىغان.

خىتاي رايونىدا بويتاق ئەرنىڭ لايىق تېپىشى، لايىق تاپقاندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ ئەر تەرەپكە ئۆي، ماشىنا دېگەندەك ئېغىر شەرتلەرنى قويۇشى سەۋەبىدىن، توي قىلىش ئايغا چىقىشتىنمۇ قىيىن بولماقتا. نورمال بىلگىنىمىزنىڭ تەتۈرىسىچە، قىزلار ئەرلەرنى تاللاپ-شاللايدىغان، يەنى قىزلار «ئەر ئالىدىغان» يېڭى سۆز ۋە ئىبارە (女娶男嫁) ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاي يېزىلىرىدىكى قىزلارنىڭ ئوقۇش ۋە ئىش پۇرسىتىنى قوغلىشىپ شەھەرلەرگە «كۆچۈشى»، توي قىلىشتا كۆزىنى سەل ئوقۇغان، ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ئورنى بار ئەرلەرگە تىكىشى يېزىلاردىكى بويتاق ئەرلەرنىڭ توي قىلىش ئارزۇسىنى بىتچىت قىلىدۇ. ئوشۇق ئەرلەرنى ئۆيلۈك قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ھەل قىلىمىسا بولمايدىغان جىددىي مەسىلە ھالىغا كەلمەكتە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى ماكان ۋە يېڭى «خوتۇن» مەنبەسىگە ئېھتىياج تۇغۇلماقتا. «تىبەت تاغلىق رايون، ئەرلەر تۇرماس؛ ئىچكى موڭغۇل بولسا يايلاق، ئەرلەر ياشىماس» مەنتىقى بىلەن، بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شۇم كۆزىنى شەرقىي تۈركىستانغا تىكتى. مەقسىتىگە تېزراق يېتىش، قىلمىشىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن يېڭى «سىياسەت»لەر ئويدۇرۇپ چىقاردى ۋە ئەمەلىلەشتۈردى.

### 2.3.3 شەرقىي تۈركىستاندا «سىياسىي» نىكاھ

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بىپايان، مۇنبەت ۋە تېگى-تېشى ئالتۇن بولغان گۆھەر زېمىن بولۇپلا قالماي، مىجەزى ۋە ئەخلاقى ئېسىل، ئەقىللىق ۋە ئىشچان بىر خەلق ياشايدىغان مۇقەددەس ماكان. 3000 يىللىق تارىخىدا نۇرغۇنلىغان شانلىق خانلىق، دۆلەتلەر ۋە ساناقسىز قانلىق ئۇرۇشلارغا سەھنە بولغان بۇ تۇپراق، چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، 1884-يىلى 18- نويابىر كۈنى مانجۇ ئىمپېراتورىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامى شىنجاڭ (يېڭى زېمىن) دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىلىدۇ ۋە شۇ زاماندىكى خىتاينىڭ 19 - ئۆلكىسى سۈپىتىدە بىۋاسىتە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىغا باغلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايدىن ئىبارەت بۇ يات مىللەتنى كۆرۈش، تونۇش، بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش بىلەن ئۆتكەن بۇ 138 يىللىق تارىختا، خەلقىمىز خىتاينىڭ ھەم سىياسىي، ھەم مىللىي ۋە دىنىي دۈشمەنىمىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ تارىخىي تاجاۋۇزچى دۈشمىنىمىزگە قارشى، ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ۋە ھۆرىيىتى ئۈچۈن تىنىمسىز ئىنقىلاب قىلغان، مىليونلىغان شېھىت بەرگەن خەلقىمىز، ھېلىھەم كۈرەشنى داۋام قىلماقتا ۋە بۇ كۈرەشنى ئاخىرقى نىشانىغا يەتمىگىچە توختاتمايدۇ.

1988-يىلى 6- ئاينىڭ 15-كۈنى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئوغۇللار ھاجەتخانىسى ئىشىكىگە نامەلۇم خىتايلار تەرىپىدىن چوڭ خەتلىك قىلىپ خىتاي تىلىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل، ئاياللىرىنى پاھىشە قىلىمىز! چوشقىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھاجەتخانىغا كىرىشى بىردەك مەنئى قىلىنىدۇ» (把维族男人当奴，女人当妓!禁止猪和维吾尔人进入厕所) دېگەن ھاقارەتلىك شوئار يېزىلغان (ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى, 2013). بۇ خىتاي بىلەن بولغان مىللىي كۈرەشىمىزنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. گەرچە دولقۇن ئەيسا، ۋارىس ئابابەكرى، ئەركىن روزى باشچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تارىخىمىزدىكى «15-ئىيۇن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى»

نى قوزغاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە «دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك «شوئارى بىلەن ۋاقتىدا ۋە كەسكىن جاۋاپ بەرگەن، سۈنماس مىللىي روھىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئۇچۇق نامايەندە قىلغان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزنى «قول ۋە دېدەك» قىلىش قارا نىيىتىدىن يانمىدى.

ئەسكەر، ئاققۇن، قاچقۇن، پالاندى، تىجارەتچى ياكى جىنايەتچى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن 1870 - يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزگە مىليونلارچە خىتاي كۆچمەن كەلدى ۋە يەرلەشتى. بۇ كەلگۈندىلەرنىڭ 80% ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى (دېموگرافىيەسى) نى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان ئىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق ۋە كۆلەملىك ھالدا ۋەتىنىمىزگە كۆچۈرگەن خىتاي سانى 1958 - يىلى 2 مىليون؛ 1966 - يىلى 129 مىڭ؛ 1995 - دىن 2000 - يىلغىچە 950 مىڭغا يەتكەن (李晓霞, 2017). يېقىن تارىخقا قارىساق بۇ بۇزۇلۇش تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەن. ئاۋىستىرالىيەدىكى تەتقىقاتچىمىز بىلال نىزام «شەرقىي تۈركىستان نوپۇس جۇغراپىيەسى» ناملىق كىتاۋىدا ۋەتىنىمىزدىكى جىنس نىسبىتىنىڭ تەگپۇڭسىزلىقىنى مۇنداق ستاتىستىكا قىلىپ چىققان (نىزام, 2021) :

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ئەر-ئايال قۇرۇلمىسى (ئايال : 100)

| | 1990 | | 2010 | |
|---|---|---|---|---|
| | تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئەر-ئايال نىسبىتى | ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئەر-ئايال نىسبىتى | تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئەر-ئايال نىسبىتى | ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئەر-ئايال نىسبىتى |
| شەرقىي تۈركىستان | 104.63 | 106.67 | 106.54 | 106.88 |
| ئۇيغۇر | 103.43 | 104.43 | 105.29 | 102.57 |
| خىتاي | 107.60 | 110.31 | 110.76 | 112.48 |
| قازاق | 106.02 | 104.91 | 105.12 | 104.73 |
| تۇڭگان | 106.61 | 105.18 | 98.79 | 106.11 |

1990 - ۋە 2010 يىللىق «(ئاتالمىش) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» نى مەنبە قىلغان بۇ تەتقىقاتقا قارىغاندا، ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي مىللىتىنىڭ جىنس نىسبىتى خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە جىنس نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان. بۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلىغان مەلۇماتى بولۇپ، بۇنىڭغا ۋەتىنىمىزگە كېلىپ يەرلەشكەن، ئەمما نوپۇسى تىزىملانمىغان قاچقۇن، ئارتۇق تۇغۇش ئۈچۈن قاچقان، پىلانسىز كۆچمەن ۋە ئىچكىرىدىن پالانغان مەھبۇسلارنى قوشساق تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 2016-يىلدىن باشلاپ ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى «مىللىي قىرغىنچىلىق»نىڭ باشلىنىش مەزگىلىگە كىرگەن بولۇپ، خىتاي مەنبەلىرى تارقاتقان بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى ئىشەنچلىك كۆرمىدىم.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئۇزۇن يىل كۆپ تەرەپتىن ئىزدىنىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2013 - يىلدىكى نوپۇسى 18,838,470 (ئون سەككىز مىليون سەككىز يۈز ئوتتۇز سەككىز مىڭ تۆت يۈز يەتمىش) بولۇپ، 2018 - يىلدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئۇيغۇر نوپۇسىنى تەخمىنەن 20 مىليون» دەپ بېكىتىشنى

ئوتتۇرىغا قويدى. (ئاكادېمىيە, 2022). يېڭى ئېلان قىلىنغان «خىتاينىڭ 2021-يىللىق ستاتىستىكا يىلنامىسى» (2021年统计年鉴) دا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى نىسبىتى 49.65% دەپ كۆرسىتىلگەن (国家统计局, 2022). بۇ نىسبەت بويىچە ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 9 مىليون 930 مىڭ. مەركىزى گېرمانىيەدە بولغان «City Population» (شەھەر ئاھالىسى) تەتقىقات قۇرۇلۇشىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بويىچە، ۋەتىنىمىزدىكى 20 ياشتىن 39 ياشقىچە بولغان ياش گۈرۈپپىسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى 01.33% (CityPopulation, 2022). دېمەك، ۋەتىنىمىزدىكى توي قىلىشقا ئۇيغۇن 20~39 ياش ئارىسى ئاياللارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 3 مىليون 277 مىڭ. بۇنىڭغا قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت توي قىلىشقا مۇۋاپىق ئاياللارنى قوشقاندا تەخمىنەن 4 مىليوندىن ئاشىدۇ. بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئوشۇق 17 مىليون خىتاي بويتاق ئەرلىرى ئۈچۈن مۇشۇ 4 مىليوندىن ئاشىدىغان خانىم-قىزلىرىمىزغا كۆز تىكىشى ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارا» سى بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.



خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىپ ئۆيلۈك بولۇش سىياسىي دۆشمەنلىك (چۈنكى ئۇ ئىشغالچى)، مىللىي ئۆچمەنلىك (چۈنكى ئۇ ئەجدات قاتىلى)، ئېتىقاد زىتلىقى (چۈنكى ئۇ كاپىر)، مەدەنىيەت ماسلاشماسلىق (چۈنكى ئۇ ئىت-چوشقا يەيدۇ) ۋە ئۆرپە-ئادەتكە سىغماسلىق (چۈنكى ئۇ مەينەت) نۇقتىسىدىن خەلقىمىز تارىختىن بېرى قوبۇل قىلمىغان ۋە چىش-تىرنىقىدىن قارشى تۇرۇپ كەلگەن بىر رېئاللىق. خانىم-قىزلىرىمىز شۇنچىلىك ئىپپەتلىك ۋە غورۇرلۇقكى، خىتايغا قارشى مىللەتچە كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئىپارخاندىن نۇزۇگۇمغىچە نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىز شانلىق داستان يازغان ئىدى. 1931-يىلىدىكى قومۇل ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەمۇ ئەسلىدە جاڭ گوخۇ ئىسىملىك بىر خىتاينىڭ ئاراتۈركلۈك ئابدۇنىياز مىرابنىڭ «گۈلخان» ئىسىملىك قىزىنى زورلاپ نىكاھىغا ئېلىشقا ئۇرۇنىشى ئىدى. غورۇرلۇق دادا يېقىن دوستلىرىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن جاڭ گوخۇنى ۋە ئەتراپىدىكى 32 خىتاينى نەق مەيداندا يەر چىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ ئاتەشلىنىدۇ.

كۈنىمىزدىمۇ ئىپارخان مىسالى خانىم - قىزلىرىمىز، ئابدۇنىياز مىرابتەك ئەرلىرىمىز مۆلچەرلىگۈسىز بەدەل بەرمەكتە.

2000-يىلى 5-قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە خىتايلارنىڭ نىكاھلىنىش نىسبىتى0.62%، قازاق بىلەن خىتايلارنىڭ نىكاھلىنىش نىسبىتى0.21% بولغان. قازاقلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى % 2.21، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى 1.05% بولغان. بۇ خىتايدىكى 56 مىللەت ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن نىسبەت ھېسابلىنىدۇ (百科, 2015). خىتاي بىلەن توي قىلىشقا قارشى بۇ «قاتتىق» تارىخىي پوزىتسىيەنى يۇمشىتىش، ھەتتا تىركىشىشىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭ دائىرىلىرى كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ ۋە ھىيلە -مىكىرگە تولغان زوراۋانچە سۇيىقەستلىك پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

## بىرىنچى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەرلەرنى يوقۇتۇش پىلانى

بىر مىللەتنىڭ خانىم-قىزلىرىغا باش پاناھ بولىدىغان، ئىگە چىقىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان شۇ مىللەتنىڭ ئەركەكلىرى. ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توساق - ئۇيغۇر ئەرلىرى. بۇ توساقنى يوقاتماي تۇرۇپ مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلغان خىتاي دائىرىلىرى، 2016 -يىلىدىن باشلاپ مىڭ بىر خىل «جىنايەت» بىلەن ئەرلىرىمىزنى يوقۇتۇشقا باشلىدى.

تەتقىقاتچىمىز دوكتور ئەركىن سىدىقنىڭ كۆپ خىل ۋاستىلار بىلەن ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 2014-يىلىدىن 2021-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەتىنىمىزدە تۈرمە- جازا لاگېرى ۋە مەجبۇرى ئەمگەك زاۋۇتلىرىدا تۇتقۇن قىلىنىپ سولانغانلارنىڭ سانى 9 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، تۈرمىگە يۆتكەلگەنلەر 1.8 مىليون، خىتاي رايونىغا يۆتكەپ كېتىلگەنلەرنىڭ سانى 2.1 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرلەر بولۇپ، 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلارنىڭ سانى 90% نى ئىگەنلەيدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ «ئەرسىز» قالغانلىقىنى ۋەتەندىن چىققان رەسىم، ۋىدېئولاردىنمۇ كۆرەلەيمىز. ھاشاردا، زاۋۇت - ئېتىزلىقتا، قۇرۇلۇشلاردا تارتىلغان بۇ كۆرۈنۈشتە ئاساسەن ئاياللار بار، ئەرلەرنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدۇ. مىليونلىغان ئەرلەر نەگە كەتتى؟ ئاقىۋىتى قانداق ؟ جىددىي جاۋاپلىنىشى كېرەك بولغان يۈزلىگەن سوئال، قۇتۇلدۇرۇش كېرەك بولغان مىليونلىغان گۇناھسىز ئىنسان بىزنى ساقلاۋاتىدۇ. تېخىمۇ كۆپ غەيرەت كۆرسىتىشىمىزنى ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك چارە تېپىشىمىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.

## ئىككىنچى، خانىم - قىزلىرىمىزنى «رازى» قىلىشى پىلانى

چىن چۈەنگو تىبەتتە تىبەت قىزلىرى بىلەن خىتاي ئەرلىرىنىڭ توي قىلىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن خىتاي ئەمەلدارى. ئۇنى ۋەتىنىمىزگە «ھۆكۈمدار» قىلىپ تىكلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى تىبەتتىكى تەجرىبىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ «رازىمەنلىك» بىلەن خىتاي ئەرلىرىگە تۇتۇپ بېرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئىدى. 2014-يىلى25-ئاۋغۇست چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم «مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار تويلاشقان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرى» ئېلان قىلدى ۋە ئىجرا قىلىشقا باشلىدى (百科, 2014). «خىتاي بىلەن توي قىلغانلارغا سىياسەت، تۇرالغۇ ۋە بالىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئېتىبار قىلىنىدۇ؛ توي قىلغاندىن كېيىن، 5 يىلغىچە ھەر يىلى 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ؛ بالىلىرىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ھەقسىز ئوقۇيدۇ...» دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بەلگىلىمە، ۋەتىنىمىزدە يېڭى بىر سىياسىي شۇملۇقنىڭ پەردىسىنى ئاچقان بولدى. ئېتىقاد قەلئەسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ياللانما

«موللا ـ ئىمام» لارنى ئىشقا سېلىپ، خىتاي بىلەن تويى قىلىشنىڭ نورمال ھادىسە ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگۈزۈش، ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان بولۇش» سىياسىتى بىلەن ئەرسىز قالغان ئائىلىلەرگە خىتاي ئەرلىرىنى بىرلىكتە ياشاشقا زورلاش ھۆكۈمەتنىڭ شۇم پىلانىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان بىر ئەھۋال مۇنداق: جەمئىيىتىمىزدىكى مەشھۇر، ئابرويلۇق ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىنى، سەنئەت ياكى باشقا ساھەدە داڭ چىقارغان قىزلارنى «بىر يولىنى قىلىپ» خىتاي بىلەن تويى قىلدۇردى ۋە بۇنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. بۇ نورمال ئائىلىنىڭ قىزلىرىنى خىتايغا تېگىشكە جاسارەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. بۇ «غورا غورىنى كۆرۈپ ئالا بولىدۇ» نىڭ ئىپادىسى ئىدى.

كۈنىمىزدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىز- ئاياللىرىمىزنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن تويى قىلىشقا «رازى» قىلىش يوللىرى:

ـ ئاچ ـ يالىڭاچ قويماسلىق ۋەدىسى بىلەن؛
ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ باياشات ياشىتىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ ئۆي ـ ماكان بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ مۇكاپات پۇل بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ تۇرمىگە، جازا لاگېرلىرىغا سولىۋالغان ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا يېقىنىنى قويۇپ بېرىش، تۇتقۇن سۈرۈشنى قىسقارتىش، كەڭچىلىك قىلىش ۋە باشقا ۋەدە بىلەن؛
ـ ئەمەلىنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش، داۋالىنىش، خىزمەت تېپىشىدا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا زورلاش ۋاستىسى بىلەن؛
ـ ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

## ئۈچىنچى، خىتاي ئەرلىرىنى «ماقۇل» قىلىش پىلانى

بويتاق خىتايلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش، يۇرتىنى تاشلاپ «چۆل باياۋان»(戈壁滩) غا يۈرەكلىك كېلىشى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى جىق تەشۋىقاتلارنى قىلدى، ۋاستىچى ئاپپاراتلارنى قۇردى ۋە پۈتۈن ئىمكانلىرىنى سەپەرۋەر قىلدى. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا جىق ئۇچرىتىمىز. ھازىرغىچە قانچىلىك خىتاي بويتاقنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئائىلە قۇرغانلىقىنى ستاتىستىكا قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، سانىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەخمىن قىلىش تەس ئەمەس.

خىتاي ئەرلىرىنى ۋەتىنىمىزگە كۆچۈپ كېلىپ يەرلىشىشكە ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەت قىز-ئاياللار بىلەن تويى قىلىشقا «ماقۇل» قىلىش يوللىرى:

ـ نامرات، چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى يېشى چوڭ بويتاقلارغا جۆرە تېپىپ بېرىش كاپالىتى بىلەن؛
ـ ئۆي ـ زېمىن بېرىش، مەبلەغ سېلىپ بېرىش، ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ ئايلىق مائاش، مۇكاپات پۇلى بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ مۇنبەت تۇپراق، ھوسۇللۇق باغچە بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ ئىش تېپىپ بېرىش، كادىر ـ ئەمەلدار قىلىش، ئەمەلىنى ئۆستۈرۈش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ «باشقا مىللەت ئانىدىن تۇغۇلغان بالا ئەقىللىق بولىدۇ» سەپسەتىسىگە ئىشەندۈرۈش بىلەن؛
ـ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش، داۋالىنىش، خىزمەت تېپىشىدا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ يۇرتىدا قالدىغان مۇھتاج يېقىنلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ۋەدىسى بىلەن؛
ـ قورقۇتۇش، بېسىم قىلىش ياكى باشقا ۋاستىلار بىلەن زورلاش؛
ـ ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى قولىدىكى كۈچ ۋە كوزۇرلىرىنى ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيەدە ئىشقا سېلىپ، بىرىنچى، ئۇشۇق بويتاقلىرى مەسىلىسى، ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى تېزلىتىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇپ مەسىلىسىنى بىراقلا ھەل قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. جەمىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر مىللەت ياكى توپلۇم 20 ـ 25 يىلدا

پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ (ئۆزگىرىپ) كېتىدۇ. ھاياتتا بولغانلىرىنى «غايىپ» قىلىپ، خىتايلاشتۇرۇپ يوقۇتۇش بىلەن، كېيىنكى نەسلىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ يوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرگەندە كېلىچىكىمىز بەكمۇ قورقۇنچلۇق. خىتايدا ئىككى مىللەتتىن تۇغۇلغان شالغۇت بالىلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىغاندا ئادەتتە قانۇن بويىچە ئاتا تەرەپكە تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت قىزلىرى خىتايلار بىلەن توي قىلىپ تۇغقاندا، ئەمىلىيەتتە بىر خىتاي پۇشتىنى تۇغقان، باققان، يېتىشتۈرگەن بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇر - قازاقنىڭ يېڭى نەسلى تۈگەپ، ۋەتىنىمىزدە خىتايلاشقان شالغۇت بىر نەسىل بارلىققا كېلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

خۇلاسىلىساق، خىتاي كوممۇنىستىكىك ھاكىمىيىتىنىڭ 1، ۋەتىنىمىزدىكى ئەرلەرنى تۇتقۇن قىلىپ يوقۇتۇش؛ 2، 14 ياشتىن كىچىكلەرنى خىتايلىشىش تەربىيەسىگە بوغۇش؛ 3، بويتاق خىتاي ئەرلىرىنى ۋەتىنىمىزگە يەرلەشتۈرۈش؛ 4، خانىم -قىزلىرىمىزنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش؛ 5، ۋەتىنىمىزدە شالغۇت يەنى خىتايلاشقان يېڭى نەسلىنى بەرپا قىلىش سۈيىقەستى ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى»نىڭ يەنە بىر ئەڭ چوڭ سەۋەبى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نىيىتى ئوچۇق: ئۇيغۇرلارنى «قول ۋە دېدەك» قىلىپ يوقۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى خەرىتىدىن، تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، پۈتۈنلەي خىتايلاشقان يېڭى «شىنجاڭ»نى تارىخ بېتىگە مۆھۈرلەش. شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتايغا قول ۋە دېدەك بولۇشنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغان ۋە قىلمايدۇ. بىز ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى بۇ شۇم نىيەتكە قارشى جىددىي تەدبىر ئالماي تۇرۇپ ئىنسانىيەتنىڭ قانىغان يارىسىنى ساقايتالمايمىز.

### 3.3.3 چېگرا ھالقىپ خوتۇن ئالغان «پەرىشتە» يۈزلۈك خىتاي ئەرلىرى: سەن مېنىڭ دېدىگىم

خىتاي ئەرلىرىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا، پاكىستان ۋە رۇسىيە قاتارلىق چېگراداش رايونلاردىن خوتۇن ئېلىش نىسبىتى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بارماقتا. بۇنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى، «بەختىمنى تاپتىم» دەپ خىتايغا توي قىلىپ بارغان چەتئەللىك كېلىنلەرنىڭ خورلۇق چېكىشلىرى، بەدەن ئەزالىرىنىڭ سېتىلىشى، ھەتتا پاھىشەخانىلارغا سېتىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر، مەلۇماتلار ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمەن.

چېگرا ھالقىغان ئۆيلىنىش (Transnational marriage) تارىختىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان مەدەنىيەتلىك دەۋرىمىزدىكى تەبىئىي ھادىسە ۋە يەر شارىلىشىش جەريانىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش. ئۇنىڭ يۈز بېرىشى مەلۇم بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى، نوپۇستىكى جىنس ئەھۋالى ۋە كۆچمەنلەر زەنجىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ ئالاقە ۋە قاتناشنىڭ قولايلىشىشى، چۈشەنچە، تىل ۋە ئۆرپ-ئادەتتىكى پەرقنىڭ ئازىيىشى چېگرا ھالقىپ يات مىللەت بىلەن توي قىلىشنى «غەيرى بىر ھادىسە» بولۇشتىن چىقاردى. ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى يەر شارىنى كىچىك بىر «كەنت»كە ئايلاندۇرۇپ، قىز-ئوغۇللارنىڭ تونۇشۇشى ۋە ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن چېگرا ھالقىغان سورۇن ھازىرلاپ بەردى. بۇ خىل ئىمكانلار قىز-ئوغۇلنىڭ ئۆيلىنىشىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇردى. خىتاي خەلقى ئىچىدىمۇ چەتئەللىك بىلەن توي قىلىش يېقىنقى 20 يىلدا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئاشتى. خىتاينىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىلىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ۋە «بىر بەلۋاغ ۋە بىر يول» ئىستراتېگىيەسى بىلەن چېگرا ھالقىغان نىكاھ كۆچمەنلىرىمۇ يېڭىدىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. خىتايدا چەتئەللىككە تېگىشكە قارىغاندا چەتئەلدىن قىز ئېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولماقتا. مەلۇم مەنپەئەت ۋە مۇددىئانى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بۇ چېگرا ھالقىغان ئۆيلىنىشتە، ئائىلە قۇرۇشتىن باشقا چەتئەل پۇقرالىقىغا ئېرىشىش، مەۋجۇت ھالىنى ئۆزگەرتىشكە تەۋەككۈل قىلىش ۋە ماددىي نەپكە ئېرىشىش قاتارلىق نىيەتلەرمۇ بار.

توي قىلىپ ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش ئۈچۈن جۆرىگە جىددىي ئېھتىياجى بولغان خىتايدىكى 17 مىليوندىن ئارتۇق ئېشىنچە بويتاق ئەر نوپۇس لايىق تونۇشتۇرۇش دەللاللىرىغا نىسبەتەن بەكمۇ چوڭ بازار ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ يېزا-قىشلاق، نامرات ناھىيە

مەركەزلىرىدىكى قىزلارنىڭ ئىش ۋە لايىق تېپىشتا «تەلىيىنى سىناش» ئۈچۈن چوڭ شەھەرلەرگە كۆچۈشى بىلەن، بۇ يەردە قالغان بويتاق ئەرلەرگە «ئەرزان» جۆرە تېپىپ بېرىش بۇ دەلاللارنى تېخىمۇ ئالدىراش قىلىۋەتكەن. سىستېمىلاشقان ھالدا چوڭ كۆلەمدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان «خىتايغا لايىق تونۇشتۇرۇش ئورنى» نى ياپونىيە، كورىيە، رۇسىيە، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە پاكىستاندا جىق ئۇچرىتىش مۇمكىن. خىتاي بويتاقلار ئاساسەن مۇشۇ ۋاستىچىلار ئارقىلىق «لايىق» تاپىدۇ ۋە توي قىلىدۇ. تۆۋەندە، بەزى دۆلەتلەردىكى خىتايغا ياتلىق بولۇشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان «پەرىشتە» يۈزلۈك كۈيئوغۇللار ھەققىدە توختىلىمەن.

## ئۇرۇش خارابىسىدىكى «ئەرزان قىزلار» دۆلىتى ۋيېتنام

ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشتا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئايالنى تۇل قالدۇرغان، يۈز مىليونغا يېقىن نوپۇسى بولغان ۋيېتنام، خىتاي بويتاقلىرى ئۈچۈن «كېلىنچەك» جەننىتى ھېسابلىنىدۇ. ۋيېتناملىق «كېلىنچەك»لەرنىڭ مۇلايىم، ياش، تېرىسىنىڭ ئاق، ئىشچان، بولۇپمۇ تويلۇقنىڭ ئەرزان بولۇشى خىتاي يېزىلىرىدىكى نامرات بويتاقلارنى تېخىمۇ جەلپ قىلغان. بۇ ئاياللارنىڭ قىممىتىنى ئۆلچىگەن ئەڭ مۇھىمى ئامىل ئىش قىلىش ماھارىتى ئەمەس، بەلكى جىنسىيەت ئەۋزەللىكى ۋە بەدەن دەسمايىسى. بۇنىڭغا يېشى، رۇخسارى ۋە مەكتەپ دىپلومىسىنى قوشقاندا «سېتىلىش «باھاسى 3000-20000 خىتاي خەلق پۇلى (تەخمىنەن 450-3000 ئامېرىكا دوللىرى) ئەتراپىدا. خىتايغا كېلىن بولغان قىزلار قانچىلىك؟ پىروفېسسور لۇ ۋېنچىڭ ۋە دوكتور لىيۇ جىفېڭ كۆرسەتكەن سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 2010 - يىلى خىتايدا قانۇنلۇق توي قىلغان 47 مىڭ، قانۇنسىز توي قىلغان 65 مىڭ ۋيېتناملىق كېلىنچەك بار (山大移民研, 2015).

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندىنىڭ (2018) «جىنس تەڭپۇڭسىزلىقى تەسىرىدىكى خىتاي-ۋيېتنام چېگرا ھالقىغان نىكاھ تەتقىقاتى: خىتاي تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا خىتاي بىلەن ۋيېتنام ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ھالقىغان نىكاھتىكى ئېغىر ۋە تەسىرى چوڭ جىنايى قىلمىشلارنى ستاتىستىكا قىلىپ چىققان (كىچىك، تارقاق دېلولار ھېسابلانمىغان) بولۇپ، 2012 دىن 2016 - يىلغىچە بولغان ئالداش ۋە ئالداپ سېتىش، توي قىلىش دېلوسى 155، ئادەم ئەتكەسچىلىكى دېلوسىغا چېتىشلىق جىنايەتچى 961، قۇتۇلدۇرۇلغان ۋيېتناملىق ئاياللار 1334 بولغان (UNFPA, 2018). ۋيېتناملىق كېلىنلەرگە قارشى «پەرىشتە» يۈزلۈك خىتاي كۈيئوغۇللار سادىر قىلغان جىنايى قىلمىشلار:

- مىڭ بىر باھانە بىلەن توي خېتى ئالماستىن، «كېلىن»نىڭ خىتايدا تۇرۇشىنى قانۇنسىز، يوشۇرۇنۇپ ياشاشتەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈش؛
- قۇللاشتۇرۇش، دېدەك قىلىپ خورلاش؛
- قۇل ئورنىدا ئەمگەك قىلدۇرۇش؛
- ئۇلارنى ۋەتەنسىز، كىملىكسىز قالدۇرۇپ، خالىغان شەكىلدە ئېزىش؛
- قانۇنسىز ئىشلارنى قىلدۇرۇپ پۇل تاپقۇزۇش؛
- تويلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش ياكى جىنسىي ئويۇنچۇقى قىلىۋېلىش؛
- تۇغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ياكى «بىزار» بولسا «نىمكەش خوتۇن» قىلىپ سېتىۋېتىش؛
- مەجبۇرىي پاھىشەلىك قىلدۇرۇش ياكى پاھىشىخانىلارغا سېتىۋېتىش؛
- ئىچكى ئورگانلىرىنى سېتىش ۋە باشقىلار...

جەنۇبىي ئاسىيادىكى تايلاند، كامبودژا ۋە بىرمىدىن خىتايغا «كېلىن» بولۇپ بارغان ئاياللارنىڭ تەقدىرى ۋيېتناملىق ئاياللاردىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي توختالمايمەن.

## نامراتلىقتا قىينالغان «ئىتائەتمەن قىزلار» دۆلىتى پاكىستان

خىتاي بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىششىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ خىتاي «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىستراتېگىيەسى بىلەن يېقىنقى ئالتە يىلدا

پاكىستانغا 62 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان «خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى (CPEC)»نىڭ راۋانلىششى بىلەن، 2019-يىلىدىن ئېتىبارەن خىتاي ئەرلىرىنىڭ پاكىستانلىق «كېلىنچەك» ئەتكەسچىلىكىنىڭ يولى تېخىمۇ كېڭەيگەن بولدى.

بىرىنچى خەۋەر: ئۆتكەن يىلى ناتاشا خوكار(Natasha Khokar) بىر خىتاي ئەر بىلەن توي قىلغاندا، ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك بىر ئۆيدە باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان. ئەكسىچە، ئۇ خىتايغا بارغاندىن كېيىن، يوتقان-كۆرپە ۋە ھاجەتخانىسىمۇ يوق كەپە ئۆيگە سولاپ قويۇلغان. 27 ياشلىق خوكار ئۆزىنىڭ قىسقا نىكاھىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى: «بۇ بىر قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايتتى»، ئائىلەمگە 200 مىڭ رۇپىيە (1413 دوللار) بېرىشكە ۋەدە بەرگەن ئىدى، ئۇنىمۇ بەرمىدى (THOMSON REUTERS FOUNDATION, 2019).

ئىككىنچى خەۋەر: پاكىستان فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FIA) تەييارلىغان تىزىملىككە قارىغاندا، 2018-يىلى پاكىستاننىڭ نامرات رايونلىرىدىكى 629 نەپەر ئايال، قىز ۋە قىز بالا «كېلىن»لەر خىتاي ئەرلىرىگە سېتىلغان ۋە خىتايغا ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ تىزىملىكتە 629 ئايالنىڭ ئىسمى بار، ئەمما ئەمەلىي سان بۇنىڭدىن كۆپ يۇقىرى. (Euronews, 2019).

ئۈچىنچى خەۋەر: ب ب س نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پاكىستانلىق ئايال مېينا مۇنداق دېدى: لاھوردا نىكاھ ئوقۇغاندا يىگىتنى «مۇسۇلمان» بولدى دېگەن ئىدى. خىتايغا بارغاندا ئېرىمنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلىقىنى، ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. مەن ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇ مېنى مەسخىرە قىلاتتى. ئېرىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باشقا ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتكە كىرىشنى رەت قىلسام مېنى ئۇراتتى ۋە تەھدىت سالاتتى. مېنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باشقا ئامالىم يوق. ئەگەر مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولمىسام، مېنى ئالغاندا خەجلىگەن پۇلىنى تىرىلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈپ ئىچ ئەزالىرىمنى ساتاتتى (BBC, 2019) .

تۆتىنچى خەۋەر: «پاكىستان ئادالەتنى ئەمەس، خىتايغا يانتاياق بولۇشنى تاللىدى» ناملىق ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: پاكىستان فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FIA) جەمئىي 52 نەپەر خىتايدىن كەلگەن ئادەم ئەتكەسچىسىنى قولغا ئالغان ۋە ئەيىپلىگەن. ئەمما 2019-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئەتكەسچىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پاكىستان سوتىدا گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن، قالغانلارنىڭ ھەممىسىگە كېپىللىك بېرىلگەن ۋە پاكىستاندىن قوغلاپ چىقىرىلغان. تەكشۈرگۈچىلەر پاكىستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچراپ، دېلونىڭ يېپىلىشى تەلەپ قىلىنغان، ژۇرنالىست ۋە مۇخبىرلارنىڭ ئۇلارنى زىيارەت قىلىشى ياكى خەۋەر يېزىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان (TASKIN, 2022). ھۆكۈمەت ھەتتا «كەم-كۈتىسىز ئىسپات» بولمىغۇچە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ بۇ خىل دېلولارغا ئارىلاشماسلىقىنى تەكىتلىگەن.

بۇلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ پاكىستاندىن «كېلىن» ئېلىش ھادىسىسىدىن قىسقا خەۋەر (مىسال)لار بولۇپ، ئادەم ئەتكەسچىلىكى كۈندىن كۈنگە كۆپەيمەكتە. چۈنكى پاكىستاندا مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ خىتاي ئەتكەسچىلەرگە كۆز يۇمۇشى، بۇ خىل دېلولارنى تەكشۈرۈش ۋە خەۋەر قىلىشلارغا چەكلىمە قويۇشى خىتاي ئەتكەسچىلەرنى تېخىمۇ جاسارەتلەندۈرىدۇ. ئەتكەسچىلەر بىر پېشكەللىك بولسا قانداق قۇتۇلالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

ھەممە «كېلىن»لەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى بۇ «نىكاھ»نىڭ ئاخىرىدا ئازاپ تارتقىنى ئالدانغان قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، قۇربان بەرگەن، بەدەل تۆلىگىنى «كېلىن»، ۋە پايدىنى ئالغىنى بولسا خىتاي ئەتكەسچىلەر بولىدۇ، خالاس. پاكىستاندىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلايمەن:

-ئەتكەسچىلەر تەرىپىدىن سېتىلغان بۇ «كېلىن»لەرنىڭ ئەڭ كىچىكى 13 ياشلاردا؛

- يىگىت ئۆزىنى دىندار ۋە باي كۆرسىتىدۇ؛

- نامرات، چەت يەردىن «كېلىن» ئوۋلايدۇ؛

- «پەرىشتە»يۈزلۈك خىتاي يىگىتنىڭ نىيىتى ئەتكەسچىلىك بولغاچقا، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللىنىدۇ؛
- نىكاھنى پاكىستاندا ئوقۇپ شەكلىگە «توي» قىلىدۇ ۋە خىتاي ۋىزىسى چىققىچە بولغان مەزگىلگىچە «جەننەت» ھاياتىنى ياشايدۇ؛
- «كېلىن» خىتايغا قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ قۇلغا ئايلىنىدۇ ۋە «دوزاخ» ھاياتى باشلىنىدۇ؛
- پاكىستاندا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان خىتاي ئەتكەسچىلىرىگە بەزى يەرلىك قارا كۈچلەر،ئادۋوكاتلار ۋە «دىنىي» زاتلار شېرىك بولىدۇ؛
- ھېچبىر سوئالمۇ سورىماستىن خىتاي كونسۇلى بۇ قىزلارغا تېزلا ۋىزا بېرىدۇ؛
- پاكىستان ۋە خىتايدا بۇ خىل جىنايەتلەرنى توسىدىغان، جازالايدىغان مېخانىزمنىڭ يوقلۇقى، بولسىمۇ ئىجرا قىلىنماسلىقى بىر بوشلۇق ھېسابلىنىدۇ؛
- خىتايغا بېرىپ بەختلىك بولغان پاكىستانلىق «كېلىن»لەر بەك ئاز بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى جىنسىي قۇللۇقنىڭ قۇربانى بولىدۇ؛
- خىتايغا بارغان بەزى «كېلىن»لەر پاھىشەلىككە مەجبۇرلانسا ياكى پاھىشەخانىلارغا سېتىۋېتىلسە، يەنە بەزىلىرىنىڭ بەدەن ئەزالىرى سېتىۋېتىلىدۇ ياكى «غايىب» قىلىۋېتىلىدۇ.

خىتايغا كەلگەن جەنۇبىي ئاسىيالىق ۋە پاكىستانلىق «كېلىنلەر»نىڭ بەزى مەسىلە ۋە ئىمكانلىرى ھەققىدىكى پەرقلىرىنى تۆۋەندىكىچە سېلىشتۇرۇپ چىقتىم:

| مەزمۇنلار | جەنۇبىي ئاسىيالىق «كېلىن» | پاكىستانلىق «كېلىن» |
|---|---|---|
| قۇللۇققا قارشى مەنىۋى كۈچى | جاسارەتلىك | ئىتائەتمەن |
| قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانى | جۇغراپىيەلىك مۇساپە يېقىن، قاتناش قولاي،پۇرسەت جىق | جۇغراپىيەلىك مۇساپە ئۇزاق، قاتناش تەس ۋە پۇرسەت يوق |
| جىددىي ئەھۋالدا ئائىلىنىڭ ياردەم بېرىش ئىمكانى | جىددىي ئەھۋالدا قىزىغا ئىگە چىقالىغۇدەك ماددىي كۈچى ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتى بار | جىددىي ئەھۋالدا قىزىغا ئىگە چىقالىغۇدەك ماددىي كۈچى ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتى يوق |
| «ئېرى» تەرىپىدىن «غايىب» قىلىۋېتىلىش ئېھتىمالى | ئائىلىسى ۋە ئەتراپتىكى ۋەتەنداشلىرى بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرىدۇ، قولايچە «غايىب» قىلىۋېتىلمەيدۇ | ئائىلىسى ۋە ئەتراپتىكى ۋەتەنداشلىرى بىلەن خەۋەرلىشىشى قىيىن، قولايچە «غايىب» قىلىۋېتىلىدۇ |
| چۈشىنىش ۋە تىل ئىمكانى | دىن ۋە مەدەنىيەتتە خىتايغا يېقىن كېلىدۇ، خىتايچىنى ئۆگىنىشمۇ ئاسان | دىن ۋە مەدەنىيەتتە پۈتۈنلەي پەرقلىق، «كېلىن"»نىڭ خىتايچىنى ئۆگىنىشمۇ قىيىن |
| خىتايدىكى يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىمكانى | ماسلىشىشى ۋە كۆنۈشى قولاي | ماسلىشىشى ۋە كۆنۈشى تەس |

خىتاي بويتاق ئەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يۇقىرى، ئاياللار ھوقۇقى قوغدىلىدىغان دېموكراتىك

دۆلەتلەردىن خوتۇن ئېلىشتا نىيىتى دۇرۇس بولسىمۇ (بۇ يەردە توي قىلىپ شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىقىغا ئېرىشىش پىلانىمۇ بار)، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ يېڭى بىر ھايات قۇرۇش خىيالىدىكى قىزلارغا نىسبەتەن نىيىتى دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭغا پۇل تېپىش ۋە باشقا قارا نىيەتلەر قوشۇلغاندا، ئاقىۋەت جىنايەت ئىشلەش، قۇللاشتۇرۇپ ئېزىش ۋە ھەتتا قاتىللىق قىلىشقىچە بارىدۇ. دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، ب د ت قاتارلىق ئورگانلار مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنى جىددىي ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، مۇرەككەپ ئەھۋال ۋە مەنپەئەت سەۋەبىدىن دائىرىلەر تەدبىرسىز قالماقتا. نەتىجىدە شايكىلاشقان ئادەم ئەتكەسچىسى گۇرۇھلار تېخىمۇ راۋاج تاپسا، «پەرىشتە» يۈزلۈك خىتاي ئەرلىرىنىڭ چاڭگىلىغا بىلىپ - بىلمەي كىرگەن قۇربانلىق «كېلىن»لەر كۆپىيىدۇ. 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان توي قىلىش ئېھتىياجىدىكى 17 مىليوندىن ئارتۇق ئېشىنچە خىتاي بويتاق ئەرلىرىگە ۋە بۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى جىددىي ئالدىن تەدبىر قوللىنىش، قارا نىيەتلىك كۈچلەرنى، شايكىلارنى جازالاش مېخانىزمىنى قەتئىي ئاكتىپلاشتۇرۇش ۋە ھەممەيلەننى بۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان بالا - قازادىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىيەتنىڭ تەخىرسىز تەقەززاسىدۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ ئاقىۋەتنىڭ سەۋەبلىرى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- «ئەرلەر ئەزىز، قىزلار خار»، «ئوغۇل تۇۋۇڭ، قىز تالالىق» خۇراپاتلىقى
- خىتايدىكى ئەرنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نەسەبىنى داۋام قىلدۇرۇش ئارزۇسى
- تۇغۇت سىياسىتىنىڭ چەكلىملىرى
- جىنس پەرقىنى ئالدىن بىلىش ۋە ھامىلە چۈشۈرۈشنىڭ قولايلىششى
- ئائىلىۋى سەۋەبلەر
- ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئامىللار

## 4. خۇشچىراي سۇيىقەستچى خىتاينىڭ دۇنياغا كېڭىيىش قارا نىيىتى

خىتاي ئاقىللار ئامبىرى 1997 - يىلى «دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئىككى 100 يىللىق پىلانى»نى تۈزۈپ چىققان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ پىلان خىتاي كومپارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىلى بولغان 2021 - يىللىق نىشان ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىلى بولغان 2049 - يىلىغىچە داۋاملىشىدىغان چوڭ پىلان. بۇنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بېيجىڭ دائىرىلىرى مىللىي روھنى قايتا ئويغىتىش، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قەدەممۇ - قەدەم يۈكسىلىش، خىتاي دۆلىتىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ھەق ئەتكەن ئورۇن، نوپۇز ۋە تەسىرگە ئېرىشىشنى ئاخىرقى نىشان قىلغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن خىتاينىڭ بايلىق ۋە ئېنېرگىيەگە بولغان ئاچكۆزلۈكى ۋە خىتاي نوپۇسىدىكى ئەرلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەبىئىي ھالدا ئەتراپقا - سىرتقى دۇنياغا كېڭىيىشنى دۆلەت ئىستراتېگىيەسى قىلىپ بېكىتتى. بۇنى «ئورتاق گۈللىنىپ، ئۆز ئارا نەپ ئالىدىغان - بىر بەلۋاغ، بىر يول قۇرۇلۇشى» نىقابى بىلەن خەلقئارادا بازارغا سالدى. كۆرۈنۈشى ھەمكارلىشىش، مەبلەغ سېلىش، قەرز پۇل بېرىش ياكى ياردەم بېرىش بولغان بۇ «تېشى ھەسەل، ئىچى زەھەر» يەمچۈكنى بەزى دۆلەت - رايونلار يۇتتى ۋە يۇتۇۋاتىدۇ. تۆۋەندە خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانى ۋە ئۇنىڭ تۈزىقىغا چۈشكەنلەرنىڭ ئاچچىق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.


### 1.4 يۇمشاق كېڭىيىش: ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك ۋە سېھىرلىك «قەرز قورالى»

بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، شەرق ۋە غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىستراتېگىيەسى دۇنيا ئىقتىسادىنى تېخىمۇ تېزلىتىشنىڭ تارىخى پۇرسىتى

دەپ قارىلىپ كەلدى. ئۇنىڭدا يەنە سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، تېخنىكا ۋە مىللىي ساھەلەر تەسىرىنى كۆرسەتتى. ختاي ھۆكۈمىتى گەرچە بەزى خەلقئارالىق ۋە يەرلىك مەسىلىلەر، قارشىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ساغلام ۋە تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىش ۋە ھەمكارلىق قاتارلىق ساھەلەردە توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ب د ت سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنى (UNCTAD) نىڭ «2021-يىللىق دۇنيا مەبلەغ سېلىش دوكلاتى»غا قارىغاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ چەتئەلگە سالغان مەبلىغى 740 مىليارد دوللار بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ختاي 153 مىليارد 100 مىليون دوللار مەبلەغ بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

2010-يىلدىن 2019-يىلغىچە ختاينىڭ دۆلەت سىرتىغا بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى تۆۋەندىكى گىرافىكتا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، 2016-يىلى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ 196 مىليارد 150 مىليون دوللار بولغان .

ختاينىڭ 2010-دىن 2019-يىلغىچە دۆلەت سىرتىغا بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى:




مەنبە: 2020中国对外投资发展报告

ئەڭ يېڭى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2020-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 28 مىڭ ختاي شىركىتى 189 دۆلەت ۋە رايوندا 45 مىڭ كارخانا قۇرغان. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 7 تىرىليون 900 مىليارد دوللار، مەبلىغى 2 تىرىليون 580 مىليارد دوللار، پاي چېكىگە سالغان مەبلىغى 1 1 تىرىليون 477مىليارد دوللار، كىرىمى 786 مىليارد دوللارغا يەتكەن. قەرز بېرىش تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 316 مىليارد 800 مىليون دوللار بولغان (商务部, 2021).

بىر دۆلەتكە چەت ئەلدىن مەبلەغنىڭ كىرىشى

ئىقتىسادىنى جانلاندۇرىدۇ ۋە كىشىگە ھاياجان بېرىدۇ. بەزىدە خىتاينىڭ بۇ مەبلەغلىرى بىر قىسىم دۆلەت، ھۆكۈمەت ئۈچۈن «جان قۇتقازغۇچى»لىق رولىنىمۇ ئوينىدى. ئەمما، «مەبلەغ» سېلىش ئالىيجاناپلىقىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان غەرەزلەر، تۆلەيدىغان بەدەللەر بىر قانچە يىلدىن كېيىن سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى، چىقىۋاتىدۇ ۋە چىقىدۇ. ئىقتىسادىي بېقىنىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان تۈركىيەدىن، تۇرمۇش شارائىتى 1990 - 1975 - يىللىرىدىكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىنمۇ بەك ناچارلىشىپ كەتكەن، ئىقتىسادى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان لىۋانغىچە بۇنى ھېس قىلالايمىز.

نىيىتىدە سەممىي بولماسلىق، توختامدىكى باراۋەرسىزلىك ۋە يەرلىكلەرنى ھەر پۇرسەتتە ئالداپ كېلىۋاتقان خىتاي، «بېرىپ» ئابرۇي قازانغىنى بىلەن، «ئېلىش» تا قارشىلىققا، نەپرەتكە ئۇچرىدى. خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە ئىنستىتۇتى (IIF) نىڭ 2020-يىلى مايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىغا قارىغاندا، خىتاي ھازىر دۇنيادىكى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ھەقدارى بولۇپ، ئالىدىغان قەرزى 2004-يىلدىكى 875 مىليارد دوللاردىن 2019-يىلى 5 تىرىليون 500 مىليارد دوللارغا ئۆرلىگەن (CBN, 2020).




«نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئېفىئوپىيەنىڭ خىتايغا بولغان قەرزى يىللىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ % 20 نى، قىرغىزىستاننىڭ خىتايغا بولغان قەرزى يىللىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەخمىنەن % 40 نى، جىبۇتىنىڭ خىتايغا بولغان قەرزى يىللىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ % 80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. ھازىر خىتايغا ئېغىر قەرزى بولغان دۆلەتلەر 40 دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 20 گە يېقىنىنىڭ بۇ قەرزنى قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى ھېچ يوق.

## خىتاي «قەرز قورالى»نى ئىشقا سېلىپ نېمىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟

«ئالماقنىڭ بەرمىكى بار» دەپتىكەن ئەجداتلىرىمىز. خىتاينىڭ «بىرنى بېرىپ، ئەڭ ئاز ئوننى ئېلىش»نىيىتىنى دەسلەپتە چۈشەنمىگەن دۆلەت ۋە ئەمەلدارلار، ئەمدىلىكتە بۇنىڭ بەدىلىنى ئېغىر تۆلىمەكتە. تېخىمۇ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەش كېيىنكى نەسىللىرىگىچە داۋام قىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

- خىتاي دائىرىلىرى 2017-يىلى 7-ئايدا سىرىلانكىنىڭ ھامبانتوتا پورتى (Hambantota International Port)نى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 60.7

كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ 99 يىللىق ئىشلىتىش هوقۇقىغا ئېرىشتى (Moramudali, 2020). شۇنىڭ بىلەن خىتاي رەقىبى هىندىستاننىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن نەچچە يۈز مىل يىراقلىقتىكى، ئوكيان هالقىغان سودا ۋە هەربىي سۇ يولى بويىدىكى ئىستراتېگىيەلىك پورتنى كونترول قىلىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن بولدى. خىتاينىڭ بۇ پورتنى هەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىش پىلانىغا يەرلىك هۆكۈمەت هازىرچە رۇخسەت بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

- خىتاي دائىرىلىرى 2013-يىل 2-ئايدا پاكىستاندىكى ئەڭ چوڭ گۋادار پورتى (Gwadar Port) نىڭ ئىشلىتىش هوقۇقىغا تولۇق ئېرىشتى (DAWN, 2013) ۋە بۇ توختامغا بەش مىڭ خىتاي پۇقراسىغا بىۋاستە پاكىستان پۇقرالىقى بېرىش قاتارلىق قوشۇمچە ماددىلارمۇ يېزىلغان. ئەرەب دېڭىزىغا جايلاشقان بۇ پورت، خىتاي ئىمپورت قىلىدىغان نېفىتنىڭ% 40 ى ئۆتىدىغان هورمۇز بوغۇزىدىن 400 كىلومېتىر يىراقلىقتا. خىتاي خەلق ئازادلىق دېڭىز ئارمىيەسى (PLA) بۇ يەردە هەربىي بازا قۇرۇشقا باشلىدى. ئىقتىدارسىز ۋە چىرىك سىياسىي رەهبەرلىك سەۋەبىدىن قەرزگە بوغۇلغان پاكىستان خىتاي ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىن باشقا قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى.

- خىتاي دائىرىلىرى ئالاقىدار چېگرا كېلىشىمى دائىرىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىرغىزىستاندىن 1250 كۋادرات كىلومېتىر (1999)، تاجىكىستاندىن 1158 كۋادرات كىلومېتىر (2011) ۋە قازاقىستاندىن 13592 كۋادرات كىلومېتىر (1999)، توپلام 16 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يېڭى زېمىن بۆلۈپ ئالدى (Omonkulov, 2020). بۇ 3 دانە ئىستانبۇل ياكى 10 دانە لوندون ۋە ياكى 151 دانە پارىژ دېمەكتۇر. خىتاي بۇ زېمىنلاردا هەربىي بازا قۇرۇپ كان ئېچىشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. قازاقىستاننىڭ نېفىت-گاز زاپىسى مول بولغان زايسان (Зайсан) ۋە كۆرشىم(Күршім) رايونىدىن خىتايغا يەر-زېمىن ساتقانلىقى يېڭىدىن خەۋەر بولماقتا (Ortadoğu, 2021). (دىققەت: بۇ بىر يېڭى باشلىنىش بولۇپ، خىتاينىڭ «قەرز قورالى»نىڭ كۈچىنى ئالدىمىزدا كۆرىمىز. خىتاي دائىرىلىرى «پەردە ئارقىسى»دا تېررىتورىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تۇتاشقان غەربىي چېگرىسىنى بۇرۇنلا كېڭەيتىپ سىزىپ بولدى، يېقىندا «سەهنە»گە ئېلىپ چىقىشى ۋاقىت مەسىلىسى).

- خىتاي قازاقىستاننىڭ تەبىئىي گاز ۋە نېفىت بايلىقلىرىغا كۆز تىكتى. 1997-يىلى 6-ئايدا، خىتاي دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى (CNPC) قازاقىستاننىڭ غەربىدىكى تەبىئىي گاز ۋە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتى«ئاقتۆپە نېفىت Aktyubinskmunay (Ақтөбемұнай))»نى 4 مىليارد 320 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ نېفىتلىكنىڭ يوشۇرۇن زاپىسى 140 مىليون توننا. شۇ يىلى 8-ئايدا، خىتاي دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى (CNPC) 1 مىليارد 300 مىليون دوللارغا «ئۇزەن نېفىت Uzen (Өзенмұнай))»نىڭ 60 % لىك پېيىنى سېتىۋالغان، ئۇنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 200-250 مىليون توننا (Kazakhstan History, 2022).

گرېتسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەمما ياۋروپادا سەككىزىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پىرايۇس پورتى (Port of Piraeus) نىڭ 67% پېيىنى خىتايلار 2016-يىلى 4-ئايدا سېتىۋېلىپ باشقۇرۇپ ئىشلىتىشنى قولغا كىرگۈزدى (Chinadaily, 2021). بۇنىڭلىق بىلەن خىتاي ياۋروپادا، بولۇپمۇ گرېتسىيەنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىز بۇنى ياۋروپا ئىتتىپاقى 2017-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا خىتاينى ئىنسان هەقلىرى جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىگەندە، گرېتسىيەنىڭ رەت بېلىتى تاشلىغانلىقىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز (Reuters, 2017). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىرادىسى ۋە بىرلىكىگە پالتا چېپىشتۇر.

- يۇقارقىلاردىن باشقا، ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ۋە پۈتۈن دۇنيادا غۇلغۇلا پەيدا قىلغىنى خىتاينىڭ جىبۇتى (Djibouti) دا ئون مىڭ ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغىدەك ئىقتىدارغا ئىگە هەربىي بازا قۇرۇشىدۇر (AlJazeera, 2017). بۇ خىتاينىڭ «مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە قەرز بېرىش»تەك يۇمشاق كۈچى بىلەن قازانغان ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى. (خىتاينىڭ جىبۇتى هۆكۈمىتىنى قانداق چارىلەر بىلەن قەرزگە بوغۇپ ئۆزلىرىگە بېقىندى هالەتكە

چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر). دۇنيا سودىسىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان قىزىل دېڭىز-ھىندى ئوكيانىنىڭ ئالاقىسىنى كونترول قىلالايدىغان، سۇۋەيش قانىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان بۇ ھەربىي بازا، 3400 ئەسكەر تۇرىدىغان ئامېرىكا بازىسىدىن بىر قانچە كىلومېتىر يىراقلىقتا قۇرۇلغان. خىتاي بۇ بازىدىن پايدىلىنىپ ئافرىقا، ئەرەب دۇنياسىدىكى سودا ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مىللىي ئىگىلىكى كۈچسىز دۆلەتلەر ۋە ھۆكۈمەتلەرگە قارشى خىتاي قولىدىكى ئەڭ كۈچلۈك «قەرز قورالى»نى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ «بېشىنى ئەگدۇردى»، ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلىرى ۋە پورتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى ۋە بەزى مۇھىم ئورگان - قۇرۇلۇشلارغا «شېرىك» بولدى. بۇ خىتايىنى تېخىمۇ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك ئىمتىيازغا ئېرىشتۈردى. داڭلىق خىتايشۇناس مۇتەخەسسىس جون پومفرېت (John Pomfret)، بېيجىڭنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى قەرز تۇزاقلىرىنى «جاھانگىرلىك ئارزۇسىنىڭ تىجارەت ماركىسى» دەپ تەسۋىرلىگەن (Pomfret, 2018). (سېھىرلىك «قەرز قورالى»نىڭ خىتايىنىڭ «قايسى دۆلەتنى، نېمە نىشان ئۈچۈن ۋە قانداق ۋاسىتىلار بىلەن قەرزگە بوغىمىز؟» دېگەن سوئاللار ئايرىم تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ). دېمەك بۇلار، خىتايىنىڭ تىجارەت ۋە مەبلەغ سېلىشنى سىياسىيلاشتۇرۇش، دۇنياغا «قانۇنلۇق» ھالدا يۇمشاق كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن ئاساس ۋە باھانە تەييارلايدۇ.

## 2.4 قاتتىق كېڭەيمىچىلىك: ھەربىي كېڭەيمىچىلىك – جىن شىشىدىن چىقتى

ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتقان رۇسىيە - ئۇكرائىنا ئۇرۇشىغىچە دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا، نۇرغۇن چوڭ ۋە كىچىك تىپتىكى ئۇرۇشلار داۋاملاشماقتا. ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى ۋاكالەتچى ئۇرۇش ياكى ئاسىممېترىك (سىممېترىك بولمىغان) ئۇرۇش (يەنى ئاجىز ھەربىي قىسىملارنىڭ كۈچلۈك ھەربىي قىسىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئادەتتىن تاشقىرى ئۇرۇش ئۇسۇلىنى، ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇش ئۇسۇلى). ئامېرىكا بىلەن ھەر ساھەدە رىقابەتكە كىرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنياغا ئېچىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەربىي ساھەدە كۈچلىنىشنى ھاياتىي پىلان قىلغان ۋە ھەربىي خامچوتنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغان . 2022-يىلى 5-مارتتا ئېچىلغان خىتاي 13-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5-يىغىنىدا قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان خامچوت لايىھەسىگە ئاساسەن، 2022-يىلدىكى دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى بىر تىرىليون 450 مىليارد يۈەن (تەخمىنەن 229 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) بولۇپ، 2021-يىلدىكى ھەربىي چىقىمغا سېلىشتۇرغاندا % 7.1 ئاشۇرۇش پىلانلانغان (中航证券, 2022). خىتاي ھەربىي خامچوتتا دۇنيادا ئامېرىكىدىن قالسا 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانىدىكى «مەبلەغ سېلىش»، «قەرز بېرىش» نىقابىدىكى يۇمشاق كېڭەيمىچىلىكتىن ھەربىي كۈچ ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق قاتتىق قوللۇق بىلەن ئاشكارا كېڭەيمىچىلىككە ئۆتۈشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى: باشقا دۆلەتلەرگە ھەربى بازا قۇرۇش ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇش؛ ئىستراتېگىيەلىك پورتلارنى سېتىۋېلىش؛ ھەتتا ياۋروپا دۆلەتلىرىگىچە قورال-ياراق، ھەربىي تېخنىكا سېتىش؛ باشقا دۆلەت ئارمىيەسىگە «ئىقتىسادىي ياردەم» بېرىش ئارقىلىق ئۇ دۆلەتتە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ۋە باشقىلار. مەسىلەن، 2017- -يىلى 11-ئاينىڭ 14-كۈنى، زىمبابۋې ئارمىيەسى پايتەخت خارارېغا باستۇرۇپ كىرىپ،سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى ۋە خىتايغا قىزىقمىغان روبېرت مۇگابىنىڭ 37 يىل داۋام قىلغان ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ ھەربىي ھەرىكەتنى بېيجىڭ دائىرىلىرى رىغبەتلەندۈردى ۋە ياردەم بەردى (AA, 2017). خىتايىنىڭ «باشقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق» يۇمشاق دىپلوماتىك سىياسىتىدىن، «مەنپەئەتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ھەر چارىنى سىنايمىز» سىياسىتىگە ئۆتىشىنى، رىۋايەتلەردىكى ئاقىۋىتى تېخىمۇ خەتەرلىك بولغان «جىننىڭ شىشىدىن چىقىشى»غا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ دېگەنلىك، ھازىرقى خىتاي خەلقئارا سودىغا ئورتاق مەنپەئەتلىنىشتىن بەكرەك، بايلىق-ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېرىشىش ۋە چەتئەلدىكى مەبلەغ ۋە پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى

ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي كۈچ قوللىنىشتىن چېكىنمەيدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلى ئېلان قىلغان «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ «ئۈچ باسقۇچلۇق» ئىستراتېگىيەسى» نى تېز سۈرئەتتە ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. 6G تېخنىكىسى، مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئوپتىكىلىق تېخنىكا، ئېنىق يېتەكلەش تېخنىكىسى، يېڭى ماتېرىيال تېخنىكىسى ۋە ئالەم قاتنىشى تېخنىكىلىرى قاتارلىق ئۈستۈن ۋە نازۇك تېخنىكىلارنىڭ ھەربىي ساھەدە كەڭ قوللىنىلىشى خىتاينىڭ نىمگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بۈگۈندە بىرگىلا ئەمەس، بەلكى يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈن دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېغىر خەتەر پەيدا قىلىپ، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىنى يەنە سىرىلانكىنىڭ ھامبانتوتا پورتىدىن، پاكىستاننىڭ گۋادار پورتىدىن، كامبودژانىڭ تايلاند قولتۇقىدىكى رىئام (Ream) دېڭىز ئارمىيە بازىسىدىن (Theguardian, 2022) ۋە جىبۇتىدىكى ھەربىي بازىسىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ «ۋال كوچىسى گېزىتى»(WSJ) نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ ئېكۋاتور گىۋىنىيەسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى باتا شەھىرىدە ھەربىي بازا قۇرماقچى بولغان. خىتاي بۇ بازا ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن ئورۇش پاراخوتى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتىنى ئورۇنلاشتۇرالايدۇ ۋە رېمونت قىلالايدۇ. بۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى، بەشبۇرجەكلىك بىنا ۋە ئاقساراي ئۈچۈن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى ھېسابلىنىدۇ (WSJ, 2021). كۈنىمىزدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىشى، يولىيورۇقى، دىپلوماتىك يول ئېچىپ بېرىشى ۋە ئىقتىسادىي قوللىشى بىلەن خىتاي كارخانىلىرىنىڭ (كۆپىنچىسى دۆلەت ئىگىلىگىدە ياكى ھەربىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار كارخانىلار) مەلۇم دەرىجىدە ياكى پۈتۈنلەي ئىگىدارلىق ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان پورتلار، دۇنيادا 90 دىن ئاشىدۇ. خىتايغا نىسبەتەن بۇ پورتلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىدىن بەكرەك مۇھىم، چۈنكى خىتاي ئۆزىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە كەلسە ئالدىنقى سەپتىكى بۇ پورتلارنى ھەربىي ئىشلارغىمۇ ئىشلىتەلەيدۇ. خىتاينىڭ بەس-بەستە مۇھىم پورتلارغا ۋە ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلارغا ئىگە بولۇشقا ئالدىرىشىدىن، ھەربىي كېڭەيمىچىلىكتىكى قارا نىيىتىنى ئېنىق ئوقۇيالايمىز. چۈنكى بۇ خىتاينىڭ خەلقئارانىڭ سودا، سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىپ، دۇنياغا جاھانگىر بولۇش ئارزۇسىنىڭ كۈچ قالقىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3.4 نوپۇس كېڭەيمىچىلىكى: بارسا كەلمەس يول

نوپۇسنىڭ چېگرا ھالقىپ باشقا بىر يەرگە كۆچۈشى بىر دۆلەت ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە يۇمشاق، نۆۋەتتە كەلسە قاتتىق كۈچ ئېلېمېنتى بولۇپ، ئۇ يەنە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتچان ئامىل. خىتاينىڭ تۈركۈملەپ چەتئەلگە كۆچۈش تارىخى 1840 ـ يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، يېقىنقى 20 يىللىق جەريانىدا تەدرىجىي ئۆرلەپ، 2019 ـ يىلىلا بىر يىل ئىچىدە 10 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن (知乎, 2020).

2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنزىلى شىمالىي ئامېرىكا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي تاپقان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بولغان. خىتايلار ئامېرىكىغا ئەڭ جىق كۆچكەن بولۇپ، سانى 2 مىليون 900 مىڭ (% 27) بولغان. بۇنىڭدىن باشقا خوڭكوڭدا 2 مىليون 270 مىڭ (% 21)، ياپونىيەدە 784مىڭ، كانادادا 691 مىڭ، ئاۋستىرالىيەدە 641 مىڭ، ئىتالىيەدە 238 مىڭ، ئەنگلىيەدە 225 مىڭ ئىكەن (CCG, 2022). ھازىرغىچە باشقا دۆلەت پۇقراسى بولغان خىتاي مۇھاجىرلىرى 50 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇلاردىن تايلاندتا 9.4 مىليون، مالايسىيادا 7.4 مىليون، ئامېرىكىدا 4.1 مىليون، كانادادا 1.5 مىليون خىتاي مۇھاجىرى ياشايدۇ. چەتئەلدىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ بۇنداق ئېشىپ بېرىشى، ئۇلار يەرلەشكەن رايون ياكى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. دېموكراتىك

دۆلەتلاردە پارتىيە رەئىسى، پارلامېنت ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ئەمەللەرگە يۈكسەلگەن كۆچمەن ختايلار ئىچىدە، ئەركىن ئىرادىسىنى خ ك پ گە تەسلىم قىلغان، ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلغان، ھەتتا جاسۇسلۇق قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

20 يىل جەريانىدا ختايدىن چېگرا ھالقىپ كۆچكەنلەرنىڭ يىللىق سانى
بىرلىك: تۈمەن




ختاي كۆچمەنلىرى ياكى يېڭى كۆچمەنلىرىنىڭ جىنس نىسبىتى پەرقى خېلى چوڭ بولۇپ، ئەرلەر 58% نى ئىگەللەيدۇ. تۈركىيەدە مېنىڭ كۆزىتىشىم، مۇناسىۋەتلىك كىشى ۋە ئورۇنلار (بولۇپمۇ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى) دىن سۈرۈشتۈرۈشۈم نەتىجىسىدە، بۇ غەيرىي رەسمىي مەلۇمات ئوتتۇرىغا چىقتى: تۈركىيەگە ئىش، تىجارەت، ئوقۇش ۋە باشقا مەقسەت بىلەن كەلگەن، ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسى ياكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىقىنى ئالغان ختايلارنىڭ 90% نىڭ يېشى 20-35 ئارىسىدا بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئەرلەرنىڭ نىسبىتى 85% .

نيۇيورك شەھەر رايونى ئاسىيا سىرتىدىكى ئەڭ كۆپ ختاي نوپۇسى بار شەھەر ھېسابلىنىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، 2017-يىل تىزىمغا ئېلىنغان ختايلارنىڭ سانى 893 مىڭ 697 بولغان، 18ياشتىن 34 ياشقىچە بولغانلارنىڭ سانى 226 مىڭ 615 (AFF, 2020).

پاكىستاندىن سېتىۋالغان گۋادار پورتى (Gwadar Port ) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي «ختاي شەھىرى»گە ئايلانغان بولۇپ، مىڭلىغان ختاي ئەسكەرلىرى «ئامانلىق ساقلاش» خادىمى سۈپىتىدە پاكىستان قانۇن-تۈزۈملىرىدىن ھالقىغان ئۆزگىچە «دۆلەت قانۇنى»نى ئىجرا قىلماقتا. ختايدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بىر مەبلەغ سېلىش شىركىتى 500 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ 2023-يىلغىچە گۋادار شەھىرىگە ئورۇنلىشىشى مۆلچەرلەنگەن 500 مىڭ ختاي كەسپىي خادىملىرىغا كېرەكلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى سالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان (Shah, 2017).

ژۇرنالىست يازغۇچى مەھمەت ئالى ئۆنەل

(Mehmet Ali Önel): «خىتايلار تۈركىيەنى ئىستىلا قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى!» ناملىق ماقالىسىدە، خىتايلارنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش ئارقىلىق تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەن خىتايلارنىڭ سانىنى 10 مىليون يەتكۈزۈش ۋە ئىستانبۇلنىڭ ھەر بىر كوچىسىغا بىر خىتاي ماگىزىنى ئېچىش ئۈچۈن پىلانلىق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان (Yeniakit, 2019). بۇ خىل نوپۇس «ئىستېلاسى»نى باشقا دۆلەت ۋە رايونلاردىمۇ ئۇچۇق كۆرەلەيمىز.

قازاقىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان يەتتىنچى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئەلىشىر خېلىلوف ۋە خالىدە ئازىمبەكوۋانىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، قازاقىستان، قىرغىزىستاندا خىتاي شىركەتلىرى جىق بولغان رايونلاردا، خىتايلارنىڭ يەرلىك قىز-چوكانلار بىلەن رەسمىي ياكى پۇقرالىق ئېلىش ئۈچۈن «يالغان» توي قىلىش ئەھۋالى خېلى ئېغىر بولماقتا. تاراتقۇلاردا بۇ خىل خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىش ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەن. دۇنيا بانكىسى ساندان(مەلۇمەت ئامبىرى) مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، 2020-يىلى قازاقىستاننىڭ نوپۇسى جەمئىي 18 مىليون 754 مىڭ بولۇپ، ئاياللار نوپۇسى 51.5% نى، ئەرلەر بولسا 48.5% نى ئىگەللەيدىكەن (Worldbank, 2022). قازاقىستاندىكى ئاياللار نوپۇسىنىڭ ئوشۇق بولۇشى خىتاي ئەر بويتاقلىرى ئۈچۈن يېڭى «مەنبە» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئارتۇق بويتاق ئەرلەر ۋە ئېشىنچە ئەمگەك كۈچى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى پىلانلىق ھالدا ئۆز خەلقىنى باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈشكە، ئولتۇراقلىشىشقا زورلىماقتا، رىغبەتلەندۈرمەكتە ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك ئىمكان، دىپلوماتىك يول، ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قىلماقتا. چۈنكى ئامېرىكا بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىك رىقابەتتە، ئېشىنچە نوپۇس ۋە ئۇنى ئىستراتېگىيەلىك ھالدا چېگرا ھالقىتىپ دۇنياغا يېيىش، خىتاينىڭ قولىدىكى ئەڭ ئۈستۈن، ھەم ئەۋزەل ئاسىممېترىك (سىممېترىك بولمىغان) ئۇرۇش قورالى. بېيجىڭ دائىرىلىرى بۇ ئەۋزەللىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، كۆپ يۆنىلىشلىك كۆچ پىلانلىرىنى ئىجرا قىلدى ۋە ئىجرا قىلماقتا. مەسىلەن: خىتاينىڭ «قەرز قورالى» تەھدىتى ئاستىدا قالغان دۆلەتلەر باشقا ھېچبىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىغا قىلمىغان ئىلتىپات، قولايلىقنى خىتاي پۇقرالىرىغا قىلماقتا. 1958-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، ماۋ زېدۇڭ «نوپۇسنىڭ كۆپلۈكى كۈچ دېمەكتۇر (人多力量大)» دېگەن مەشھۇر قاراشنى تەكىتلىگەندىن بۇيان، خىتاي نوپۇسى ئۇچقاندەك ئېشىپ بارغان. 1982-يىلى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بويىچە، خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 2021 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يىغىن چاقىرىپ، پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۈچ بالىلىق سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ماقۇللىغان (新华网, 2021). بۇ ئەسلىدىنلا نوپۇسى جىق، جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىز خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە ۋەھىمە سېلىپ، نوپۇس بىلەن دۇنيانى ئىستېلا قىلىشى قارا نىيىتىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى.

## خۇلاسە

ۋەتىنىمىزنىڭ خىتايغا خوشنا بولۇپ قېلىشى جۇغراپىيەلىك قىسمىتىمىز، مۇشۇنداق ئادالەتسىز بىر مۇھىتتا تۇغۇلۇپ ياشىشىمىز بىزنىڭ تەقدىرىمىز. كېلەچەكتە يەرشارىغا زومىگەر بولۇشقا نىيەتلەنگەن خىتاينىڭ زۇلمىنى ئەڭ جىق تارتقان، ئۇنى ئوقۇيالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان، ئەڭ سىرلىق غەرىزىنىمۇ بىلەلەيدىغان بىزدىن باشقا بىر خەلق يوقتۇر. خىتاي گەرچە ئىقتىسادتا كۈچلەنسىمۇ، خەلقئارا سەھنىدە باش رولچى بولۇپ بەزى «ئويۇن»لارنى ئوينىيالىغان بولسىمۇ، دۇنياغا خوجا بولۇش نىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى خىتاينىڭ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە باشلامچى بولالىغىدەك سۈپىتى، دېموكراتىيە چۈشەنچىسى، ئىنسان ھەقلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان نىيىتى

ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسىنىڭ يوقلىقىنى ھەر بىر ھەرىكىتىدىن بەكمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى «قىيامەت» نىڭ يېقىن ئەتىدە دۇنيانىڭ بېشىغا كەلمەسلىكى، ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى»نىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتمەسلىكى ۋە بۇ يارىنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ھەر قايسى مىللەتلەرنى، رەھبەرلەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگان ـ قۇرۇلۇشلارنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن ئويغىتىشىمىز زۆرۈر:

ـ خىتاينىڭ ئېنېرگىيە ئاچكۆزلىكى، ھەر يەردە تالان قىلىش قارا نىيىتىنىڭ يوشۇرۇن ئىكەنلىكىنى،"سەن ئۆل، مەن ياشاي «سۈيىقەستىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش؛

ـ خىتايدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتۈن دۇنياغا يامرايدىغان، ئەتىدىلا دۇنياغا تەھدىت بولىدىغان «ئوشۇق ئەر» كىرىزىسىنى ۋە خىتاينىڭ يېڭى باشلىغان «ئۈچ باللىق بولۇش» سىياسىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش؛

ـ ئىقتىسادىي، تېخنىكا، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلەردە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ، ئەمەلىيەتتە كېلەچەكتىكى دۈشمىنىنى كۈچلەندۈ- رىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش؛

ـ مىللىي مەنپەئەتى، سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن زامانىۋى دەۋردىمۇ باشقا بىر مىللەتنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان خىتاي ھۆكۈمىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتى، «جىنس قىرغىنچىلىقى» جىنايىتى، ئىنسانىي ۋە مەنىۋى قىممەتلەرنى دەپسەندە قىلىش جىنايىتى، يەرلىكلەرنىڭ بايلىق ھەققىنى تالان- تاراج قىلىش جىنايىتى ۋە باشقا جىنايەتلىرىنى «يەرشارى ماگنىتسكىي كىشىلىك ھوقۇق جاۋابكارلىق قانۇنى» The Global Magnitsky Human Rights) (Accountability Act ۋە باشقا خەلقئارالىق قانۇن- تۈزۈم مېخانىزمى بويىچە ئەڭ ئېغىر شەكىلدە جازالاشنىڭ «قانىغان يارا»نىڭ ساقىيىشىنىڭ كاپالىتى، گۈزەل بىر دۇنيا بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش؛

ـ خىتاينىڭ چىرىكلىك،خىيانەت ۋە پارىخورلۇققا ئىلھام بېرىدىغان، زىيانلىق سودا ۋە تەڭسىز شېرىكلىككە قىستايدىغان،ساندان(سانلىق مەلۇماتلار) ۋە بىلىم- مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا سەل قارايدىغان، ئىنسان ھەقلىرى، تور بىخەتەرلىكى، خەلقئارا قانۇن ۋە باشقا نىزاملارنى دەپسەندە قىلىدىغان ۋە كېلەچەكتە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش؛

ـ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەنىۋى قىممەت قاراشلىرى خىتاي خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەق- ھۆرلۈك قىممەت قاراشلىرى ئۈچۈنمۇ جىددىي بىر تەھدىت. بىز بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بۇ بالايى- ئاپەتكە قارشى ئورتاق تەدبىر ئېلىشقا چاقىرىشىمىز لازىم؛

ـ دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پۇل- مۇئامىلە تەرتىپىنى ۋە سىستېمىسىنى ئۆز ئىرادىسىگە ماسلاشقان شەكىلدە يېڭىدىن تۈزۈپ چىقىشقا ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان خىتاي، سىياسىي سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ تەجرىبىسىنى يەرشارىلاشتۇرۇپ تېخىمۇ كېڭەيتىۋاتقان بېيجىڭنىڭ يامان غەرىزىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش؛

ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى ئەڭ ئاۋانگارت رول ئېلىشى كېرەك بولغان تۈرك-ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرىنى، خىتاي بىلەن تۈزگەن كېلىشىم- ھەمكارلىقىنى يېڭىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىش؛ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كېڭەيمىچى خىتايغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى قەلئە ئىكەنلىكىنى، بۇ قەلئە يىقىلسا ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشلىنىدىغان ئىشغالنىڭ تېزلىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش؛

خىتاينى بىردىن بىر دۈشمەن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقىنى ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلغان تەشكىلات ۋە پائالىيەتچىلەرگە قارىتا:

- ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى(NATO) قاتارلىق خىتايغا قارشى تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كۈچلەرنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈر؛

- بىز دەۋايىمىزدىكى ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ھەرىكەت پىلانىمىزنى كېلەچەكتە شەكىللىنىدىغان دۇنيا سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە بېكىتىشىمىز زۆرۈر؛

- دۆلەت ھالقىغان يەرشارى خاراكتېرلىك كۈچلەر(Global Powers)نى ۋە ئۇلارنىڭ كېلەچەكنى شەكىللەندۈرۈش مۇددىئاسىنى ئالدىن ئوقۇيالىشىمىز؛ دۇنيانى باشقۇرۇۋاتقان سىياسىيونلار بىلەن كاپىتالنى باشقۇرۇۋاتقانلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلەچەكتە ساقلانغىلى بولمايدىغان كۈچ سىنىشىش، تىركىشىشكە تەييارلىق قىلىشىمىز زۆرۈر؛

- خىتاينىڭ مەقسىتى بىزنى بىر پۈتۈن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، بۇنىڭغا كۆنمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىشتۇر. ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە تونۇتۇش، ئەتىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان ئەۋلادلىرىمىزنى ياراملىق ئىزباسار قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى ھەر بىرىمىز ۋە ھەر بىر ئائىلە مىللىي مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىشى زۆرۈردۇر؛

ھەممىمىزنىڭ بىرلا نىشانى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ قانىغان يارىسىنى شىپا تاپقۇزۇپ ۋەتىنىمىزنى، ئەزىز خەلقىمىزنى خىتاينىڭ چاڭگىلىدىن تېزراق قۇتۇلدۇرۇش. شەرقىي تۈركىستان كېلەچەكتە بالا-قازا بولىدىغان خىتاينىڭ دۇنياغا كېڭىيىشىنى ۋە ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى قەلئە، بىز بولساق بۇ «ئىس-تۈتەكسىز ئۇرۇش» بولۇۋاتقان قەلئەدىكى بىرەر ئەسكەر- جەڭچىمىز. زوراۋانلىققا، يولسىزلىققا قارشى قىلغان بۇ ھەققانىي كۈرىشىمىز چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ! ھەققانىيەت ئويغانسا، رەزىللىك يوقىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يوقىلىشقا مەھكۇمدۇر!

---

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


- AA. (2017, 12 05). *Zimbabve'deki darbe Çin işi olabilir mi?* Anadolu Ajansı: https://www.aa.com.tr/tr/analiz–haber/zimbabve–deki–darbe–cin–isi–olabilir–mi/989844 adresinden alındı
- AFF. (2020, 03 31). *SELECTED POPULATION PROFILE IN THE UNITED STATES*. Retrieved from American FactFinder: https://archive.md/Z66Xd#selection–263.0–263.48
- AlJazeera. (2017, 07 12). *China to open first overseas military base in Djibouti*. Retrieved from Al Jazeera: https://www.aljazeera.com/news/2017/7/12/china–to–open–first–overseas–military–base–in–djibouti
- BBC. (2019, 05 16). **ਪਾਕਿਸਤਾਨ ਤੋਂ ਚੀਨ ਵਿੱਚ ਦੇਹ–ਵਪਾਰ ਲਈ ਤਸਕਰੀ ਕੀਤੀਆਂ ਲਾੜੀਆਂ ਦੀਆਂ ਕਹਾਣੀਆਂ**. Retrieved from BBC: https://www.bbc.com/punjabi/international–48291457
- BBC. (2021, 05 07). *Report_ China emissions exceed all developed nations combined*. Retrieved from BBC News: https://www.bbc.com/news/world–asia–57018837
- CBN. (2020, 05 20). *China's Total Domestic Debt Hit 317% of GDP by April for Record Quarterly Increase*. Retrieved from China Banking News: China's Total Domestic Debt Hit 317% of GDP by April for Record Quarterly Increase: IFF – China Banking News
- CCG. (2022年05月20日). 中国国际移民报告2020. 检索来源: 全球化智库: http://www.ccg.org.cn/archives/61145
- CEIC. (2022, 05 08). *China Iron Ore Price: Daily*. Retrieved from CEIC: https://www.ceicdata.com/en/china/iron–ore–price–daily

- Charbonneau, L. (2021, 10 21). *Global Condemnation of Chinese Government Abuses in Xinjiang*. Retrieved from Human Rights Watch: https://www.hrw.org/news/2021/10/21/global–condemnation–chinese–government–abuses–xinjiang
- Chinadaily. (2021, 10 26). *COSCO raises stake in Greek port*. Retrieved from Chinadaily.com.cn: http://global.chinadaily.com.cn/a/202110/26/WS61775552a310cdd39bc7140a.html
- CIA. (2020). *List of countries by sex ratio.* Langley: The World Factbook.
- CIA. (2022). *China.* Langley: The World Factbook. doi:https://www.cia.gov/the–world–factbook/countries/china/
- CityPopulation. (2022, 05 29). 中國：新疆维吾尔自治区. Oldenburg, Hansa–Ring, Germany. Retrieved from https://www.citypopulation.de/zh/china/xinjiang/admin/
- DAWN. (2013, 02 18). *China given contract to operate Gwadar port*. Retrieved from DAWN.COM: https://www.dawn.com/news/786992/china–given–contract–to–operate–gwadar–port
- Denyer, S., & Gowen , A. (2018, 04 18). *TOO MANY MEN*. Retrieved from The Washington Post: https://www.washingtonpost.com/graphics/2018/world/too–many–men/
- Dettmer, J. (2021, 10 04). *China's Energy Crisis Puts Global Economic Recovery at Risk*. Retrieved from VOA: https://www.voanews.com/a/china–s–energy–crisis–puts–global–economic–recovery–at–risk/6256209.html
- Euronews. (2019, 12 04). *Pakistanlı 629 kadın ve kız çocuğu Çin'e 'gelin' olarak satıldı*. Retrieved from Euronews: https://tr.euronews.com/2019/12/04/pakistanl–629–kadin–ve–kiz–cocugu–cin–e–gelin–olarak–satildi
- Goldprice. (2022, 05 08). *Gold price*. Retrieved from goldprice: https://goldprice.org/
- HRW. (2019). *World Report 2019_ You Should Be Worrying about the Woman Shortage*. Retrieved from Human Rights Watch: https://www.hrw.org/world–report/2019/country–chapters/global–0
- Kazakhstan History. (2022, 05 25). *Kazakhstan–Chinese relations at the present stage.* Retrieved from HISTORY OF KAZAKHSTAN: http://edu.e–history.kz/en/contents/view/2162
- Moramudali, U. (2020, 01 01). *The Hambantota Port Deal_ Myths and Realities* . Retrieved from The Diplomat: https://thediplomat.com/2020/01/the–hambantota–port–deal–myths–and–realities/
- Omonkulov, O. (2020, 04 21). Kuşak ve Yol Projesi Bağlamında Çin–Orta Asya İlişkileri. *ResearchGate*, 57. https://www.researchgate.net/publication/341592574_Kusak_ve_Yol_Projesi_Baglaminda_Cin–Orta_Asya_Iliskileri adresinden alındı
- Ortadoğu. (2021, 03 22). *Çin borçlandırdığı Türk devletlerinin topraklarına el koyuyor*. Ortadoğu Haber: Çin borçlandırdığı Türk devletlerinin topraklarına el koyuyor adresinden alındı
- Pomfret, J. (2018, 08 27). *China's debt traps around the world are a trademark of its imperialist ambitions*. Retrieved from The Washington Post: https://www.washingtonpost.com/news/global–opinions/wp/2018/08/27/chinas–debt–traps–around–the–world–are–a–trademark–of–its–imperialist–ambitions/
- POWER. (2016, 01 01). *The Energy Industry in Xinjiang, China: Potential, Problems, and*

*Solutions*. Retrieved from POWER: https://www.powermag.com/energy–industry–xinjiang–china–potential–problems–solutions–web/

- Reuters. (2017, 06 18). *Greece blocks EU statement on China human rights at U.N.* Retrieved from Reuters: https://www.reuters.com/article/us–eu–un–rights–idUSKBN1990FP
- RFE/RL. (2022, 06 09). *European Parliament Calls China's Xinjiang Violations 'Serious Risk Of Genocide'.* Retrieved from Radio Free Europe: https://www.rferl.org/a/europe–china–uyghurs–genocide/31891097.html
- Shah, M. A. (2017, 10 21). *500,000 Chinese professionals expected in Gwadar by 2023*. Retrieved from The News International: https://www.thenews.com.pk/print/238644–500000–Chinese–professionals–expected–in–Gwadar–by–2023
- Silverprice. (2022, 05 08). *Silver Price*. Retrieved from silverprice: https://silverprice.org/
- Skopec, R. (2020, 12 31). *Coronavirus is a Biological Warfare Weapon*. Retrieved from Herald Scholarly Open Access: https://www.heraldopenaccess.us/openaccess/coronavirus–is–a–biological–warfare–weapon
- SunSirs. (2022, 05 24). *China Thermal Coal Spot Price*. Retrieved from SunSirs—China Commodity Data Group: http://www.sunsirs.com/uk/prodetail–369.html
- Tasagil, A. (2011). *TÜRKİSTAN* (Cilt 41). Ankara: Türkiye Diyanet Vakfı. 04 07, 2022 tarihinde TDV İslâm Ansiklopedisi: https://islamansiklopedisi.org.tr/turkistan adresinden alındı
- TASKIN, B. (2022, 03 19). *Pakistan chose China ties over justice, let Chinese 'bride traffickers' get away, claims report*. Retrieved from The Print: https://theprint.in/go–to–pakistan/pakistan–chose–china–ties–over–justice–let–chinese–bride–traffickers–get–away–claims–report/879843/
- Theguardian. (2022, 06 07). *Chinese military 'to have exclusive use of parts of Cambodian naval base'.* Retrieved from The Guardian: https://www.theguardian.com/world/2022/jun/07/chinese–military–to–have–exclusive–use–of–parts–of–cambodian–naval–base–ream–gulf–of–thailand
- TheWorldBank. (2021). *All Countries and Economies*. Retrieved from The World Bank: https://data.worldbank.org/indicator/NY.GDP.MKTP.CD?most_recent_value_desc=true
- TheWorldBank. (2022, 04 27). *CO2 emissions (metric tons per capita) – China*. Retrieved from The World Bank: https://data.worldbank.org/indicator/EN.ATM.CO2E.PC?locations=CN
- THOMSON REUTERS FOUNDATION . (2019, 05 10). *Poor Pakistani Women Trafficked as 'Brides' to China*. Retrieved from The Irrawaddy: https://www.irrawaddy.com/news/asia/poor–pakistani–women–trafficked–brides–china.html
- Trading Economics. (2022, 5 8). *Crude oil*. Retrieved from TRADING ECONOMICS: https://tradingeconomics.com/commodity/crude–oil
- Trading Economics. (2022, 05 10). *Natural gas*. Retrieved from Trading Economics: https://tradingeconomics.com/commodity/natural–gas#forecast
- UNFPA. (2018). *Towards a normal sex ratio at birth in China.* Beijing: UNFPA. Retrieved from https://china.unfpa.org/sites/default/files/pub–pdf/English–UNFPA%20China%20policy%20

brief%20on%20GBSS%20%E6%8E%A8%E5%8A%A8%E4%B8%AD%E5%9B%BD%E5%87%BA%E7%94%9F%E6%80%A7%E5%88%AB%E6%AF%94%E6%AD%A3%E5%B8%B8%E5%8C%96%E8%8B%B1%E6%96%87.pdf

- UNFPA. (2018). 性别失衡背景下中越跨境婚姻研究：中国调查报. 北京: 联合国人口基金.
- UYGHURTRIBUNAL. (2021). *UYGHUR TRIBUNAL JUDGMENT.* Londra: UYGHUR TRIBUNAL. Retrieved from https://uyghurtribunal.com/wp–content/uploads/2021/12/Uyghur–Tribunal–Summary–Judgment–9th–Dec–21.pdf
- VOA. (2021, 08 02). *"Corona Virüsü Çin'deki Laboratuvardan Yayıldı"*. Retrieved from Amerikanin Sesi: https://www.amerikaninsesi.com/a/corona–virusu–cindeki–laboratuvardan–yayildi/5987934.html
- WorldBank. (2021). *List of Countries by Sex ratio.* Washington: World Bank. Retrieved from https://statisticstimes.com/demographics/countries–by–sex–ratio.php
- Worldbank. (2022, 05 25). *Population, total – Kazakhstan _ Data*. Retrieved from The World Bank: https://data.worldbank.org/indicator/SP.POP.TOTL.MA.ZS?locations=KZ
- Worldometer. (2022, 05 07). *COVID–19 CORONAVIRUS PANDEMIC*. Retrieved from Worldometer: https://www.worldometers.info/coronavirus/
- WSJ. (2021, 12 05). *China Seeks First Military Base on Africa's Atlantic Coast, U.S. Intelligence Finds*. Retrieved from The Wall Street Journal: https://www.wsj.com/articles/china–seeks–first–military–base–on–africas–atlantic–coast–u–s–intelligence–finds–11638726327
- Yeniakit. (2019, 12 28). *https://www.yeniakit.com.tr/haber/soke–eden–iddia–cinliler–turkiyeyi–istila–operasyonu–baslatti–982238.html*. Yeniakit: https://www.yeniakit.com.tr/haber/soke–eden–iddia–cinliler–turkiyeyi–istila–operasyonu–baslatti–982238.html adresinden alındı
- YIHE, X. (2021, 01 21). *Coalbed methane targets always out of reach for China*. Retrieved from Upstream is part of NHST Media group: https://www.upstreamonline.com/production/coalbed–methane–targets–always–out–of–reach–for–china/2–1–941998
- بىلال نىزام. (2021). شەرقىي تۈركىستان بوپۇس جۇغراپىيەسى. ئەنقەرە: ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنىستىتۇتى.
- خەلق تورى. (2009-كۈنى-05ئاينىڭ-06يىلى). شىنجاڭ ‹ ‹دۆلەت ئېنېرگىيىسى› › گۈرۈھىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك بازىسى بولۇپ قالدى. خەلق تورى: http://uyghur.people.com.cn/157681/9423230.html دىن ئېلىندى
- خەلق-تورى. (2018-كۈنى-14ئاينىڭ-12يىلى). تارىم نېفىتلىكىدە 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گاز زاپىسى بايقالدى. خەلق تورى: http://uyghur.people.com.cn/165019/15747065.html دىن ئېلىندى
- خەلق-تورى. (2021-كۈنى-21ئاينىڭ-06يىلى). تارىم نېفىتلىكىدە 1 مىليارد توننا دەرىجىلىك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر نېفىت-گاز رايونى بايقالدى- -خەلق تورى. خەلق تورى: http://uyghur.people.com.cn/156325/15849463.html دىن ئېلىندى
- ئاكادېمىيە. (2022). شەرقىي تۈركىستان. ئىستانبۇل: ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى. https://www.akademiye.org/ug/?page_id=12832 دىن ئېلىندى
- ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى. (2013-كۈنى-30ئاينىڭ-4يىلى). كۈرەش قاينىمىدا ئۆتكەن يىللار - 3. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى: https://www.rfa.org/uyghur/yoruq-sahillar/kuresh-qayniminda-04212013002901.html دىن ئېلىندى

- 万家. (2012年05月11日). 25位»女婴杀手”今日集体受审 合肥中山医院等涉案. 检索来源: 万家热线: http://365jia.cn/news/2012–05–11/0496794F91B10CB2.html
- 中国地质调查局. (2000). 中国铬铁矿资源调查报告. 北京: 国地质调查局. 检索来源: https://www.cgs.gov.cn/ddztt/cgs100/bxcg/fwgj/201611/P020161128425770717420.pdf
- 中航证券. (2022). 解读2022 年中国军费. 25: 03. 检索来源: https://pdf.dfcfw.com/pdf/H3_AP202203251554836522_1.pdf?1648200223000.pdf
- 人民网. (2014年01月27日). 哈密南－郑州±800千伏特高压直流输电工程投运. 检索来源: 人 民 网: http://energy.people.com.cn/n/2014/0127/c71890–24244565.html
- 人民网. (2014年07月31日). 新疆发现价值400亿金矿影响几何? ——能源——. 检索来源: 人民网: http://energy.people.com.cn/n/2014/0731/c71661–25375420.html
- 人民网. (2018年05月15日). 改革开放40年中国经济发展成就及其对世界的影响. 检索来源: 人民网: http://theory.people.com.cn/n1/2018/0515/c40531–29991327.html
- 人民网. (2018年10月26日). 新疆打造»电力丝绸之路”»疆电外送”后劲十足. 检索来源: 人民网: http://finance.people.com.cn/n1/2018/1026/c1004–30365071.html
- 人民网. (2021年05月17日). 国家统计局回应»性别比”话题: 20－40岁性别比为108.9. 检索来源: 中新网: http://m.people.cn/n4/2021/0517/c125–14996855.html
- 人民网. (2022年01月26日). 好消息، 塔里木盆地新发现亿吨级油气区. 检索来源: 人民网: http://finance.people.com.cn/n1/2022/0126/c1004–32340331.html
- 光明日报. (2022年02月26日). 疆电外送电量11年累计突破5000亿千瓦时. 检索来源: 光明日报: https://news.gmw.cn/2022–02/26/content_35546824.htm
- 刘晓. (2015年06月12日). 我国铅锌矿资源现状及其发展对策研究 2015. 中国矿业, 页7. 检索来源: http://www.chinaminingmagazine.com/uploads/pdf/1632716722189.pdf
- 华宝证券. (2021年02月22日). » 铬”行其市—2021 年铬产业链投资展望. 检索来源: 华宝证券: http://pdf.dfcfw.com/pdf/H3_AP202102231464506051_1.pdf?1614087037000.pdf
- 商务部. (2021). 2020 年度中国对外直接投资统计公报. 北京: 中华人民共和国商务部. 检索来源: http://www.gov.cn/xinwen/2021–09/29/5639984/files/a3015be4dc1f45458513ab39691d37dd.pdf
- 国健委. (2021). 2020中国卫生健康统计年鉴. 北京: 国家卫健委. 检索来源: http://www.nhc.gov.cn/mohwsbwstjxxzx/tjtjnj/202112/dcd39654d66c4e6abf4d7b1389becd01/files/7325fee02bf84676a15ebcfa827c9cd5.pdf
- 国土资源部. (2016). 新疆金矿资源调查报告. 北京: 国土资源部.
- 国土资源部. (2016). 新疆铁矿资源调查报告. 乌鲁木齐: 国土资源部中国地质调查局. 检索来源: https://www.cgs.gov.cn/ddztt/jqthd/xj358/cg/201611/P020161125331490591758.pdf
- 国土资源部. (2016). 新疆铅锌矿资源调查报告. 北京: 国土资源部.
- 国土资源部. (2016). 新疆铜矿资源调查报告. 北京: 国土资源部.

- 国土资源部.（2016）. 新疆锰矿资源调查报告. 北京：国土资源部.
- 国家民委.（2022年02月16日）. 新疆维吾尔自治区. 检索来源：国家民委：https://www.neac.gov.cn/seac/ztzl/201208/1067783.shtml
- 国家统计局.（2022）. 中国统计年鉴—2021. 北京：中国统计出版社. 检索来源：http://www.stats.gov.cn/tjsj/ndsj/2021/indexch.htm
- 国统局.（2021年05月11日）. 第七次全国人口普查主要数据情况. 检索来源：国家统计局：http://www.stats.gov.cn/tjsj/zxfb/202105/t20210510_1817176.html
- 国能局.（2022年04月22日）. 3月疆电外送破百亿千瓦时. 检索来源：国家能源局：http://www.nea.gov.cn/2022–04/22/c_1310569202.htm
- 国能集.（2020年04月23日）. 国神集团伊犁电厂正式投产发电. 检索来源：国家能源投资集团有限责任公司：https://www.ceic.com/gjnyjtww/chnjcxw/202004/8921aff38a37444393c633fda94ec8ef.shtml
- 国际能源网.（2021年07月12日）. 2021年新疆大有1等4个石油天然气探矿权挂牌出让结果公示. 检索来源：国际能源网：https://gas.in–en.com/html/gas–3593518.shtml
- 孙宏伟.（2020年12月09日）.» 铬”行其市—2021 年铬产业链投资展望. 矿产保护与利用. Beijing, 中国：矿产保护与利用. doi:10.13779/j.cnki.issn1001–0076.2020.06.023
- 山大移民研.（2015年07月22日）. 在华越南新娘数量或超10万 婚后3年仍无绿卡. 检索来源：中国国际移民研究网：http://www.ims.sdu.edu.cn/info/1014/10395.htm
- 搜狐.（2016年12月02日）. 江苏：奶奶重男轻女杀死出生仅4天孙女 被判10年. 检索来源：搜狐：http://news.sohu.com/20161202/n474762199.shtml
- 搜狐.（2022年05月10日）. 矿业权发证 ｜ 新疆自然资源厅审查通过5个探矿权和3个采矿权. 检索来源：搜狐：https://www.sohu.com/a/545614925_121130164
- 新华网.（2021年05月31日）. 权威快报丨三孩生育政策来了. 检索来源：新华网：http://www.xinhuanet.com/politics/2021–05/31/c_1127513067.htm
- 新华网.（2022年03月03日）. 新疆：±1100千伏昌吉换流站前两月输送电量逾83亿千瓦时. 检索来源：新华网：http://xj.news.cn/2022–03/03/c_1128431100.htm
- 新浪.（2021年12月26日）. 38岁女子产下女婴后用胶带缠其口鼻致死. 检索来源：新浪： https://news.sina.com.cn/o/2021–12–26/doc–ikyakumx6500016.shtml
- 新疆地质矿产信息网.（2012年4月15日）. 新疆银矿. 检索来源：豆丁网：https://www.docin.com/p–383166789.html
- 新统局.（2021）. 新疆统计年鉴 2020. 北京：中国统计出版社. 检索来源：https://www.shahit.biz/yearbooks/Xinjiang%20Statistical%20Yearbook%202020.pdf
- 新统局.（2021）. 新疆维吾尔自治区2020年国民经济和社会发展统计公报. 乌鲁木齐：新疆维吾尔自治区统计局. 检索来源：http://xjzd.stats.gov.cn/jdhy/dcsj/tjgb/202104/t20210413_6541.html
- 新统局.（2022）. 新疆维吾尔自治区2021年国民经济和社会发展统计公报. 乌鲁木齐：新疆日报. 检索日期：2022年04月05日，来源：wap.xjdaily.com/xjrb/20220323/

app_190695.html

- 李晓霞. (2017). 新疆的人 口 问题及人 口 政策分析. 北京: 中 央 社会主 义学院学报.
- 百科. (2014年8月26日). 关于鼓励民汉通婚家庭奖励办法. 检索来源: 360百科: https://baike.so.com/doc/24588008–25462521.html
- 百科. (2015年05月28日). 中国各民族通婚率. 检索来源: 婚嫁百科: https://www.wed114.cn/wiki/article_3006.html
- 百科. (2022年05月12日). 9.21南昌两幼女被洗衣机绞死事件. 检索来源: 百科: https://baike.baidu.com/item/9.21%E5%8D%97%E6%98%8C%E4%B8%A4%E5%B9%BC%E5%A5%B3%E8%A2%AB%E6%B4%97%E8%A1%A3%E6%9C%BA%E7%BB%9E%E6%AD%BB%E4%BA%8B%E4%BB%B6/14097551
- 知乎. (2020年09月12日). 截至19年中国移民人数超千万，主要去向美国、中国香港和日本. 检索来源: 知乎: https://zhuanlan.zhihu.com/p/246605360
- 矿业汇. (2017年02月21日). 新疆惊现世界级超级矿产，成中国投资新圣地. 检索来源: 界面新闻: https://m.jiemian.com/article/1125341.html
- 穆光宗. (2021年08月18日). » 七普”数据与»3000万光棍人口”. 检索来源: 新浪财经: https://finance.sina.com.cn/jjxw/2021–08–18/doc–ikqcfncc3528192.shtml
- 纽约时报. (2013年11月06日). 中国最小肺癌患者仅8岁，空气污染是病因. 检索来源: 纽约时报: https://cn.nytimes.com/china/20131106/c06pollution/
- 维基百科. (2011年03月30日). 中华人民共和国各省级行政区人口性别比例列表. 检索来源: 维基百科: https://zh.wikipedia.org/wiki/%E4%B8%AD%E5%8D%8E%E4%BA%BA%E6%B0%91%E5%85%B1%E5%92%8C%E5%9B%BD%E5%90%84%E7%9C%81%E7%BA%A7%E8%A1%8C%E6%94%BF%E5%8C%BA%E4%BA%BA%E5%8F%A3%E6%80%A7%E5%88%AB%E6%AF%94%E4%BE%8B%E5%88%97%E8%A1%A8
- 网易. (2020年10月18日). 113年前，一位摄影师在上海拍下的老照片，竟是无数女孩的噩梦. 检索来源: 网易: https://www.163.com/dy/article/FP8FQMIU0512856T.html
- 网易. (2022年02月15日). 从»婚姻挤压”看徐州性别失衡治理. 检索来源: 网易: https://www.163.com/dy/article/H09A22AP0512B07B.html
- 网易. (2022年02月07日). 相亲大会»五女相百男”，江苏徐州回应. 检索来源: 网易: https://www.163.com/dy/article/GVKI650505504DLJ.html
- 胡耀岭. (2010). 中国和印度»失踪女孩 «比较研究. 北京: 人口研究. 检索来源: http://ww2.usc.cuhk.edu.hk/PaperCollection/webmanager/wkfiles/7819_1_paper.pdf
- 腾讯. (2021年06月23日). 2021年5月中国铜矿石进口金额同比增长99.6%. 检索来源: 腾讯网: https://new.qq.com/omn/20210623/20210623A01GAO00.html
- 许雯. (2020年01月27日). 柳叶刀披露首例新冠肺炎患者发病日期，较官方通报早7天. 检索来源: 新京报: http://www.bjnews.com.cn/news/2020/01/27/680493.html

## خىتاينىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى زۇلۇم سىياسىتى:

# قانداق تەرەققىي قىلغان ۋە قانداق توسۇش كېرەك؟

2020 - يىلى 9 - ئاي

**جېيمس مىلۋارد**

جورجتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋالش دىپلوماتىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ پەنلىرى پىروفېسسورى

**داھلىيە پېتېرسون**

جورجتاۋن بىخەتەرلىك ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن تېخنىكا مەركىزى (TESC) تەتقىقاتچىسى

**قىسقىچە مەزمۇنى:** خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى (CCP) نىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)غا قاراتقان سىياسىتى مۇستەملىكىچىلىك تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، قورال كۈچى ۋە مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يەنىمۇ ۋەيران قىلدى، ھەمدە «خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» رامكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قارشىلىقىنى «تېررورلۇق» دەپ تەسۋىرلىدى. 2016 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە ۋە شەھەرلىرىگە «قوشماق تۇغقان سىياسىتى ئارقىلىق ياردەم بېرىش» باھانىسىدە، يۇقىرى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش، قاماش، لاگېر تەربىيەسى، ئائىلىسىدىن ئايرىش، تۇغۇتنى چەكلەش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق تۈزۈملەر كۈندىن- كۈنگە كۈچەيتىلدى، شۇنداقلا نەچچە مىڭ خىتاي ۋە خەلقئارالىق شىركەتلەر بۇ تۈزۈمگە بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ياردەمدە بولدى ھەمدە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، 1400 دىن ئارتۇق خىتاي شىركەتلىرى شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىكى ۋە نازارەت قىلىش كەسپىنى چىراي، ئاۋاز ۋە مېڭىش ھالىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ھەرخىل ئىز قوغلاش قورالى بىلەن تەمىنلىمەكتە. گەرچە بۇ شىركەتلەرنىڭ ئاز ساندىكىلىرى ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ كېرەكلىك زاپچاسلارنى ئىمپورت قىلىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل

* ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى ماقالىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئورنىغا شىنجاڭ كەلىمىسىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز ماقالىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە سادىق بولۇشتەك ئىلمىيلىك تەلپىگە ئاساسەن ماقالىدىكى شىنجاڭ ئاتالغۇسىنى ئۆزگەرتمىدۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىنى سورايمىز.
مۇھەررىردىن

جازالار بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تېخى كۆرۈنەرلىك توسۇپ قالالمىدى. گەرچە شىنجاڭدا بۇ تۈردىكى تىجارەتلەرنى قىلىۋاتقان ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر بىر شىركەتنى جازالاش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن شىركەتلەر تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇگۈنكى كۈندە ئۆز زۇلۇمىنى داۋاملاشتۇرماقتا، بۇ نۇقتا يەنىلا كىشىنى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، غەرب شىركەتلىرى داۋاملىق خىتاي شىركەتلىرىگە «ئۆزەك ۋە ساقلاشنى ھەل قىلىش لايىھەسى» قاتارلىق يادرولۇق قاتتىق دېتاللارنى ساتىدۇ، چۈنكى، ھازىر خىتايدا بۇ خىل مەھسۇلاتلار كەمچىل.

بۇ خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئامىمنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىز ئامېرىكا، ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە خىتاينى بىر قاتار سىياسىي تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلىدۇق. بۇ تەكلىپلەر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئامېرىكىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئىستراتېگىيەسىدە چوقۇم شىنجاڭغا قاراتقان سىياسەت، ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىنى تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش، جازا لاگېرلىرىنى تاقاش، نازارەت قىلىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەرگە قارىتىلغان «جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرىكى» تەخمىنىي ئارخىپلىرىنى يوقىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. 2020 - يىلىدىكى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» ۋە 1930 - يىلىدىكى «تاموژنا بېجى قانۇنى» قەتئىي تەتبىقلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئېزىش مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىشى كېرەك. خەلقئارا سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، شۇنداقلا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئاكادېمىكلار ، تەتقىقاتچىلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىتاي نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى ئاشكارا دوكلات قىلىشى، ھەل قىلىش لايىھەسىدىكى يوچۇقنى تولدۇرۇشى ۋە كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىدىكى نامزاتلارمۇ شىنجاڭ ۋە باشقا رايونلاردىكى ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنىڭ ئاممىۋى ماتېرىيال ئامبىرى ئارقىلىق ئۇچۇرغا ئېرىشىشى كېرەك. بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدىكى بىرىنچى يوللۇق سۆھبەت ۋە يېقىندىن قۇرۇلغان ھەرقايسى دۆلەت پارلامېنتلىرى خىتاي مەسىلىسى ئىتتىپاقى (IPAC) ۋە يەر شارى سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى (GPAI) مۇ بىر يۈرۈش ئىتتىپاق پىرىنسىپى ۋە نىشانىنى تۈزۈپ چىقىپ، خىتاينىڭ نازارەت ئۇسۇلىنىڭ يەر شارىغا كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇشى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا تېلېگراف ئىتتىپاقىدا نازارەت ۋە تىزگىنلەش تېخنىكا ئۆلچىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ يۈرگۈزۈشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى ئىتتىپاقداشلىرى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداشنى كۈچەيتىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا ياردەملەشكەن ھەرقايسى ئورگان ۋە شەخسلەرنى جازالىشى كېرەك.

## تارىخى

گەرچە ھازىرقى شىنجاڭ كىرىزىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى (PRC) نىڭ 21 - ئەسىردىكى سىياسىتىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى، خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى، شۇنداقلا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بۇ رايوندىكى دەسلەپكى باسقۇچتىكى نەچچە ئون يىللىق ھۆكۈمرانلىقى، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يولغا قويۇۋاتقان يېقىنقى يىللاردىكى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەزى ئىزچىللىقلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

### چىڭ سۇلالىسى ۋە خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ھازىر شىنجاڭ دەپ ئاتالغان رايون ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى، شۇنداقلا ياۋرو - ئاسىيا ھالقىغان سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە

كۆچمەنلەر يولى بولۇپ كەلدى. مانجۇ ئىمپېرىيەسى 1758- يىلى بۇ رايوننى بېسىۋالدى ھەمدە مىللىي سەرخىللار كۆپ مىللەتنى باشقۇرىدىغان كۆپ مەنبەلىك سىستېما ئارقىلىق بۇ زېمىننى كونترول قىلدى. ئاخىرقى نەچچە ئون يىلدا، چىڭ سۇلالىسى خىتايلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىغا قارىتا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىرىشچانلىق مەغلۇپ بولدى، نەتىجىدە نۇرغۇن خىتاي دېھقانلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتتى.

1940- يىلىنىڭ بېشىدا، خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى (KMT) تۇنجى قېتىم بۇ رايوندا پۇت تىرەپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ زور غەرەزلىك پىلانىنى ئېلان قىلىپ، بىر مىليون خىتاي كۆچمەنلىرى (بۇ رايوندىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ نوپۇسى تۆت مىليونغا يەتمەيتتى) ئارقىلىق شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلماقچى بولدى.[1] گومىنداڭغا نىسبەتەن بۇ پىلانلارنى يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شىنجاڭدىكى خىتايلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، گومىنداڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقى ۋە خېلى چوڭ يەرلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بۇ رايوننىڭ ئومۇمىي ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى.

## خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باشقۇرۇشى

1949- يىلى يازدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرى بېيجىڭغا بېرىش سەپىرىدە سىرلىق ئايروپىلان سۇيىقەستىدە قازا قىلغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى يېڭى بىر تۈرك نەسىللىك ئەمەلدارنى تەيىنلىدى، ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. ج ك پ 80 مىڭ نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرىنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئەترىتى (بىڭتۇەن) (XPCC) گە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەرلەردىن ئاياللارنى ئەكېلىپ ئۇلار بىلەن توي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدا يىلتىز تارتتى. بېيجىڭنىڭ زور مىقداردا ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، بىڭتۇەن شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق مۇستەملىكە كۈچىگە ئايلاندى، 1950- يىلدىن باشلاپ نەچچە مىليون خىتايلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل رايوننى خىتايلار بىلەن قاپلىدى ھەمدە رايوندىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، سانائەت كارخانىسى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرى، تۈرمە ۋە ھازىرقى «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش» لاگېرلىرىنى قۇرۇپ ئۆز ئىلكىدە باشقۇردى.[2] خىتايلارنىڭ شىنجاڭدىكى نىسبىتى 1949- يىلىدىكى ئازغىنە پىرسەنتتىن كۆپىيىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك تۈركىي مىللەت خەلقى بىلەن تەڭلىشىپ قالدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ ئاساسلىقى بىڭتۇەننىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئەترىتى (بىڭتۇەن) 800 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ- كىچىك شىركەتلەرگە ھەسسىدار (پايچى) بولۇش ئارقىلىق خەلقئارالىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تورىنى قۇرۇپ چىقتى.[3] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەرلىك ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئالىي رەھبەرلىرى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جەريانىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى سەۋەبىدىن، 2020- يىلى ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى، ئەگەر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئەترىتىگە قارىتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاتتىق بېسىم قىلىنغان بولسا، بۇ مەزكۇر ئىدارىنىڭ شىنجاڭغا سېلىۋاتقان بۇ تۈرلۈك زىيانكەشلىكلىرىنى چېكىندۈرۈش ۋە توختىتىش مۇمكىن بولغان بولاتتى.[4]

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چىڭ سۇلالىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈلگە ئېلىپ، 56 مىللەت تۈزۈمى ئاستىدا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرگە قارىتا كۆپ خىللىق سىياسىتىنى يولغا قويدى. شەرقىي تۈركىستان زېمىنى 1955- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (XUAR) قىلىپ بېكىتىلدى. لېكىن، ئاپتونومىيە ئىزچىل تۈردە سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ كەلدى، ئەمەلىيەتتە خىتاي پارتىيە

ئەزالىرى ۋە ئەمەلدارلار خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ساقچىلار، غەيرىي رەسمىي ھەربىي خەلق قوراللىق ساقچىلىرى ۋە زوراۋر تېپىلغاندا ئازادلىق ئارمىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بۇ رايوننى كونترول قىلىپ ماڭدى. تېخىمۇ كۆلكىلىك بولغىنى، خىتايلار يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بىگتۇەنلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىردىنبىر ئاپتونومىيەلىك ئورۇن بولدى، چۈنكى ئۇ پەقەت نامدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ يەرنىڭ مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى بىۋاستە بېيجىڭ بىر تەرەپ قىلاتتى.[5]

شىنجاڭنىڭ مىللەت-دىن تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتلىرى پۈتۈنلەي يالغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى نەچچە ئون يىلدا، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىلىق بولدى. بۇ يىللار جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خىتاينىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆزلۈكىدىن قارشى تۇرغان ۋەقەلەر ئاساسەن يۈز بېرىپ باقمىدى. شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن ئېغىر قالايمىقانچىلىقلارنى ئاساسەن چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قاتارلىق ئاپەت خاراكتېرلىك سىياسەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھەتتا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە مالىمانچىلىق پەيدا قىلغىنى ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ شەرقىدىكى شەھەرلەردىن كەلگەن مۇشتۇمزورلار ۋە ناتونۇش خىتاي ياشلىرى ئىدى.

20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى خىتاينىڭ بىرئاز ئەركىنلەشتۈرۈش سىياسىتى، بەزى ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن «ئالتۇن دەۋر» ھېسابلاندى. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقى ئۆستى، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشىمۇ ناھايىتى گۈللەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان سودىسىمۇ كېڭەيدى. خىتاينىڭ شىنجاڭنى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلىنىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئارىلىق رايون» دېگەن قارىشى يوقىلىپ، بۇ رايوندىكى شەھەر ۋە قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىگە زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سېلىنىشقا باشلىدى.

خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل بوشاشتۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدا نامايىش قىلىشى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، «شىنجاڭنى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش» شوئارى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن، شىنجاڭدىكى نارازىلىق پائالىيىتىگە «بۆلگۈنچىلىك»، «پانتۈركىزم» ۋە «ئەكسىلئىنقىلاب» تامغىسى ئۇرۇلدى. 1990- يىلى، بارىن يېزىسىدىكى بىر قېتىملىق ئەمەلگە ئاشمىغان قوزغىلاڭ پۈتۈن خىتاينى زىلزىلىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قوزغىلاڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قاتار «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى كۈچلۈك باھانىسى بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 2014- يىلىغىچە بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئىزچىل ھالدا ئاندا-ساندا يۈز بېرىپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى باستۇرۇش دولقۇنىدا ئۆي-ئۆيلەرگە كىرىپ ئاختۇرۇش، دىنىنى چەكلەش، كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىش ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1997- يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى غۇلجىدا يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك نامايىشنى «قانۇنسىز نامايىش» دەپ باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زور كۈچ بىلەن باستۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاكى 2008- يىلىغىچە بۇ رايون ئومۇمىي جەھەتتىن تىنجىپ قالدى.[6]

## يەرلىك مالىمانچىلىققا «تېررورلۇق» قالپىقىنى كىيدۈرۈش

ھالبۇكى، بۇ تىنىچ مەزگىلدە خىتاي ۋە خەلقئارا ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئىسلام تەھدىتىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. 2001- يىلى 9- ئاينىڭ 11- كۈنى ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر دىيارى

(شەرقىي تۈركىستان)دا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئارقىسىدا ھېچبىر كەڭ كۆلەملىك تەشكىلات ياكى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قاتناشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات بولمىسىمۇ، لېكىن خىتاي بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ سۆزىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى «خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» قاتارىغا كىرگۈزدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىراققا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ ھەقلىقلىقىنى ئىسپاتلاشتا، خىتاينىڭ ب د ت نىڭ قارارىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا 2002- يىلى گۇمان بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» (ETIM) نى خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتى قىلىپ بېكىتتى. لېكىن بىز ۋە باشقا تەھلىلچىلەر ئەمەلىي پاكىتلارغا ئاساسەن بۇنداق قىلىشنى خاتا دەپ قارىغان ئىدۇق. ئامېرىكا ئۆز باياناتىدا، بىر قاتار قىلمىشلارنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە دۆڭگەپ قويدى ھەمدە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى بۇنىڭغا خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى نەقىل كەلتۈردى، ھالبۇكى، بۇ قىلمىشلارنى ۋە بۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى خىتاينىڭ ئۆزىمۇ كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن مەخپىي تۇتقان، ھەمدە بۇ تەشكىلات خىتاي تۇپرىقىدا مەۋجۇت بولۇپمۇ باقمىغان ئىدى.[7]

شۇنىڭدىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى (ETIM) رەسمىي تەشكىللىك خەلقئارالىق تەشكىلات، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇلدۇر» دېگەن خاتا چۈشەنچە كىشىلەر مېڭىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» 2003- يىلى بىر مەزگىل غايىب بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان تېررورلۇق تەھلىلچىلىرى بۇ خىل خاتا ئەنئەنىۋى قاراشنى داۋاملىق تەكرارلىدى.[8] مەسىلەن، بروۇكىڭس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېقىنقى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسىدە ئىنتايىن خاتا ئېيتىلغان مۇنداق بىر ئاچقۇچلۇق سۆز ئېلان قىلىندى: «خىتاي ئۇزاقتىن بۇيان ئىزچىل تۈردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى (ETIM) نىڭ تۆۋەن سەۋىيەلىك زوراۋانلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ تەشكىلات داۋاملىق ھالدا شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا».[9] ھەقىقەتەن شۇنداق، تۆۋەن سەۋىيەلىك زوراۋانلىق ھەرىكىتى. لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئەمەس، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ئەزەلدىن شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلىپ باقمىغان، ھەتتا شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. بىز شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان تۆۋەن سەۋىيەلىك زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى «مۇستەقىللىق ئارزۇسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان» دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالمايمىز، بىزدە مالىمانچىلىقنىڭ ئارقىسىدىكى مۇددىئا توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئۇچۇر يوق، بۇ ۋەقەلەرنىڭ كۆپ قىسمى ساقچىلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردىن ئىبارەت.

ئامېرىكا بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ETIM نى قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەندىن كېيىن، «ئۇيغۇر تېررورچىلىقى» بىر خىل قىزىق تېمىغا ئايلاندى. خىتاي ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇيغۇر تېررورچىلىرىنىڭ 2008- يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ساقچى ۋە ھەربىي ئورۇنلار بىر قىسىم ھۇجۇملارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەندىشە كۆرۈنەرلىك ئىسپاتلانمىدى. 2009- يىلى 7- ئاينىڭ 5- كۈنى شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن مىللىي قوزغىلاڭ، ئەمەلىيەتتە، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىكى گۇاڭدۇڭدىكى زاۋۇتتا ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچ ھالدا ئېتىراز بىلدۈرۈشىنى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ «تېررورلۇق ۋەقەسى» دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ، قوراللىق ساقچىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى زورلۇق كۈچى بىلەن باستۇرغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتىدا پەقەت 7- ئاينىڭ 5- كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن 200 گە يېقىن خىتاي تىلغا ئېلىنغان، ئەمما كېيىنكى ئىككى كۈندە، ساقچىلار ۋە ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى تۇتقانلىقى ۋە ھەتتا ئوق-بومبىلار بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمەي مەخپىي تۇتۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ۋە بىر نەچچە ھەپتە

ئىچىدە يەنە نەچچە يۈز، نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر قولغا ئېلىنغان.

1990- يىللاردىن بۇيان،[10] ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق بولغان تۆۋەندىكىدەك سىياسىي ۋەقەلەر يۈز بەردى: 2013- يىلى 10- ئايدا بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئاپتوموبىل ھۇجۇمى ۋە ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش ۋەقەسى، 2014- يىلى 3- ئايدا كۇنمىڭ ۋوگزالىدا يۈز بەرگەن كوللېكتىپ پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى، 2014- يىلى 4- ئايدا ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا يۈز بەرگەن پىچاق ۋە بومبا بىلەن ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى، شۇنداقلا 2014- يىلى 5- ئايدا ئۈرۈمچى بازىرىدا يۈز بەرگەن ئاپتوموبىل ۋە پارتلىتىش ھۇجۇمى قاتارلىقلار. بۇ ۋەقەلەر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاللىقاچان ھۆكۈمى پىچىپ قويۇلغان غازات ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭ ۋە خىتايدا يۈز بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما، ئاز ساندىكى ھۇجۇم قىلغۇچىلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ تەشكىللىك ھالدا ياكى خىتايدىن باشقا يەردىكى ھەرقانداق تەشكىلات بىلەن ماسلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك ئىسپات يوق ئىدى. بۇ خىل ئېنىق بولغان قارشىلىق ھۇجۇمى ۋەقەلىرىدىن باشقا، 2010- يىللاردا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي خەۋپسىزلىك قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتى ساقچىلىرى «توپىلاڭ»نى باھانە قىلىپ، ھەرقايسى ئورۇن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي-ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ، كۆرۈنۈشتە «ئەسەبىي ئۇنسۇرلار»نى ئاختۇردى ۋە بۇنىڭ باھانىسىدا دۆلەتنىڭ «مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجاب ۋە چۈمپەردىلىرىنى چەكلەش» بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدى.[11] بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ۋەقەلەردە ھەتتا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئاتالمىش «تېرروررچىلار»دىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى باشقا تالاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ سانىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ خەۋەر مەنبەسىدە بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ھەممىسى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» دەپ تەسۋىرلەندى، لېكىن مۇھىمى، شىنجاڭدا كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارنى (بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى قالايمىقانچىلىق ۋەقەلىرى ئەمەلىيەتتە ئاساسىي قانۇندىكى ئاپتونومىيە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە بېسىۋاتقان سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئىدى) 2013 — 2014- يىللىرى يۈز بەرگەن تۆت قېتىملىق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

خىتاينىڭ تەدبىرلىرى دىنىنلا چەكلەشتىن خېلىلا ھالقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىنى نىشان قىلغان. روشەنكى، خالىغانچە قاماققا ئېلىشتا تۇتۇلغانلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى دىندىن خالىي زىيالىيلار ۋە ئۇيغۇر پارتىيە ئەزالىرى ئىدى.

شىنا چېستنات گرېيتېنس، مىيۇنخى لى ۋە ئەمىر يازىجى يېقىندا ئېلان قىلغان تەسىرى كۈچلۈك بىر پارچە ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭدا يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش، تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىدا كەڭ كۆلەمدە سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇق تەھدىتىگە بولغان گۇمانى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ خىل تەھدىتنى بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدىكى مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ <دىنىي ئاشقۇنلۇقى> دىن، يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەلدىن شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىپ يۇقۇملانغان دەپ قارايدۇ».[12] خۇددى تۆۋەندە كۆرگىنىمىزدەك، خىتاينىڭ تەدبىرلىرى دىنغا بولغان چەكلىمىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ چەكلىمىلەر ئاللىبۇرۇن روشەن ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىنى نىشانلاپ، زىيالىي سەرخىللارنى ۋە دىندىن خالىي ئۇيغۇر پارتىيە ئەزالىرىنىمۇ خالىغانچە تۈرمىگە تاشلىدى. شۇڭا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خالىغانچە باستۇرۇش ھەرىكىتىنى «غازات تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى گۇمانلىق. دېمەك، مەيلى «دىن ئەسەبىيلىكىگە بولغان ۋەھىمە» خىتاينىڭ ھەقىقىي قارىشى بولسۇن ياكى تەشۋىقاتى بولسۇن، بىزنىڭ ئارىمىزدىكىلەردىن مىلۋارد، يۇقىرىقى گرېيتېنس، مىيۇنخى لى ۋە ئەمىر يازىجى قاتارلىقلارنىڭ خىتاي تەرەپ بىلەن شىنجاڭنى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» قالىپىقى ئاستىدا مۇھاكىمىگە تۇتۇشى ئېغىر بىر خاتالىق دەپ قارايدۇ. بۇنداق قىلىش ئامېرىكىنىڭ 2002- يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى (ETIM) نى «تېررورلۇق

تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىشتەك خاتالىقنى قايتا سادىر قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، ھەمدە بىزنىڭ شىنجاڭ كىرىزىسىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى يەنە بىر قېتىم «تېرورىزم»دىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىك رامكىسى ئىچىدە چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن. كىشىلەرگە مەجبۇرىي «ئەملەنگەن» «يۇقۇملۇق ئىدىيە ۋىرۇسى» ھەققىدىكى ئۇيغۇن تەھلىل بولماستىن، بەلكى خەتەرلىك تەشۋىقات پىكرىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا، خەلقئارالىق ئوبزورچىلار ۋە ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەر ئۇنى دەلىللىمەسلىكى كېرەك. ئەكسىچە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقى ۋە ئاندا-ساندا يۈز بېرىۋاتقان ساقچى ۋە ھۆكۈمەت نىشانلىرىغا قارىتىلغان ھۇجۇم ۋەقەلىرىنى، شۇنداقلا 2013 — 2014- يىللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۆت قېتىملىق «قوراللىق ھۇجۇم ۋەقەلىرى»نىڭ سەۋەبلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىن مۇزاكىرە قىلىشىمىز كېرەك. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق قالايمىقانچىلىقلارغا دىنىي مۇددىئادىكى «تېرروررلۇق ۋەقەسى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭمۇ ھەمپىكىردە بولۇشىمىز بۇ ۋەقەلەرگە خاتا دىئاگنوز قويۇش ھېسابلىنىدۇ.[13]

## كىرىزىس

### تەرەققىيات ۋە ئاسسىمىلياتسىيە

سەھىپە چەكلىك بولغاچقا، بۇ يەردە خىتاينىڭ شىنجاڭغا قارىتا يۈرگۈزگەن سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان 2010- يىلدىن كېيىنكى كىرىزىسقا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تارىخىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىرقىي يوقىتىش، مەدەنىيەت ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، ھەتتا مىللەت قىرغىنچىلىقى دەپ ئاتالغان بۇ كىرىزىسنى،[14] 1990- يىللىرىدىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان مەغلۇبىيەتلىك تەرەققىيات سىياسىتى،[15] كۈندىن-كۈنگە تەلۋىلەشكەن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ۋە باستۇرۇش-قارشىلىق كۆرسىتىش-باستۇرۇش دەۋرىيلىكىنىڭ بىرىكىشى ۋە يۇقىرى دولقۇنى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

گەرچە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تەرەققىيات تىرىشچانلىقى ئىزچىل ھالدا خىتاي شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 21- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، ئىككى تۈرلۈك ھەرىكەت بۇ تىرىشچانلىقلارنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. 2000- يىلى باشلانغان «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش» (西部大开发) تا، خىتاي ھۆكۈمىتى چوڭ تىپتىكى قاتناش ۋە ئىقتىسادىي تۈرلەرگە مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا ۋە نېفىت تۈرىگە بەكرەك كۆچىدى، چۈنكى بۇ ئىككىسى ئەينى چاغدا شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئەڭ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان مەھسۇلاتلار ئىدى. بۇ غەربىي رايوننى ئېچىش پىلانى ئۇيغۇرلار ۋە شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى، شۇنداقلا شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش ياكى شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي پەرقىنى كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت بەلگىلەنگەن نىشانىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.[16]

2009- يىلدىكى قانلىق ۋەقەدىن كېيىن، شىنجاڭ ۋە مەركەز دائىرىلىرى ھازىر بار بولغان «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش» (对口支援新疆) تۈرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، شەرقىي قىسىمدىكى 19 ۋىلايەت-شەھەرلەرنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 0.3% — 0.6% ىنى شىنجاڭدىكى يېڭى ئېچىلغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشلىتىشنى ھەمدە مەسلىھەتچىلىككە ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. لى يۈخۇينىڭ مۇنداق بىر مەزمۇندىكى تەتقىقات دوكلاتىنى سۇندى: «ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ ياردەم بېرىش پىلانى زور بىر تۈركۈم يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى، بولۇپمۇ سانائەت رايونلىرى ۋە <ئاچقۇچلۇق> سودا تەرەققىيات رايونلىرى خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھەمكارلىق شېرىكلىرىنىڭ سانائەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تاللانغان، لېكىن كۆپ ھاللاردا شۇ جاينىڭ

ئىقتىسادىي شارائىتىغا ماس كەلمەيدۇ. <شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش> تۈرىنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كېتىدىغان مەبلەغ نىسبەتەن ئاز بولىدۇ.[17] بۇنىڭدا چوقۇم خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى (ئۇيغۇرلارغا ئورتاق تىل ئۆگىتىش) نى ئالدىن ئويلىشىش كېرەك، بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى خەنزۇلاشتۇرۇش سىياسىتىنى كۈچلەندۈرۈشتە تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ». لى يۈخۇي بۇنىڭدىن باشقا يەنە، بولۇپمۇ قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىكى چۈمبەل ئارتىش، ئاشكارا دۇئا قىلىش ۋە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنى چەكلەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.[18]

## شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنى كەڭ كۆلەمدە، تېخنىكىلىق باستۇرۇش

2014-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭ پارتكومىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان جاڭ چۈنشيەن «قاتتىق زەربە بېرىش» نى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە بۇ رايوندا «خەلقنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى»نى باشلىدى. شۇ يىلى ئېچىلغان «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا «مۇقىملىقنى قوغداش» خىزمىتى شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يادروسى قىلىنىپ، ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. بۇ چاغدا دۆلەتنىڭ خاككېرلار گۇرۇپپىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەۋەرلىشىش ئۈچۈرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشكە باشلىدى.[19] ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئېتىقادى ۋە باشقا مىللىي پائالىيەتلىرى چەكلىنىپ، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش يېڭى قانۇنى» (2015-يىلى 12-ئاي)، «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» نىزامى (2017-يىلى 3-ئايدا) ۋە «دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش» (2017-يىلى 9-ئايدا) قاتارلىق يېڭى ۋە مۇجمەل بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش ۋە جازالاش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

2017-يىلدىن باشلاپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇستەملىكە تەرەققىياتى ۋە مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، 2016-يىلى شىزاڭدىن بۇ رايونغا يۆتكەلگەن شىنجاڭ پارتكومىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شۇجىسى چېن چۈەنگونىڭ كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش پىلانى بىلەن بىرلىشىپ، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. گەرچە 2014-يىلى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى يېڭى قانۇن-نىزام خاتىرىسىدە، چېن چۈەنگونىڭ 2016-يىلى 8-ئايدا شىنجاڭغا كېلىشى 2017-يىلى باشلانغان يۈكسەك باستۇرۇشنىڭ بىردىنبىر كاتالىزاتورى ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قانۇن ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، يېڭى قانۇن-نىزاملارنىڭ ماھىيەتلىك يولغا قويۇلۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. چېن چۈەنگو شىنجاڭغا كىرگەن تۇنجى يىلى، 100 مىڭ يېڭى ئامانلىق ساقلاش خادىمىنى قوبۇل قىلىپ، نەچچە مىڭلىغان «خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتى» قۇرۇپ، تورلاشتۇرۇلغان ساقچى تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى.[20] ئۇ يەنە شىنجاڭدا چىراي پەرقلەندۈرۈش سىنلىرى، يان تېلېفون تەكشۈرۈش يۇمشاق دېتالى، يىراق مۇساپىلىق يان تېلېفون ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، تەكشۈرۈش (يىراق مۇساپىلىق سانلىق مەلۇمات توپلاش) ۋە شەخسىي ئۇچۇر توپلاش (بانكا، ساياھەت، ئىجتىمائىي ئالاقە ئاخبارات ۋاستىلىرى ، دىنىي پائالىيەت) ۋە بىئولوگىيەلىك پەرق ئېتىش سانلىق مەلۇماتلىرى ئارقىلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق ساقچى خىزمىتى ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلىدى. مەجبۇرىي سالامەتلىك تەكشۈرۈش ۋە كىملىك تارقىتىش جەريانىدا يىغىلغان بىئولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلار DNA، قان تىپى، يۈز قىسمىنىڭ تەسۋىرى، كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ تەسۋىرى، ئاۋاز ئىزى ۋە قەدەم ھالىتىدىكى بارماق ئىزلىرىنى ھەم ئومۇميۈزلۈك توپلىدى.

پىرىنسىپ جەھەتتە، بارلىق سانلىق مەلۇماتلار دۆلەت ئىلكىدىكى دۆلەت مۇداپىئە گۇرۇھى خىتاي ئېلېكترون پەن-تېخنىكا شىركىتى (CETC) نىڭ تارماق شىركىتى ياسىغان ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەت سۇپىسى (IJOP، 一体化联合作战平台)[21] غا كىرگۈزۈلىدى. ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەت سۇپىسى بولسا ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ «ئەسەبىيلىك»

مۇمكىنچىلىكىنى مۆلچەرلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ قامايدۇ، سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ ياكى نازارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتكۈل ئۇيغۇرلار توپىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گۇمانلىق دەپ قارالغان قىلمىشى ۋە ئېتىقادىنى جازالاش ئارقىلىق ئىرقچىلىقنى قانۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل قىلمىشلار: قوشنىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئالدى ئىشىكتىن جىق چىقماسلىق، ئىككىدىن ئارتۇق بالىسى بولۇش ياكى چەتئەل بىلەن ئالاقىسى بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[22] 2019-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خەلقئارا تەكشۈرۈش مۇخبىرلىرى ئىتتىپاقى (ICIJ) خىتاينىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2017-يىلى 6-ئايدىكى تۆت پارچە «ئۇقتۇرۇش» بار بولۇپ، ھۆججەتتىكى مەزمۇندا ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەت سۇپىسى (IJOP) نىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇق» ۋە «ئەسەبىيلىك» تەھدىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئاھالىلىرى ۋە چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلەرنى قانداق نازارەت قىلىدىغانلىقى، ئۇلارغا سىياسىي تەربىيە قىلىش باھانىسىدا جازا لاگېرىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ياكى تۈرمىگە سولايدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئېنىقلىما بېرىلمىگەن.[23]

مەسىلەن، 2017-يىلى 6-ئايدىكى بىر ھەپتە ئىچىدە، بۇ ھەرىكەت سۇپىسى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 24 مىڭ 421 نەپەر ئاۋامغا «گۇمانلىق ئادەم» دەپ بەلگە قويىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 706 كىشى جىنايەتچى سۈپىتىدە قولغا ئېلىنىدى؛ 15 مىڭ 683 ئادەم «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش لاگېرى» (ئەمەلىيەتتە جازا لاگېرى) غا ئەۋەتىلدى (تۆۋەندىكى بېرىلگەن مەنبەگە قاراڭ)؛ 2096 ئادەمگە «ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك كۆزىتىش» بەلگىسى قويۇلدى.[24] تۇتۇلغانلارنىڭ سەۋەبىنى خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفوندا بايقالغان ماتېرىياللار ياكى ئۈندىدار ئارقىلىق يوللانغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغانلىقنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشتى. 2010-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، شىنجاڭ G3 تورى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفوننى كىرگۈزۈپ، دىنىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسىم، ئاۋازلىق دەۋەت، سىن ۋە ئاۋازلىق قىسقۇچلارنى ئىشلەش ۋە تارقىتىشقا ئۆزى قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئاندىن ئۇيغۇر تىلىنى تەرجىمە قىلالايدىغان تېخنىكىنى ئىشلەپ چىقاردى، شۇنداقلا «قۇرئان»، «ئاللاھ»... قاتارلىق «دىنىي ئەسەبىيلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دەپ قارالغان ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ئىزدەش تېخنىكىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ، مۇشۇ سەۋەبلىك يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى جازا لاگېرىغا ياكى تۈرمىلەرگە سولىدى.[25] 2017-ۋە 2018-يىلى 350 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭنىڭ قانۇن سىستېمىسى بويىچە سوتقا تارتىلدى، ھالبۇكى ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا بۇ كىشىلەرنىڭ يىللىق سانى 30 مىڭغىمۇ يەتمەيتتى.[26]

چېن چۈەنگو تۈرمىنىڭ سانىنى تەخمىنەن ئون ھەسسە كۆپەيتكەندىن باشقا، يەنە ئاتالمىش «مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش» (集中教育转化) ئورۇنلىرىنىمۇ كېڭەيتتى، بۇ ئىلگىرى زەھەر چەككۈچىلەر، يولدىن چىققان باللار، فالۇن گۇمپىسى مەشىق قىلغۇچىلار ھەمدە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ساقال قويۇۋالغان ياش ئەرلەر ۋە يۈزىنى ياپقان ئاياللارنى مەجبۇرىي ئەكىلىدىغان ئورۇن ئىدى. 2017-يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، شىنجاڭ دائىرىلىرى كەڭ كۆلەملىك قايتا تەربىيە سىستېمىسى بويىچە پۈتۈن شىنجاڭدىن 5% تىن 15% كىچە بولغان مۇسۇلمانلارنى تۇتۇشقا باشلىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن تۇتۇلغانلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللاردىن جىق ئىدى. بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مەمۇرىي ئورۇنلار، ھەربىي زاۋۇتلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن تېخنىك-ئىشچىلارنى تەلەپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئەتراپى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان، سىم تور ۋە مۇھاپىزەت مۇنارى بولغان، ئىچىدە قۇلۇپلانغان تۈرمە، قۇلۇپلانغان كارىدور ۋە ھەممە يەر سىنئوتىلىق نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى بىلەن تولغان نەچچە ئونلىغان چوڭ تىپتىكى جازا لاگېرلىرىنى سالدى.[27]

ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر ۋە بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى بۇ جازا لاگېرلىرى ئاز دېگەندە ئۈچ دەرىجە بويىچە ياسالغان

بولۇپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەكتىپىدىن تارتىپ تۈرمىگىچە بولغان سۈپەت شەرتى بويىچە ھازىرلانغان ھەمدە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى سولىغان.[28] ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلغۇچىلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس يېڭى يەسلى ۋە يېتىم بالىلار ساناتورىيەلىرى ياسالغان.[29] ھازىر قانچىلىك ئادەمنىڭ يەنىلا جازا لاگېرىدا ئىكەنلىكى، يېڭى مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالى ۋە شارائىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى تېخى نامەلۇم. يەنە بەزى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، مەھبۇسلار شىنجاڭدىن سىچۈەن، گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا يۆتكەلگەن.[30]

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەردىن قاماقتا ئېلىنغانلار سولىنىشتىن ئىلگىرى سوتلانمايدۇ، پەقەت «ئەسەبىيلىك» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. ساقچى تەرەپ مەھبۇسلارنىڭ «جىنايەت شەپىسى»نى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئاتالمىش ئاشقۇنلۇق ئالامەتلىرى تىزىملىكى تۇرغۇزغان بولۇپ، بۇلار: ھاراق ئىچمەسلىك، روزا تۇتۇش، يۈز يېپىش، ساقال قويۇش ياكى قۇرئان كەرىم ساقلاش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىسلام ئادەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، چەتئەلگە چىقىش ياكى چېگرا سىرتىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشمۇ قاماقتا ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى قاتارىدىندۇر.[31] جازا لاگېرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلار ھەر كۈنى قاتتىق تەرتىپ، سىياسىي تەربىيە، ئورتاق تىل (خىتاي تىلى) نى ئۆگىنىش ھەمدە ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. جازا لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن خىتايدىن چىقىپ كېتىشكە مۇيەسسەر بولغان بىرەيلەن ئۇ يەرنىڭ شارائىتىنى بايان قىلىپ: «ئىچى قىستاڭچىلىق، تازىلىق شارائىتى مەينەت، يېمەكلىكى ناچار، ئۇرۇش، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قىيناش، دائىم باسقۇنچىلىق قىلىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، بالىياتقۇغا تۇغۇت چەكلەش سايمىنى سېلىش ۋە تۇغۇت چەكلەش دورىسى ئىچكۈزۈش قاتارلىق زۇلۇملار مەۋجۇت» دېدى.[32]

گەرچە ج ك پ دائىرىلىرى بۇ جازا لاگېرلىرىنى «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن چېن چۈەنگونىڭ ياردەمچىسى، قوشۇمچە شىنجاڭ بىخەتەرلىك ئەمەلدارى جۇ خەيلۇن ئىمزالىغان جازا لاگېرى لايىھەسى ۋە خىزمەت قېلىپى ئاشكارىلىنىپ قالغان بولۇپ، «ئوقۇغۇچىلار» چوقۇم ئاز دېگەندە بىر يىللىق «مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش»نى تاماملىشى ھەمدە سىياسىي ئىدىيەسى ۋە ئىنتىزامچانلىقى قاتتىق باھالاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە بولغان «كەسپىي تەربىيەلەش» ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.[33] دېمەك، «كەسپىي تەربىيەلەش» باھانىسىدىكى مەھبۇسلار مەيلى قايسى خىل شەكىلدە تەربىيەلىنىشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئۇلار جازا لاگېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2018- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بىر قىسىم مەھبۇسلار جازا لاگېرلىرىنىڭ مەخسۇس زاۋۇتلىرىغا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى نامرات كەنت ئەتراپىدىكى «ھەمراھ زاۋۇت»لارغا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سانائەت رايونلىرىغا ياكى بىڭتۇەن ئولتۇراق نۇقتىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا ۋە ياكى خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەن. مانا بۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇستەملىكە تەرەققىياتى بىلەن مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ يۇغۇرۇلغان ھالىتى: مەھبۇسلار تەقسىم قىلىنغان نۇرغۇن زاۋۇتلارنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ياكى خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكە، شەھەر ۋە شىركەتلەر ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ قۇرغان ۋە باشقۇرغان.[34] ئىلگىرىكى مەھبۇسلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مائاشىنى ئالالمىغان ياكى ئىش ھەققى بەكلا تۆۋەن بولغان. بۇ خىل مەھبۇسلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، 2018- يىلى پەقەت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۆزىدىنلا 100 مىڭ ئىشچىنى جازا لاگېرىدىن سانائەت رايونى ۋە كەنتتىكى «ھەمراھ زاۋۇت»قا يۆتكەشنى پىلانلىغانلىقىنى جاكارلىغان، ئۇلار ئۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىمىسىغا ئېرىشكەن شىركەتلەرگە توقۇلما بۇيۇم ۋە كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال پۈتكۈل

شىنجاڭ ۋە خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدا تەكرار يۈز بەرمەكتە.[35]

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە سىياسىتى تەتقىقات ئورنى (ASPI) تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بايقىشىچە، خىتايدىكى توققۇز ئۆلكىدىكى 27 زاۋۇت بىۋاسىتە ھالدا جازا لاگېرىدىن كەلگەن ياكى جازا لاگېرىدىكى سىياسىي تەربىيە تۈرىنى تاماملىغاندىن كېيىن يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى ياللاپ ئىشلەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى زاۋۇتلارنىڭ شارائىتى تۈرمىگە ئوخشاش بولۇپ، قورۇق تام ۋە قوغداش مۇنارى بار ئىكەن ھەمدە ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنىڭغا «يېرىم ھەربىيلەشتۈرۈلگەن» دېگەن بەلگىنى چاپلاپ قويىدىكەن. ئىشچىلار مەجبۇرىي ھالدا سىياسىي تەربىيە ۋە خىتاي تىلى دەرسلىرىگە قاتنىشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتاق ياكى زاۋۇت ئىچىدىن باشقا يەرگە بېرىشى پۈتۈنلەي چەكلەنگەن.[36]

جازا لاگېرىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە ئىختىيارىي بولمىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ خالىغانچە يۆتكىلىشى نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلدى. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەتتا نۇرغۇن ئاياللار ۋە ياشانغانلارمۇ «ھەمراھ زاۋۇت»تا ياللىنىپ، ئېغىر شارائىت ئاستىدا مەجبۇرىي ئىشلىمەكتە. ئۇلارغا قارىتىلغان تۈزۈم بويىچە ئۇلارنىڭ كىچىك باللىرى مەجبۇرىي ھالدا خىتاي تىلىدىكى ياتاقلىق باللار يەسلىسى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلماقتا.[37]

شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىدىغان خىتاينىڭ ھەر قايسى زاۋۇتلىرىنىڭ خىتاي ۋە چەتئەللىك تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر بىلەن بولغان كەڭ ئالاقىسى، پۈتۈن خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ (بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق كەسپى) ئاللىقاچان جازا لاگېرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە چېتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان باياناتىدا ئۆزىنى ئاقلاپ بۇ تۈرلەرنى «نامراتلارنى يۆلەش» دەپ تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ،[38] لېكىن بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قانۇنسىز ھالدا جازا لاگېرىغا قامالغان بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ھەتتا بۇ خىل خىزمەتكە سېلىشنى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن ئوخشاش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىدىغان خىتاينىڭ ھەر قايسى زاۋۇتلىرىنىڭ خىتاي ۋە چەتئەللىك تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر بىلەن بولغان كەڭ ئالاقىسى، پۈتۈن خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ (بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق كەسپى) ئاللىقاچان جازا لاگېرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە چېتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يىللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن تۆتتىن بىر قىسمىغىچە ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئەترىتى (بىڭتۇەن) دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.[39] شىنجاڭنىڭ پاختىسى باشقا جايلارنىڭ پاختىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يىپ، رەخت ۋە كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە سىياسىتى تەتقىقات ئورنى (ASPI) ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېلان قىلغان تەتقىقاتى نەتىجىسىدە، Nike, Adidas, Fila, BMW, Mitsubishi, Panasonic, Huawei, The North Face, H&M, and Victoria's Secret قاتارلىق داڭلىق ماركىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 83 شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[40] 2020-يىلى 7-ئايدا، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۆينەك ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتتىن بىرى بولغان، باش مەركىزى شياڭگاڭغا جايلاشقان يىدا گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدىكى مەھبۇسلارنىڭ ئەمگەكلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. يىدا گۇرۇھى شىنجاڭدىكى بىڭتۇەن بىلەن تاكى 2000-يىلى 4-ئايغىچە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، 2020-يىلى يازدىمۇ يەنىلا شىنجاڭدىكى ئۈچ زاۋۇتنى باشقۇراتتى.[41]

## مۇناسىۋەتلىك نازارەت قىلىش شىركەتلىرى

نۇرغۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرى ۋە چەتئەلدىكى شىركەتلەر شىنجاڭنىڭ نازارەت قىلىش سىستېمىسىغا قاتنىشىپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ يۇقىرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۈرلۈك زۇلۇملارغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولماقتا. بۇ شىركەتلەر 2015- يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنىڭ «مۇقىملىقى»نى ئالدىن ئويلىشىش سىياسىتى ۋە يېزىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا مەملىكەت بويىچە «ئۆتكۈر كۆز» نازارەت ۋە تىزگىنلەش پىلانى قۇرۇلۇشىدا ئىقتىسادىي ۋە ئابرۇيى جەھەتتە پايدىغا ئېرىشتى.[42] 2018- يىلىغا بارغاندا، 1400 گە يېقىن خىتاي شىركىتى شىنجاڭدا نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان توختامنى تالاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 1000 ى شىنجاڭدىكى شىركەتلەر ئىدى.[43]

سىياسىي تاللاش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ شىركەتلەرنى ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن نۇقتا قويۇلغان خىتاي شىركەتلىرى. ئىككىنچىسى، ھازىرغا قەدەر ئامېرىكىنىڭ جازاسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ شىنجاڭدا ئىزچىل ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي كارخانىلىرى. ئۈچىنچىسى، ئالدىنقى ئىككى گۇرۇپپىدىكى شىركەت ۋە كارخانىلارغا يادرولۇق قاتتىق دېتال ساتىدىغان غەرب شىركەتلىرى.

## ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىدىكى شىركەت ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى

2019- يىلى 10- ئايدا، ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، خىتاي شىركەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، بۇلارنىڭ ئىمپورت زاپچاسلىرىغا ئېرىشىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. لېكىن، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان نۇرغۇن خىتاي شىركەتلىرى يەنىلا تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالدى.[44] ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى بۇلارنىڭ قاتارىدىن «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى تۈركىي مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش، كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە سولاش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ھەرىكىتى»گە بىۋاسىتە ياردەملەشكەن ۋە يولغا قويغان شىنجاڭدىكى سەككىز شىركەت ۋە يىگىرمە ھۆكۈمەت ئورگىنىنى تاللاپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ھەم بۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.[45] بۇ سەككىز شىركەت بولسا سىن نازارەت قىلىش شىركىتىدىن Dahua (大华)، Hikvision (海康威视)، Megvii (旷视科技)، Yitu (亿图)، Sensetime (商汤科技) ۋە يىشىن پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتى (亿欣科技有限公司) قاتارلىقلار؛ شۇنداقلا ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش شىركىتى iFlytek (科大讯飞) ۋە رەقەملىك ئىسپات ئېلىش شىركىتى بولغان شىيامېن شەھەرلىك مېيىيا مىكرو ئۈچۈر چەكلىك شىركىتى (厦门市美亚柏科信息股份有限公司) قاتارلىقلاردۇر.[46] تۆۋەندە بىز بۇ شىركەتلەرنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە شەكلىدە بايان قىلىمىز.

2020- يىلى 5- ئايدا، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئوخشاش سەۋەب بىلەن يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سەككىز خىتاي شىركىتى ۋە خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قانۇن دوختۇرلۇقى تەتقىقات ئورنىنى تىزىملىككە كىرگۈزدى.[47] بۇ شىركەتلەر: ئاقسۇ خۇافۇ توقۇمىچىلىق شىركىتى (جازالىنىشتىن ئەنسىرەپ مەجبۇرلانغان بولۇشى مۇمكىن)؛ يۈز پەرقلەندۈرۈش شىركەتلىرىدىن CloudWalk (云从科技)، Intellifusion (云天励飞)، IS’Vision (杭州易思维科技有限公司)، NetPosa (东方网力科技) ۋە ئۇنىڭ تارماق شىركىتى SenseNets (深圳市深网视界科技有限公司)؛ ھەمدە IT ئۇل ئەسلىھە شىركەتلىرىدىن FiberHome Technologies Group (烽火科技集团)، يۇنخې سانلىق مەلۇمات تارماق شىركىتى ۋە Nanjing FiberHome Starrysky Communication Development (南京烽火星空通信发展有限公司) قاتارلىقلاردۇر.[48]

جازالانغان نۇرغۇن خىتاي شىركەتلىرىمۇ خىتاي پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىقىنىڭ دۆلەتلىك «AI (سۈنئىي ئەقىل) چېمپىيونى» تىزىملىكىدە بار.[49] «AI چېمپىيونى» دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە سۆز قىلىش هوقۇقىغا ئىگە، دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە نىسپىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە خىتاينىڭ 2030-يىلىدىن بۇرۇن سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىشىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.[50] «AI چېمپىيونى»نىڭ ئىچىدىكى 15 شىركەتتىن بەشى شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار: iFlytek (科大讯飞)، Hikvision (海康威视)، Yitu (亿图)، Megvii (旷视科技) ۋە Sensetime (商汤科技) قاتارلىقلاردۇر.

خىتاينىڭ چىراي تونۇش تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى شىنجاڭدىكى نازارەت قىلىش سىستېمىسىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى ھەمدە خىتاي ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا غايەت زور تەسىر كۆچىنى جارى قىلدۇرماقتا. Dahua (大华)، Hikvision (海康威视) قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ تاۋارلىرى خەلقئارادىكى بىخەتەرلىك تېلېكامېراسى ۋە رەقەملىك سىنئالغۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلار بازىرىنى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدۇ.[51] 2016-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە، Dahua (大华)، Hikvision (海康威视) قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى 11 تىنچ شەھەر ۋە ج خ تەكشۈرۈش پونكىتى تۈرىدىن ئېرىشكەن ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليارد يۈەن (1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) دىن ئېشىپ كەتتى.[52] Hikvision (海康威视) نىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرىنىڭ قىممىتى 79 مىليون دوللار بولۇپ، 30 مىڭ دانە بىخەتەرلىك تېلېكامېراسى، سىن ئانالىز مەركىزى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق نازارەت سىستېمىسى، چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى، ساقچى تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندىن تەركىب تاپقان.[53] ئۇنىڭدىن باشقا، Hikvision (海康威视) يەنە گۇما ناھىيەسىدىكى بىر جازا لاگېرى ۋە مەسچىتلەرگە نازارەت سىستېمىسى ئورناتقان.[54]

ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىدىكى باشقا چىراي تونۇش تېخنىك شىركەتلىرىگە ئوخشىمايدىغىنى، دۆلەت ئىلكىدىكى CETC شىركىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە Hikvision (海康威视)نى كونترول قىلىپ كەلدى ھەمدە «زور مىقداردىكى مالىيە تولۇقلىمىسى» بىلەن تەمىنلىدى.[55] Hikvision (海康威视) CETC بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا IJOP (CETC نىڭ دەسلەپكى بىر تارماق شىركىتى ياسىغان ھەرىكەت سۇپىسى) نى كېڭەيتتى ۋە قوغدىدى.[56] 海康威视 يەنە IJOP نىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ياردەملەشكەن بولۇپ، WiFi ئىزدەپ تېپىش ئەسۋابىنى ياساپ چىققان، بۇ ئارقىلىق تورلاشقان ئۈسكۈنىنىڭ بىردىنبىر ئادرېسىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرەلەيدىغان ھەمدە تېلېكامېرانىڭ شەخسىي ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىزىغا چۈشەلەيدىغان تېخنىكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.[57]

Yitu (亿图)، CloudWalk (云从科技)، Intellifusion (云天励飞) قاتارلىق يۈز پەرقلەندۈرۈش تېخنىك شىركەتلىرى ئاممىۋى بىخەتەرلىككە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى كەڭرى ساتىدۇ. 2017-يىلى 8-ئايدا شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» كۆرگەزمىسىدە 云从科技 شىركىتى ئۆزىنىڭ 24 سائەت نازارەت قىلالايدىغان، قاچقۇن جىنايەتچى ياكى گۇمانلىق كىشىلەرنى بايقىغاندا دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلالايدىغان «ئۆت كۆزلۈك» ناملىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.[58] بۇ قېتىملىق كۆرگەزمىدە يەنە، 云天励飞 شىركىتى ئۆزىنىڭ «ئۆتكۈر كۆز» ناملىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.[59] ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ مەھسۇلاتنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن زاكاز قىلسا تەلىپىگە ئاساسەن ياساپ بېرەلەيدىكەن. 亿图 شىركىتىمۇ يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش بىر تۈرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇنىڭ ئىسمى «يېگانە كۆزى» بولۇپ، تۇرالغۇ ئۆي ۋە ئاممىۋى رايونلاردا سۈرەت ئاساسىدىكى تىنچ ھالەتتىكى ئادەم يۈزىنى سېلىشتۇرۇش ياكى سىن ئاساسىدىكى ھەرىكەتچان ھالەتتىكى سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارالايدىكەن.[60]

يۇقىرىقى بارلىق شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى گۇمانلىق ئوبيېكتلارنى بېكىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇنداق كىشىلەرنى «نۇقتىلىق ئادەم» دەپ ئاتايدۇ.[61]

چىراي تونۇش تېخنىكىسىدىن باشقا، ئۇزۇن مەزگىل ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان iFlytek (科大讯飞) شىركىتى قاتتىق دېتال ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچى مېيىيا مىكرو ئۈچۈر چەكلىك شىركىتى ۋە Fiberhome (烽火) شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاۋاز چاستوتىسىنى ئاپتوماتىك كۆچۈرۈش ۋە ئورتاق تىلغا تەرجىمە قىلىش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ مەھسۇلات كىشىلەرنى «جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن»قى ۋە كېيىنكى جىنايەت مەزمۇنىنى سىكانېرلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.[62] 科大讯飞 شىركىتى شىنجاڭدا بىر تارماق شىركەت ۋە تەجرىبىخانا قۇرۇپ، مەخسۇس خىتايچە ئەمەس تىللارنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئاندىن بۇ رايوندىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ، خىتاي بولمىغان نوپۇسلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈردى ۋە پەرقلەندۈرۈپ چىقتى.[63]

## ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىنىڭ تەسىرىنىڭ چەكلىكلىكى

ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈش تېخى بۇ شىركەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈنەرلىك ئاستىلىتالمىدى، چۈنكى ئۇلار تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدىغان لايىھەنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ھەمدە COVID-19 سەۋەبلىك يېڭى تېخنىكىغا موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. 2019-يىلى 10-ئايدىكى ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى قارارىدىن كېيىن، 大华 بىلەن 海康威视 شىركىتى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «گەرچە مەركىزىي بىر تەرەپ قىلغۇچ (CPUs)، گرافىك بىر تەرەپ قىلغۇچ (GPUs) ۋە نەق مەيداندا پىروگراممىلىنىدىغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (FPGAs) قاتارلىق قاتتىق دېتاللارنىڭ ئورنىنى ئېلىش تەس بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى بىرىكمە دېتاللىرىنىڭ ئورنىنى ئالغىلى بولىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.[64] IFlytek (科大讯飞) ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى تېخنىكا جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ».[65]

ئەمما بەزىلەر: «ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشتىكى مەقسەت شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكا تېخنىكىسىغا ئېرىشىشىنى چەكلەشلا ئەمەس» دېيىشى مۇمكىن. دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مودا كىيىم ماركىسىنى مال بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ تېپتىكى كۆينەك ياساش شىركىتى يىدا گۇرۇھىنىڭ بىر تارماق شىركىتى، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيادىكى كىيىم-كېچەك ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. يىدا گۇرۇھى 2020-يىلى 5-ئايدىن بۇرۇن بىڭتۇەن تارماق شىركىتى White Field Farming بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى، بۇ ئۇنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سېلىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئەترىتى (بىڭتۇەن) (XPCC) بىلەن بولغان باغلىنىشلىق مەسئۇلىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.[66] ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ يىدا گۇرۇھىنىڭ تارماق شىركىتىنى ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشى، داڭلىق ماركا ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ سېتىشىغا ئانچە تايانمايدىغان پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىگە ئوخشاش تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ-يوق؟ يىدا شىركىتى ياكى باشقا شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكىدىن باشقا مەنبەلەردىن ماشىنا ئادەم ياساش قوراللىرىنى سېتىۋالالامدۇ-يوق؟ بۇلارنى يەنە كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.[67]

## ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلمىگەن شىركەتلەرنىڭ تەسىرى

ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلمىگەن بىر قىسىم پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىمۇ شىنجاڭدا ئاشكارا ۋە ۋاستىلىك ھالدا كىشىلىك ھوقۇققا زىيان يەتكۈزمەكتە. مەسىلەن: باش شتابى شىنجاڭغا

جايلاشقان لېئون پەن-تېخنىكا شىركىتى (Leon Technology) 2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىكى بىخەتەر شەھەر تۈرىنىڭ يېرىمىنى نازارەت قىلىپ باشقۇردى.[68] بۇ شىركەت يەنە Sensetime (商汤科技) بىلەن «تاڭلى پەن-تېخنىكا شىركىتى» (新疆汤立科技有限公司) بىلەن بىرلىشىپ بىر كارخانا قۇرۇپ، قەشقەردىكى «خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتى» ئارقىلىق نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى ھەمدە نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش دائىرىسىنى بۇ شەھەرنىڭ يېزا رايونلىرىدىكى نەچچە مىڭ سىن ئۈلىنىش نۇقتىسىغىچە كېڭەيتتى.[69]

Pingtech (北京品恩科技股份有限公司)، CETC (中国电子科技集团有限公司) ۋە Dilusense (北京的卢深视科技有限公司) قاتارلىق شىركەتلەر بىرلىشىپ ياسىغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرىمۇ شىنجاڭنىڭ سانلىق مەلۇمات توپلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.[70] ئۇلار ياساپ چىققان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنە پىيادە مېڭىپ مېتال تەكشۈرۈش ئەسۋابىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، يۈز قىسمىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە كىملىك تەكشۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەمدە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈش كودىنى ئالالايدۇ، مەسىلەن، MAC ئادرېسى ۋە IMEI، IMSI ۋە ESN نومۇرى دېگەندەك.[71] لېكىن بۇ ئۈسكۈنىلەرنى ياساش لايىھەسىنى كىمنىڭ تۈزگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ زاپچاسلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. توپلانغان سانلىق مەلۇماتلار چىراي پەرقلەندۈرۈش، كۆزىتىش تېلېكامېراسى ، ئاپتوموبىل نومۇر تاختىسى، تېلېفون خاتىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئېنىقلىق دەرىجىسى بىلەن شەخسلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرەلەيدۇ.[72]

## غەرب شىركەتلىرىنىڭ رولى

تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان بىر مەسىلە شۇكى، غەرب شىركەتلىرى نېمە ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش ۋە ياكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، ئىلىم-پەن ۋە تەتقىقات ھەمكارلىقى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئېكسپورتى (مەسىلەن، Thermo Fisher شىركىتى) ياكى قاتتىق دېتال ئېكسپورتى ئارقىلىق، خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەر ۋە شىنجاڭنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەيدىغان ھەرىكىتىنى قوللايدۇ؟[73] بۇ شىركەتلەر خىتايدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مىللىي زۇلۇمنى تېخنىكا ئاساسى بىلەن تەمىنلىمەكتە، بولۇپمۇ قاتتىق دېتال جەھەتتە تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى خىتاي شىركەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز زېمىنىنى بۇنچىلىك كەڭ كۆلەمدىكى تېخنىكا سەپلىمە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ، بەلكى غەرب تەمىنلىگەن ئۆزەك ۋە نازارەت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق دىسكىلارنى ياساش تېخنىكىسىنى ئوغرىلايدۇ.[74]

Intel، NVIDIA، Xilinx، Seagate ۋە Western Digital قاتارلىق ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتاينىڭ نازارەت قىلىش ھەرىكىتىگە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق دېتاللارنى ساتىدۇ.[75] خىتاينىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، Intel بىلەن NVIDIA نىڭ GPUs سى خىتاينىڭ نازارەت قىلىش ۋە تىزگىنلەش شىركەتلىرىگە ئورنىتىلغان بىۋاسىتە مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن.[76] 海康威视 بىلەن 大华 ھەر ئىككىلىسى مۇلازىمەت ئۈسكۈنىسى، تېلېكامېرا ۋە «بىخەتەر شەھەر نازارىتى»دە ئىشلىتىشتە بۇ ئۆزەك پىلاستىنكىلارغا تايىنىدۇ.[77] يەنە كېلىپ، ئۇلار ئامېرىكىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قاتتىق دىسكا شىركەتلىرىدىن بولغان Seagate ۋە Western Digital گە تايىنىدۇ. شىنجاڭدا جانلىنىۋاتقان 成都西物信安智能系统有限公司 نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ پەقەت Seagate بىلەن Western Digital نىڭ مەھسۇلاتلىرىنىلا ئىشلىتىدىكەن.[78]

NVIDIA ۋە Intel شىركىتىنىڭ قاتتىق دېتاللىرى شىنجاڭدىن باشقا جايلاردىكىمۇ سىن نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈشكە تۆھپە قوشقان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئاز دېگەندىمۇ ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك سەككىز پىروجېكتى، ئۇيغۇرلارنى

تەكشۈرۈش ئۈچۈن NVIDIA ۋە Intel شىركىتىنىڭ ئۆزىكىنى ئىشلىتىدۇ.[79] ج خ مىنىستىرلىقى 2017-يىلى 12-ئايدىكى چىراي پەرقلەندۈرۈش كۆرسەتمە لايىھەسىدە بۇ ئىقتىدارغا ھوقۇق بەرگەن بولۇپ، Megvii (旷视科技)، Yitu (亿图)، Sensetime (商汤科技) ۋە CloudWalk (云从科技) ھەممىسى بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.[80]

## خۇلاسە ۋە تەكلىپ

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 70 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، 2016-يىلىدىن بۇيان شىنجاڭدىكى زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى سىياسىتىنىڭ داۋامى، ھەتتا چەكتىن ئېشىپ كېتىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئاسسىمىلياتسىيە خاھىشى ئەڭ دەسلەپتىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، ھەتتا خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى. بۇ خاھىشلار ھازىر ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېلان قىلغان خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، ھازىرقى خىتاي سىياسىتى كۆپ مىللەتلىك ھالىتىدىن خىتايلارنى مەركەز قىلغان ئاسسىمىلياتسىيە خىتاي ئارزۇسىغا يۆتكەلدى. لېكىن، سىياسەتنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن باشقا، يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىشلار پەقەت شىنجاڭ بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى، كەڭ كۆلەملىك ئىلغار تېخنىكا بىلەن نازارەت قىلىش، قاماققا سولاش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىقلارغا ياردەم بېرىۋاتقان خىتاينىڭ باشقا رايونلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، ھەتتا تەمىنلەش ۋە مەبلەغ سېلىش تورى ئارقىلىق سانسىزلىغان خىتاي ۋە خەلقئارا شىركەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

ئىككى يىللىق زىددىيەت ئارقىلىق، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى دونالد ترامپ «ئۇيغۇرلارنىڭ 2020-يىللىق ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتايغا قاراتقان زىددىيەتلىك سىياسىتى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭ كىرىزىسىدا ئاساسەن سۈكۈت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېيىشكە بولىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ھەتتا خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، چۈنكى ئۇلار خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە تايىنىدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا قەرز ياكى ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى جەھەتتىكى پىرىنسىپى ئاجىز ۋە ناچار بولغاچقا، خىتايغا ئوخشاش ئاتالمىش «ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق» تا چىڭ تۇرىدۇ. ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىدە 36 دۆلەت خىتاينى قوللاپ، 22 دېموكراتىك دۆلەتنىڭ 2019-يىلى ئېلان قىلغان تەنقىد خېتىگە قارشى خىتاي تەرەپتە تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى زوراۋانلىققا سۈكۈت قىلدى.[81] قانداقلا بولمىسۇن، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭنى باستۇرۇشنى ئەيىبلىشى ھازىر توغرا يۆنىلىشتە مېڭىۋاتىدۇ، بۇ تالاشنىڭ ھازىر ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدىكى ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە ئەگىشىپ، كىشىلەر ماسلاشقان ۋە مۇمكىن بولغان بىرلەشمە ھەرىكەت ئارقىلىق، ئېنىق نىشانغا ئىگە، بىردەك ماسلاشقان ئىتتىپاق ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا ئۈمىد تۇغۇلدى.

تۆۋەندە بىز ئامېرىكا، خەلقئارادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ھەمدە خىتاي دائىرىلىرىگە ئالاقىدار سىياسىي تەكلىپلەرنى بېرىمىز.

### ئامېرىكىنىڭ ئالاقىدار نازارەت قىلىش تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي تەكلىپلەر

1. دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى بىرىنچى يول دىئالوگىنى يولغا قويۇشى كېرەك. يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەرقايسى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئىتتىپاقى (IPAC) ۋە يەر شارى سۈنئىي ئىدراك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى

(GPAI) بىر يۈرۈش ئېتتىپاقلىق پرىنسىپى ۋە نىشانىنى بەلگىلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشنى قوللىنىشىدىكى قوزغىتىش ئامىللىرىنى ئېگىلىشى ھەمدە دېموكراتىك قوزغىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن لايىھە ئارقىلىق خىتاينىڭ نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش ئاپپاراتىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك. بۇ خىل ھەمكارلىق IPAC نىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش ۋە بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش نىشانىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنداقلا GPAI نىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىنسان ھەقلىرىنى ئاساس قىلغان سۈنئىي ئىدراكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشلىتىش نىشانىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[82] بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا تېلېگراف ئىتتىپاقى سەپلىمە نازارەت قىلىش تېخنىكا ئۆلچىمىنى (Telecommunications International Union) ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. 2016- يىلىدىن بۇيان، خىتاي شىركەتلىرى بۇ يەردە ئىنچىل ھالدا بىردىنبىر ئىلتىماس قىلغۇچى، شۇنداقلا بىردىنبىر قېلىپلاشقان نىشانىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئاساسلىق قاتناشقۇچى بولۇپ كەلدى.[83]

2. ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، شۇنداقلا ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئاكادېمىكلار، تەتقىقاتچىلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىتاينىڭ نازارەت قىلىش-تىزگىنلەش شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى ئاشكارا دوكلات قىلىشى ھەمدە قانچىلىك تەمىنلىگۈچى سودىگەرنىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىن كەلگەنلىكىنى بېكىتىشى كېرەك. بۇ — ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ بار-يوقلۇقىنى، قانداق ۋە قەيەردىن ھەل قىلىش لايىھەسىنى تېپىشقا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە شىركەتنىڭ ئېكسپورت مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تەكشۈرۈشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

3. يۇقىرىقى تەشكىلاتلار كالىفورنىيە شىتاتىنىڭ 65- نومۇرلۇق تەكلىپى ياكى مۇھىت ئاسراش مەھكىمىسىنىڭ زەھەرلىك ماددىلارنى قويۇپ بېرىش تىزىملىكى (TRI) پىلانى قاتارلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا تەقلىد قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھوقۇق دەپسەندىچىلىك قىلمىشىغا دائىر ئاممىۋى ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇپ، ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىدىكى تەكشۈرۈلمىگەن شىركەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈشى ۋە بېكىتىشى كېرەك.[84] مەسىلەن: خىتاي سىن نازارەت قىلىش شىركىتىنىڭ Uniview باش ئىدىرى مۇخبىرغا مۇنداق دېگەن: «ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان خىتاي پەن-تېخنىكا شىركىتى چەتئەلدە قاتتىق تەكشۈرۈشكە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتىمۇ، Uniview غا ئوخشاش شىركەتلەر يەنىلا تەرەققىي قىلىش ۋە خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدى».[85]

4. دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى يۇقىرىقى بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، نازارەت قىلىش تېخنىكىسىنىڭ ئېكسپورتىغا يېتەكچىلىك قىلىش لايىھەسىنى باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، يېتەكچىلىكنى قەيەردە ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك.[86] ئالاقىدار ئورگانلار 42 ئەزادىن تەركىب تاپقان ۋاسسېنار ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[87]

5. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پارلامېنتى نۆۋەتتە خېرىدارلىرىنىڭ ئىشلىتىشىنى چەكلىگەن تېخنىكىلاردىن باشقا، ئامېرىكا يەنە ئۆز تېخنىكىسىنى 海康威视 ۋە 大华قاتارلىق شىركەتلەرگە ساتماسلىقى كېرەك. بۇ شىركەتلەرگە نىسبەتەن مۇھىم بىر بازارنىڭ تاقىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆز پايدىسىنى تەتقىقات، ئېچىش ئىقتىدارىغا سېلىشىنى ئازايتىدۇ ھەمدە ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ قاتتىق دېتال ئىشلەپچىقىرىش لايىھەسى جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشىنى ئاستىلىتىدۇ. پارلامېنت يەنە «2020- يىلىدىكى چەتئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش مەسئۇلىيەت قانۇن لايىھەسى» نى ماقۇللىشى كېرەك، شۇنداقلا بۇ قانۇن لايىھەسى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەمەلىيىتىگە ئالاقىدار يىللىق دۆلەت دوكلاتىدا چېك تۇتۇپ نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش ئارقىلىق، ئىنسان ھەقلىرىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ چىقىشى كېرەك.[88]

6. ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ۋە تارماقلار ئارىسىدىكى

تەرتىپلەر، خۇاۋېينى ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنىڭ شىنجاڭدىكى نازارەت قىلىش ھەرىكىتىنى توسالىغان ياكى توسالمىغانلىقىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، گەرچە بۇ خۇاۋېينىڭ ئەڭ دەسلەپتە جازالىنىشىنىڭ سەۋەبى بولمىسىمۇ. مەسىلەن: خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خۇاۋېي شىركىتى قاراماي ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە ساقچى نازارەت سىستېمىسى قۇرغان ھەمدە «تىنچ شىنجاڭ» پىلانىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ج خ نازارىتى باشلىقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.[89]

## ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا يەرلىك خەلقنىڭ باستۇرۇلۇشىغا قارىتا ئامېرىكىغا سۇنۇلىدىغان ئومۇمىي سىياسىي تەۋسىيەلەر

1. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. جۈملىدىن جازا لاگېرىنى تاقاش، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنى نازارەت قىلىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، «جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرىكى» خاراكتېرىنى بېكىتىشنى تۈگىتىش، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خىتاي بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئائىلىسىدىن ئايرىش ۋە تۇغۇت چەكلەشنى ئاخىرلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سالاھىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنى قوللاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يولغا قويۇش ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىدا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى ئالدىن ئويلىشىشقا قارىتا تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ يۈرگۈزۈش كېرەك.

2. ئامېرىكا پۇقرالىرى ۋە كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى (USCIS) ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پاناھلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك، ئەگەر بۇ كىشىلەر خىتايغا قايتۇرۇلسا، يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوقۇم تۈرمىگە سولىنىپ ئېغىر قىيناق-قىستاققا دۇچ كېلىدۇ. ۋىرگىنىيە شىتاتى ئارلىڭتوندىكى ئامېرىكا پۇقرالىرى ۋە كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى (USCIS) مۇلازىمەت مەركىزىدە بۇ خىل قاتمال ۋەزىيەت ھېلىھەم ئومۇمىي ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئولتۇراق مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن بۇ مەركەزگە ئىلتىماس قىلماقتا.[90]

3. ئامېرىكا ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ كۆپ تەرەپلىك تەشكىلاتلىرى ۋە يىغىنلىرى (TPP ,APEC، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى) دىكى رولىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ياكى ئۇنى قايتا جانلاندۇرۇش، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىگە قايتىدىن قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ۋە خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئادىل ئىقتىسادىي ئۇسۇلنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەشەببۇس قىلىش ئورنىنى كۈچەيتىشى كېرەك. بۇ ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ ئۇسۇلىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان ئەسكەرتىشىگە تېخىمۇ كۆپ كوللېكتىپ كۈچ قوشىدۇ، ھەمدە بۇ سەۋەبلىك باشقا دۆلەتلەرنىمۇ قوللىغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ دۆلەتلەر ئامېرىكا ۋە رايون قوللىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، خىتاينىڭ ھوقۇققا دەپسەندىچىلىك قىلمىشىغا قارىتا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىكى ياكى تىل بىرىكتۈرۈۋالغان شىركەتلەرنى پاش قىلىشنى خالىماسلىقى مۇمكىن، ئەكسىچە خىتاي بۇ ئورگانلارنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىگە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن.

4. ئەمگەك مىنىستىرلىكى خەلقئارا ئەمگەك ئىشلىرى ئىدارىسى (BILA) ئالدى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشى ۋە تەشۋىق قىلىشى ھەمدە بۇ جەرياندىكى خىزمەتلەرنى زۆرۈر مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. خەلقئارا ئەمگەك ئىشلىرى ئىدارىسى شىنجاڭنى ئاساس قىلغان زاۋۇتلاردىن سىرت يەنە، بىگتۈەنىنىڭ سودا پائالىيەتلىرى ۋە قاماش ھەرىكەتلىرىنى، خىتايدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىش پىلانىغا قاتناشقان شىركەتلەرنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار پائالىيەتلىرىنى ھەمدە خىتاي دۆلىتىنىڭ شىنجاڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىغا تارقىتىش جەھەتتىكى

ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى چەك تۇتۇپ تەكشۈرۈشلىرى كېرەك.[91] ئۇنىڭدىن باشقا، BILA چوقۇم تەسىر كۈچىگە ئىگە تاۋار ۋە كارخانىلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىشى ھەمدە تەرەققىياتىغا قارىتا دائىم يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك.

5. خىتايدىن تاۋار ئىمپورت قىلىدىغان يوشۇرۇن ئامېرىكا ئىمپورت سودىگەرلىرىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ شىنجاڭنى نازارەت قىلىش، تۇتۇپ تۇرۇلغان تۇرۇلمىغانلىقى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشى كېرەك. نۇرغۇن ئىمپورت سودىگەرلىرى ۋە ئۈچىنچى تەرەپنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى تەكشۈرۈشىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى.[92] خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدىكى تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرگە تايانغان كارخانىلاردىمۇ، شىنجاڭنىڭ باستۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماركىلارنىڭ بۇلغىنىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى.[93] مۇمكىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، كارخانىلار خىتاينىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى خام ماتېرىيالدىن تارتىپ ئىستېمال بۇيۇملىرىغىچە بولغان بارلىق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىشى ھەمدە ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنى ئۈچىنچى تەرەپ ئىقتىسادىي تەپتىش شىركىتىگە ھۆددىگە بېرىشنى ئازايتىشى، شەخسىي نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى كېرەك. سودا تەشكىلاتى يېڭىدىن گۈللەنگەن تېخنىكىغا مەبلەغ سېلىپ، DNA، مىكرو ئورگانىزم، رايون زەنجىرى ۋە باشقا بەلگە قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ماتېرىياللارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشى كېرەك. ئىستېمالچىلارمۇ خىتايدىن كەلگەن مەھسۇلاتلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى بىلىشنى ئوچۇق-ئاشكارا تەلەپ قىلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياكى بۇنىڭغا شېرىك بولۇپ ياردەم پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 19 ئۆلكە ۋە شەھەردىن كەلگەن ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلاردىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.[94]

6. ئامېرىكا تاموژنىسى ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى (CBP) ۋە BILA شەخسىي ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۇچۇرىغا ئاساسەن، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش چەكلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭدىن نازارەت قىلىش، قاماپ قويۇش ۋە مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاۋارلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى توسۇشى كېرەك. CBP شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلار، شىنجاڭدىن باشقا زاۋۇتلاردا ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ۋە شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك كارخانىلار، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋاستىلىق تەمىنلىگەن كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا قارىتا، «1930-يىلىدىكى تاموژنا بېجى قانۇنى» نىڭ 307-ماددىسىدىكى ئېنىقلىمىغا ئاساسەن رەت قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇش كېرەك. CBP نىڭ «ۋاقتىنچە قويۇۋەتمەسلىك» بۇيرۇقىغا بولغان گۇماننى ئەگەر ئامېرىكا خەلقئارا سودا سوت مەھكىمىسىگىچە داۋاملاشتۇرسا، بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ تەشۋىق قىلىدىغان پۇرسەت دەپ قاراش كېرەك.

7. ئامېرىكا پىرېزىدېنتى، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى، فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ۋە دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 2020-يىللىق «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتى قانۇنى» دىكى دوكلات ۋە ئىجرا قىلىش بەلگىلىمىسىنى ئۇزۇل-كېسىل ئىجرا قىلىشى كېرەك.[95] شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقنى باستۇرۇشتا مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارالغان «چەتئەل خادىملىرى»نىڭ تىزىملىكىنى بېكىتكەندە، پىرېزىدېنت پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە بىڭتۈەن ئەمەلدارلىرىنى، شۇنداقلا ياردەم بېرىش پىلانىغا قاتناشقان خىتاينىڭ باشقا ئۆلكە، شەھەرلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى نازارەت قىلىش، قاماپ قويۇش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق زۇلۇملارغا ئالاقىدار شىركەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىنى داۋاملىق تەكشۈرۈشى كېرەك. دىپلوماتىيە ئىشلىرى، مالىيە ۋە ئاخباراتقا مۇناسىۋەتلىك پارلامېنت ھەيئەتلىرى چوقۇم ئۇلارنىڭ بۇ قانۇن لايىھەسىگە ئاساسەن تاپشۇرۇۋالماقچى بولغان دوكلاتلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىشى كېرەك.

## خەلقئارالىق ۋە كۆپ تەرەپلىك ئورگانلارغا سىياسىي تەكلىپ

1. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئامېرىكا بىلەن ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ باستۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار ئەمەلدارلار ۋە شىركەتلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى، ئېلان قىلىشى ۋە جازالىشى كېرەك. خىتاي ۋە خەلقئارالىق شىركەتلەر ھەمسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا شىنجاڭنى نازارەت قىلىشى، قاماققا سولاش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بارلىق دۆلەتلەر بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ خىتاي ۋە ئۇنىڭ ھەمكارلاشقۇچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئەيىبلىشى كېرەك.

2. بارلىق دۆلەتلەر «قوغلىۋەتمەسلىك» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا، خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە شىنجاڭدىكى باشقا يەرلىك ئاھالىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىشى ۋە قوللىشى كېرەك.

3. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى (UNESCO) خىتاينىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى» تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن مەشرەپ ۋە مۇقامنى قوغداش جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان-قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى كېرەك.[96]

4. ھەرقايسى دۆلەت ۋە مەشھۇر كارخانىلار خىتاي دائىرىلىرىگە شۇنى بىلدۈرۈشى كېرەككى، ئەگەر ھازىر شىنجاڭ خەلقىگە بولغان باستۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق سىياسىتى داۋاملىشىۋەرسە، ئۇلارنىڭ 2022- يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ياردەم بېرىشى ۋە قاتنىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا، بۇ تەلەپلەرنى كوللېكتىپ ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستى رايونىغا سىياسىي تەكلىپلەر

خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىغا يەنىمۇ زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ھەمدە كەلگۈسىدىكى مۇقىمسىزلىق خەۋپىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە شىنجاڭ دائىرىلىرى تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك:

1. شىنجاڭدا خالىغانچە سولاش، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خورلاش، ئاتالمىش «مەركەزلىك تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش» (ئەمەلىيەتتە جازا لاگېرى)، ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىش، تۇغۇتنى چەكلەش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىشى كېرەك. خىتاي بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتىلغان نازارەت قىلىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك؛ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىتاي چېگراسى ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلالىشىغا يول قويۇش؛ ئۆيلىرىنى تارتىۋېلىش ۋە نوپۇس تىزىملاش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نورمال پائالىيەت ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەركىنلىكىنى چەكلەشنى توختىتىش؛ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى ئەركىن ئىشلىتەلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە خىتاينىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

2. ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تۈپكى ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەرەققىيات پىلانىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي، ئائىلىۋى ۋە ئاپتونومىيە پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاز سوممىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشكە يول ئېچىپ بېرىش قاتارلىق ئەڭ ياخشى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ياكى دېھقانلار كوللېكتىپىنى مەجبۇرىي ھالدا تۆۋەن مائاشلىق زاۋۇت ئىشچىلىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىك كۆلەملىك ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىش كېرەك. شۇنداقلا

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قۇللۇق ھالغا چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر قىلىنغان ئەمگەك ۋە كرېدىت سىستېمىسىغا خاتىمە بېرىلىشى كېرەك.[97]

3. ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى بىكار قىلىش، بىڭتۇەننى تارقىتىۋېتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى ياللاپ ئىشلىتىش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئۇسۇلىنى تۈگىتىش؛ ختاينىڭ شەرقىي قىسمىدىن شىنجاڭغا كۆچمەن ئەكېلىشنى توختىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر بىڭتۇەندىكى يېڭى ئەسكەرلەر ۋە ئاھالىلەرگە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم شۇ جايدىكى خەلققە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان شەكىلدە قايتىدىن تەقسىم قىلىنىشى كېرەك. بىڭتۇەن، تۈرمە، جازا لاگېرلىرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق قىلمىشلار، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە سودا كارخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، مۇشۇ ئارقىلىق تىجارەت قىلىدىغان ختاي ۋە چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ (مەسىلەن، يىدا گۇرۇھى) خەلقئارادىكى ئىناۋىتى خېلى زور دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى. ئەگەر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (ھازىر 85% ى ختاي) پەقەت ختايلار ۋە ختاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق مەنپەئەتى ئۈچۈنلا شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقارسا، ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى قارا داغ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىستىقبالىغا داۋاملىق زىيان يەتكۈزىدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە بىخەتەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىن ئايرىۋېتىش، ئېشىپ قالغان كارخانا تورىنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىپ، مالىيە ئىسراپچىلىقىنى توسۇش ھەمدە شۇ جايدىكى ختايدىن باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئىش قىلىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

## ئاپتورلار ھەققىدە

جېيمىس مىلۋارد جورجتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋالش دىپلوماتىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ پەنلىرى پروفېسسورى بولۇپ، ختاي، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا تارىخىدىن دەرس بېرىدۇ. ئۇ يەنە تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە ئىسپانىيە گرانادا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى ماگىستىرلىق سىنىپىدا دەرس ئۆتىدۇ. ئۇ مانجۇ ئىمپېرىيىسى، يىپەك يولى، تارىخ ۋە ھازىرقى زامان شىنجاڭ تەتقىقاتىدا كەسپىي بىلىمگە ئىگە. مىلۋارد يەنە «Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang» ناملىق كىتابنى يازغان. (بۇ كىتابنىڭ 2-نەشرى 2020-يىلى خۇرست نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.)

داھلىيە پېتېرسون بولسا جورجتاۋن بىخەتەرلىك ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن تېخنىكا مەركىزى (CSET) نىڭ تەتقىقاتچىسى. ئۇ ختاينىڭ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق نازارەت قىلىش ۋە تىزگىنلەش تۈرىدە ئالدىن مۆلچەرلەش خاراكتېرلىك ساقچى ئىشلىرى ھېسابلاش ئۇسۇلى، شۇنداقلا چىراي تونۇش، ئاۋاز ۋە قەدەم ھالىتىنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىدىغانلىقىنى، غەرب شىركەتلىرىنىڭ ختاينىڭ نازارەت قىلىپ تىزگىنلىشىگە قانداق تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ تەتقىقات كارخانىلىرىنىڭ تەھدىتىدىن قانداق قىلىپ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ئامېرىكا-ختاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى (USCC)، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى مەۋھۇم ئوقۇغۇچىلار فېدېراتسىيە مۇلازىمەت ئورنى ۋە ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ تاشقى سودا باشقارمىسىدا پراكتىكا قىلغان. پېتېرسون كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بېركلېي تارماق مەكتىپىدە ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە ختاي تىلىدا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ھازىر قوشۇمچە ختاي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ھازىر جورجتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىخەتەرلىك تەتقىقات تۈرىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

## ENDNOTES

1 James Millward, Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang (New York: Columbia University Press, 212 ,(2007.

2 بىڭتۇەننىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرى شىنجاڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش تور بېكەتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، «http://www.shiyebian.net/xiniiang» «事业单位招聘考试网/.

مەسىلەن، 2020– يىلى 9– ئاينىڭ 4– كۈنى ئىجتىمائىي كەسىپ چېگرا تور بېكىتىنىڭ ئارخىپىدا بىڭتۇەننىڭ 19 دانە جەدۋىلى بار ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان.

https://web.archive.org/save

http://www.shiYebian. net/xiniiang/

3 Alex Bate, "U.S.–Sanctioned Xinjiang Paramilitary Has Over 800,000 Holdings Worldwide," Sayari, August ,4 2020, https://sayari.com/blog/u–s–sanctioned–xiniiang–paramilitary–has–over–800000–holdings–worldwide/. On Bingtuan historical and current involvement in forced labor at all tiers of the cotton apparel industry, see Amy Lehr, "Addressing Forced Labor in the Xiniiang Uyghur Autonomous Region: Toward a Shared Agenda," (Washington, DC: Center for Strategic and International Studies, July 2020 ,30) https://www.csis.org/analysis/addressing–forced–labor–xiniiang–uyghur–autonomous–region–toward–shared–agenda

4 "Treasury Sanctions Chinese Entity and Officials Pursuant to Global Magnitsky Human Rights Executive Order," U.S. Department of the Treasury, July 2020 ,31, https://home.treasury.gov/news/press–releases/sm1073; Bethany Allen–Ebrahimian, "U.S. sanctions China's paramilitary in Xinjiang," Axios, July 2020 ,31, https://www.axios.com/us–sanctions–china–paramilitary–xiniiang–xpcc–41e29c4–9649–92e9–47e91–a7f78330d4d8.html.

5 Bao Yaiun, "The Xinjiang Production Construction Corps: An Insider's Perspective," originally published online in January 2018 as part of the University of Oxford's Blavatnik School of Government's working papers series (BSG–WP–023/2018).

يەنە بىر باشتىن ئاخىرىغىچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسىمۇ باۋ يايۇننىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان:

"The Xiniiang Production and Construction Corps: An Insiders Perspective," China: An International Journal 18, no. 2 (May 174–161 :(2020, https://muse.ihu.edu/article/756368.

خەلقئارالىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدا ئەسلى تېكىستتىكى بەزى ئالاھىدە سانلىق مەلۇماتلار كەم بېرىلگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بىڭتۇەن 1981– يىلى (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن) «ئافغانىستاندىكى قىسمەن ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى سەۋەبىدىن» ئەسلىگە كەلگەن (163)، ئەمەلىيەتتە باۋ يايۇن ئەسلى نۇسخىدا ئىسلام ۋە ئافغانىستاننى تىلغا ئالمىغان. 2020– يىللىق نەشرىدە ئەسلى تېكىستتە بار بولغان بىڭتۇەننىڭ خىتاينىڭ شەرقىدىن خىتايلارنى قوبۇل قىلىشتا كەتكەن چىقىملىرى ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن قانچىلىك بىۋاستە تولۇقلىما ئالىدىغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللاش قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى چىقىرىۋېتىلگەن (16). بۇ سان ئەمەلىيەتتە بېيجىڭنىڭ بىڭتۇەندىن قانچىلىك دەرىجىدە پايدىلىنىدىغانلىقى، قانچىلىك چىقىم تارتىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭغا كۆچكەن خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىنى ئىزچىل قوللاپ ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسلى نۇسخىسى 2018– يىلى يازدا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېكىتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، 2020– يىلى يازدا Scholarly دا قايتا نەشر قىلىندى.

https ://www.academia. edu/44022879/Bao Yaiun The Xiniiang Production and Construction Corps An Insiders Perspective.

6 خىتاي ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ 1990– يىلىدىكى سىياسىتى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

The Uyghurs: Strangers in Their Own Land (New York: Columbia University Press, 2010) and James Millward, Eurasian Crossroads, chapters 7–6. On the Bingtuan, see Tom Cliff, Oil and Water: Being Han in Xinjiang (Chicago: University of Chicago Press, 2016) and Greg Fay, The Bingtuan: China's Paramilitary Colonizing Force in East Turkestan (Washington, DC: Uyghur Human Rights Proiect, April 2018), https://docs.uhrp.org/pdf/bingtuan.pdf.

1997– يىلىدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Down a Narrow Road: Identity and Masculinity in a Uyghur Community in Xinjiang China (Cambridge, MA: Harvard University Press, 2009).

7 «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتى قىلىپ بېكىتىلىشىنىڭ، خىتاينىڭ ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ 1441– نومۇرلۇق قارارىنى قوللاپ، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئىراققا تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنىڭ دەلىلى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Erik Eckholm, "U.S. Labeling of Group in China as Terrorist Is Criticized," The New York Times, September ,13

2002, https://www.nytimes. com/13/09/2002/world/us–labeling–of–group–in–china–as–terrorist–is–criticized. html; James Dao, "THREATS AND RESPONSES: DIPLOMACY; Closer Ties With China May Help U.S. on Iraq," The New York Times, October 2002 ,4, https://www.nytimes.com/04/10/2002/world/threats–and–responses–diplomacy–closer–ties–with–china–may–help– us–on–iraq.html; Karen DeYoung, "U.S. and China Ask U.N. to List Separatists as Terror Group," The Washington Post, September 2002 ,11, https://www.washingtonpost. com/archive/politics/11/09/2002/us–and–china–ask– un–to–list–separatists–as–terror–group/a3adaa3e–2cd4861–3–b544–eac800757255/.

2002– يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى مەزكۇر ماقالىنىڭ يازغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ملۋارد بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ بارغاندا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتى قىلىپ بېكىتىشنى خىتاينىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئافغانىستاننى بازا قىلىپ پائالىيەت قىلىدىغان كىچىك بىر كوللېكتىپ تەشكىلات بولۇپ، ئىلگىرى شىنجاڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى بۇنى بىلمەيتتى. خىتاي ئاق تاشلىق كىتابتا «شەرقىي تۈركىستان تېرورچى كۈچلىرى» نى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بۇ كۈچلەرنىڭ 1990– يىلدىن 2001– يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 200 قېتىم تېررورلۇق ھۇجۇمى قىلغانلىقىنى، بۇ جەرياندا 162 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ۋە 440 نەچچە ئادەمنىڭ يارىلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يارىلانغان ئادەم سانى بۇ ھۆججەتتە ئېيتىلغاندەك ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. ئاق تاشلىق كىتاب يەنە بىر نەچچە ھەرىكەت گۇرۇپپىلىرىنىمۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» گە باغلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» قىلمىغان. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

State Council Information Office, People's Republic of China, "'East Turkistan' Terrorist Forces Cannot Get Away With Impunity," Embassy of the People's Republic of China in the United States of America, January 2002 ,21, http://www.china–embassy.org/eng/xw/t34101.htm.

ھالبۇكى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى تېررورلۇق تەشكىلاتى قىلىپ بېكىتكەن باياناتىدىمۇ، 200 قېتىملىق ھۇجۇم ، 162 كىشىنىڭ قازا قىلىشى ۋە 440 كىشىنىڭ يارىلىنىشىنىڭ ھەممىسى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە باغلاندى، شۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» پارتىيەسى تەشكىللىك، خەلقئارالىق ۋە ئەجەللىك ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلات دېيىدىغان تونۇش ھەممىگە يېيىلىپ كەتتى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Philip P. Pan, "U.S. Warns Of Plot by Group in W. China," The Washington Post, August 2002 ,29, https://www.washingtonpost. com/archive/politics/29/08/2002/us–warns–of–plot–by–group–in–w–china/5607dd9b–9d419–70a–8bac– 1f3b39e12bc9/.

ئامېرىكىنىڭ باياناتىدا خاتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۆزى، ئارقىدىنلا يەنە ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى تېررورلۇق تەشكىلاتى قىلىپ بېكىتكەن چاغدا قايتا تەكىتلەندى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

"Press Statement on the UN Designation of The Eastern Turkistan Islamic Movement," U.S. Department of the Treasury, September 2002 ,12, https://www.treasury.gov/press–center/ press–releases/pages/po3415. aspx. James Millward, Eurasian Crossroads, 340, and Sean R. Roberts, The War on the Mongolians: China's Internal Campaign against a Muslim Minority (Princeton, NJ: Princeton University Press, 80–78 ,(2020. Earlier studies must be treated with extreme caution, if not entirely discounted, as many are based on the original uncorroborated PRC white paper or the mistaken State Department statement.

8 Sean R. Roberts, The War on the Mongolians, 141 ,86–85. See also Sean R. Roberts, "China's hidden partner in suppressing the Muslim Uighurs – the US," The Guardian, June 2020 ,24, https://www.theguardian.com/ commentisfree/2020/jun/24/china–suppressing–muslim–uighurs–us–trump–11–9.

9 Daniel L. Byman and Israa Saber, "Is China prepared for global terrorism? Xinjiang and beyond," (Washington, DC: The Brookings Institution, September 2019), https://www.brookings.edu/research/is–china–prepared–for–global–terrorism/.

10 1992– يىلى ۋە 1997– يىللىرى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسى پارتلاش ۋەقەسى ھەققىدە بىزنىڭ ئېنىق مەلۇماتلىرىمىز ناھايىتى ئاز.

11 2011– يىلى، شىنجاڭ دائىرىلىرى «گۈزەل جەمئىيەت» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چۈمبەل، ياغلىق ۋە باشقا تۈردىكى يۈز ۋە چېچىنى ياپىدىغان ئىسلام ئادىتىنى چەكلىدى. 2015– يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «جامائەت سورۇنلىرىدا يۈز قىسمى ياكى بەدەننى يېپىپ تۇرىدىغان كىيىملەر» نى كىيىشنى قانۇنسىز قىلمىش دەپ چەكلىدى.

Timothy Grose, "Beautifying Mongolian Bodies: Fashion, 'Modernity', and State Power in the Tarim Basin," The Contemporary China Centre Blog, University of Westminster, October 2019 ,11, http://blog.westminster.ac.uk/ contemporarychina/ beautifying–Mongolian–bodies–fashion–modernity–and–state–power–in–the–tarim–basin–2/.

12 Sheena Chestnut Greitens, Myunghee Lee, and Emir Yazici, “Counterterrorism and Preventive Repression: China’s Changing Strategy in Xinjiang,” International Security 44, no. 3 (Winter 47–9 :(2020/2019, https://www.mitpressjournals.org/doi/abs/10.1162/isec a 00368.

شان روبېرتس ئۆزىنىڭ «The War on the Uyghurs» دېگەن كىتابىدا گرېيتېنىس، لى ۋە يازىجى قاتارلىقلارنىڭ ماقالىسىدىكى «2000– يىلىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن 2010– يىلىدىكى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق» دېگەن جۈملىنى نەقىل كەلتۈرگەن. روبېرتس سۈرىيەدىن چىققان ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى ئېيتقان. روبېرتس يەنە سۈرىيەدىكى نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ۋە باللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىتايغا قايتالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا پەقەت ئۇلارغىلا ئەمەس، بەلكى خىتاي چېگراسىدىن چىققان ھەرقانداق ئادەمگە ھەر زامان يوشۇرۇن خەۋپ بارلىقىنى، ھەتتا (خىتاينىڭ تەتۈر تەشۋىقاتى تۈپەيلىدىن) ئىستىخباراتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان دۆلەتلەردىن تاكى ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ بيۇروكرات ئورگانلىرىغىچە ئۇلارغا نىسبەتەن يامان گۇمان بارلىقىنى ئېيتتى.

Sean R. Roberts, The War on the Uyghurs, 197–196.

13 Sean R. Roberts, “China’s hidden partner in suppressing the Muslim Uighurs – the US.”

14 James Leibold, “China’s treatment of Uighurs is cultural genocide,” Asia Times, July 2019 ,28, https:// asiatimes.com/07/2019/chinas–treatment–of–uighurs–is–cultural–genocide/; Editorial, “What’s happening in Xinjiang is genocide,” The Washington Post, July 2020 ,6, https://www.washingtonpost.com/opinions/global– opinions/whats–happening–in–xinjiang–is–genocide/06/07/2020/cde3f9da–bfaa–11ea–9fdd–b7ac6b051dc8 story.html

15 شىنجاڭ خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئەڭ تۆۋەن، ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئەڭ قىسقا، بوۋاق ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى جايلارنىڭ بىرىدۇر. (2014– يىلىدىكى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە نىسبىتىنىڭ بەش ھەسسىسىگە تەڭ بولۇپ، شىزاڭدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.) شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان جايلار شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن خېلىلا نامرات. ساغلاملىق نەتىجىسى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەڭ كۈچلۈك ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بىر جايدىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسى قانچە كۆپ بولسا، نەتىجىسى شۇنچە ياخشى بولغان.

Yuhui Li, China’s Assistance Program in Xinjiang: A Sociological Analysis (New York: Lexington Books, –103 ,(2018 06. Regarding the failures of development, see also Ilham Tohti, “Present–Day Ethnic Problems in Xinjiang Uighur Autonomous Region: Overview and Recommendations,” trans. Cindy Carter, Ilham Tohti Initiative, September 2016, https://ilhamtohtisite.files. wordpress.com/09/2016/ilham–tohti present–day–ethnic–problems–in–xinjiang–uighur–autonomous–region– overview–and–recommendations complete–translation3.pdf. Regarding intensified securitization and assimilative policies, see Darren Byler, “Spirit Breaking: Uyghur Dispossession, Culture Work and Terror Capitalism in a Chinese Global City,” (PhD diss., University of Washington, 2018), https://digital.lib.washington.edu/ researchworks/bitstream/handle/42946/1773/Byler washington 0250E 19242.pdf; David Tobin, Securing China’s Northwest Frontier: Identity and Insecurity in Xinjiang (Cambridge, UK: Cambridge University Press, 2020). Regarding Uyghur birthrate suppression, see “China cuts Uighur births with IUDs, abortion, sterilization,” Associated Press, June 2020 ,29, https://apnews.com/269b3de1af34e17c 1941a514f78d764c; Adrian Zenz, “Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP’s Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang,” (Washington, DC: The Jamestown Foundation, June 2020), https://jamestown.org/product/ sterilizations–iuds–and–mandatory–birth–control–the–ccps–campaign–to–suppress–uyghur–birthrates–in–xinjiang/.

16 Yuhui Li, China’s Assistance Program in Xinjiang: A Sociological Analysis (New York: Lexington Books, ,(2018 33–132.

17 Agence France–Presse, “Ghost cities haunt stability dream in China’s far west,” South China Morning Post, September 2017 ,4, https://www.scmp.com/news/china/economy/article/2109555/ghost–cities–haunt–stability–dream–chinas–far–west.

18 Yuhui Li, China’s Assistance Program in Xinjiang, especially 39–134.

19 Paul Mozur and Nicole Perlroth, “China’s Software Stalked Uighurs Earlier and More Widely, Researchers Learn,” The New York Times, July 2020 ,1, https://www.nytimes.com/01/07/2020/technology/china–uighurs–hackers–malware–hackers–smartphones.html.

20 Adrian Zenz and James Leibold, “Securitizing Xinjiang: Police Recruitment, Informal Policing and Ethnic Minority Co–optation,” The China Quarterly 242, no. (June 2020), https://www.cambridge.org/core/journals/ china–quarterly/article/securitizing–xinjiang–police–recruitment–informal–policing–and–ethnic–minority–cooptation/FEEC613414AA33A0353949F9B791E733; James Leibold, “Surveillance in China’s Xinjiang Region: Ethnic Sorting, Coercion, and Inducement,” Journal of Contemporary China 29, no. 2020) 121), https://www.tandfonline.com/doi/full/10670564.2019.1621529/10.1080.

21 گەرچە ئادەتتە «ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەت سۈپىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خىتايچىدە ئۇرۇش

قىلىش، يەنى ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. مۇھىمى، ئاتالمىش كەسپىي تەربىيىلەش پروگراممىسى نامىدا مەخسۇس «ئوقۇغۇچىلار» ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇ سىستېما، دۆلەت مۇداپىئە گۇرۇپپىسى قۇرغان ھەربىي سىستېما قىلىپ بېكىتىلدى.

22 Bethany Allen–Ebrahimian, “Exposed: China’s Operating Manuals for Mass Internment and Arrest by Algorithm,” International Consortium of Investigative Journalists, November 2019 ,24, https://www.icij.org/ investigations/china–cables/exposed–chinas–operating–manuals–for–mass–internment–and–arrest–by–algorithm/.

بىر پارچە IJOP ئۇقتۇرۇشىدا ئەمەلدارلارغا: «ئەگەر ھازىر گۇماننى تۈگەتكىلى بولمىسا، گۇماندارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشكە بۇيرۇش ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا تاللاش ۋە تەكشۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن.

Scilla Alecci, “How China Targets Uighurs ‘One by One’ for Using a Mobile App,” International Consortium of Investigative Journalists, November 2019 ,24, https://www.icij.org/investigations/china–cables/how–china–targets–uighurs–one–by– one–for–using–a–mobile–app/. See also Maya Wang, “China’s Algorithms of Repression: Reverse Engineering a Xinjiang Police Mass Surveillance App,” (New York: Human Rights Watch, May 2019 ,1), https://www.hrw.org/ report/02/05/2019/chinas–algorithms–repression/reverse–engineering–xinjiang–police–mass.

23 Bethany Allen–Ebrahimian, “Exposed: China’s Operating Manuals for Mass Internment and Arrest by Algorithm.”

24 “Integrated Joint Operations Platform’ Daily Essentials Bulletin No. 14,” Integrated Joint Military Operations Platform, June 2017 ,25, https://www.documentcloud.org/documents/6558506–China–Cables–IJOP–Daily–Bulletin–14–English.html. Document published by International Consortium of Investigative Journalists as part of “The China Cables,” https://www.icij.org/investigations/china–cables/. Original Chinese version: https://www. documentcloud.org/documents/6558505–China–Cables–IJOP–Daily–Bulletin–14–Chinese.html.212 ,(2007.

25 Darren Byler, “Spirit Breaking,” 47.

26 Emily Feng, “‘Illegal Superstition’: China Jails Muslims For Practicing Islam, Relatives Say,” NPR, October ,8 2019, https://www.npr.org/764153179/08/10/2019/china–has–begun–moving–xinjiang–muslim–detainees–to–formal–prisons–relatives–say.

سانلىق مەلۇماتلار خىتاي ۋە شىنجاڭنىڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، سوت مەھكىمىسى خاتىرىسى ۋە باشقا مەنبەلەردىن كەلگەن. خىتاي سوت مەھكىمىسىنىڭ 99% جىنايەت بېكىتىش نىسبىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز 300 مىڭدىن ئارتۇق ئەرزنى تەخمىنەن 300 مىڭ قامالغان جىنايەتچىگە باراۋەر دەپ پەرەز قىلالايمىز.

27 Adrian Zenz, “‘Thoroughly reforming them towards a healthy heart attitude’: China’s political reeducation campaign in Xinjiang,” Central Asian Survey 38, no. 1 (September 128–102 ,(2018, https://www.tandfonline.com/doi/full/02634937.2018.1507997/10.1080.

28 ئادرىئان زېنىز گازارمىنىڭ كۆلىمى، شۇ جايدىكى ئادەم سانى ۋە خىتاي ھۆججىتىگە ئاساسەن قامالغان ئادەم سانىنىڭ دەسلەپكى مۆلچەرىنى ھېسابلاپ يۇقىرىقىدەك چىقاردى. 2018– يىلى 2– ئايدا تۈركىيەدىكى بىر ئۇيغۇرچە ئەركىن تاراتقۇ بىر ھۆججەت ئېلان قىلىپ، بۇ ھۆججەتنى شىنجاڭدىكى «ئىشەنچلىك خەۋپسىزلىك تارمىقىنىڭ ئەزاسى» ئاشكارىلىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ھۆججەتنى 2017– يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 2018– يىلىنىڭ بېشىغىچە سۇرۇشتۇرۇشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغانلارنىڭ ھەقىقىي سانى 892 مىڭ 329 ئادەمگە يېتىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. (بۇ مەلۇمات شەھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلار، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، خوتەن ۋە غۇلجا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.)

29 Nicole Bozorgmir and Isobel Yeung, “Uighur Parents Say China Is Ripping Their Children Away and Brainwashing Them,” Vice, July 2019 ,1, https://www.vice.com/en us/article/7xgj5y/these–uighur–parents–say– china–is–ripping–their–children–away–and–brainwashing–them.

ھۆكۈمەت تەرەپ ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى باللار يەسلىسىنىڭ سانى 2011– يىلىدىن 2016– يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتىكى تەخمىنەن 400 دىن تۇيۇقسىز كۆپىيىپ 2017– يىلى تەخمىنەن 1200 گە يەتكەن.

30 “Xinjiang Authorities Secretly Transferring Uyghur Detainees to Jails Throughout China,” Radio Free Asia, October 2018 ,2, https://www.rfa.org/english/news/uyghur/transfer–10022018171100.html.

يازغۇچى مىلۋارد ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى يازغان بىر دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان، بۇ دوكلاتتا شىنجاڭدىن كەلگەن بىر ئەترەت مەھبۇسلار ئاپتوبۇسىنىڭ سىچۇەنگە يېتىپ كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

31 «كۆپ پەرزەنتلىك» بولغانلارغا جازا بېرىش تۈزۈمى توغرىسىدا تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

“China cuts Uighur births with IUDs, abortion, sterilization,” Associated Press.

32 Maya Wang, “‘Eradicating Ideological Viruses’,” (New York: Human Rights Watch, September 2018 ,9), https://www.hrw.org/report/09/09/2018/eradicating–ideological–viruses/chinas–campaign–repression–against–xinjiangs; “China cuts Uighur births with IUDs, abortion, sterilization,” Associated Press; Adrian Zenz,

"Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control."

33 Zhu Hailun, "Opinion on further strengthening and standardizing vocational skills education and training centers work," Autonomous Region State Organ Telegram, 2017, https://www.documentcloud.org/documents/6558510–China–Cables–Telegram–English.html. Document published by International Consortium of Investigative Journalists as part of "The China Cables." Original Chinese version: https://www.documentcloud.org/documents/6558509–China–Cables–Telegram–Chinese.html.

34 ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىش پىلانى ۋە تېخنىكىلىق بېسىم خاراكتېرلىك نازارەت قىلىش/ قاماپ قويۇش/ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش تۈزۈمى پۈتۈنلەي ئۆزئارا باغلىنىشلىق. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغان غەرب شىركەتلىرى، يەنى Badger Sportswear ۋە Costco نىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بېيجىڭ ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىش پىلانىغا ئاساسەن، خوتەندە قۇرغان يېڭى سانائەت رايونىدىكى زاۋۇتلار تەمىنلىگەنلىكى ھەمدە بۇ سانائەت رايونىنى خوتەن تەيدا شىركىتى باشقۇرىدىغانلىقى بايقالغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Juozapas Bagdonas, "Tracking Down the Fruits of Xinjiang's Forced Labor Industry," The Diplomat, November 2019 ,16, https://thediplomat.com/11/2019/tracking–down–the–fruits–of–xinjiangs–forced–labor–industry/.

شىنجاڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تور بېكىتى 2019– يىلى 12– ئاينىڭ 5– كۈنى ماختاپ «كەسپىي تېخنىكا مائارىپى بويىچە تەربىيەلەش مەركىزى (ئەمەلىيەتتە جازا لاگېرى) نى ۋاستە قىلىپ، (بىزنىڭ سىياسىتىمىز) شەرقىي خىتاي رايونىدىكى دېڭىز بويىدىكى زور بىر تۈركۈم كارخانىلارنى مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، كىرىمنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى». «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى مۇقىملىق ئاساسىدا جانلىنىپ، ياخشى تەرەققىي قىلدى» دېدى.

https://web.archive.org/web/20190520143306/http:/www.xjdrc.gov.cn/ info/23516/9923.htm. Adrian Zenz compiles voluminous evidence of the connections between the Pairing Assistance Program and the surveillance / internment / forced labor system in Xinjiang. Adrian Zenz, "Beyond the Camps: Beijing's Long–Term Scheme of Coercive Labor, Poverty Alleviation and Social Control in Xinjiang," Journal of Political Risk 7, no. 12 (December 2019), https://www.jpolrisk.com/beyond–the–camps–beijings–long– term–scheme–of–coercive–labor–poverty–alleviation–and–social–control–in–xinjiang/.

35 «喀什地区困难群体就业培训工作实施方案.«[Implementation program for Kashgar region impoverished groups' employment and job training], August 2018 ,7, https://web.archive.org/web/20181204024839/http://kashi.gov.cn/Government/PublicInfoShow.aspx?ID=2963, cited in Adrian Zenz, "Beyond the Camps," 9.

36 Vicky Xiuzhong Xu, Danielle Cave, James Leibold, Kelsey Munro, and Nathan Ruser, "Uyghurs for sale: 'Reeducation', forced labour and surveillance beyond Xinjiang," (Barton, Australia: Australian Strategic Policy Institute, March 2020 ,1), https://www.aspi.org.au/report/uyghurs–sale.

37 Adrian Zenz, "Beyond the Camps," 17.

38 "Path to Prosperity: Localized factories lift Xinjiang locals out of poverty," CGTN, May 2020 ,8, https://news.cgtn.com/news/08–05–2020/Localized–factories–lift–Xinjiang–locals–out–of–poverty–QkbViBZI6Q/index. html.

39 يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن دۇنيا بويىچە پاختا مەھسۇلات مىقدارى 25 مىليون توننىدىن 27 مىليون تونناغا يەتتى. خىتاي 2019– يىلى 5 مىليون 900 مىڭ توننا ئىشلەپچىقاردى، «5 مىليون توننىدىن ئاشقان» مەھسۇلات شىنجاڭدا تېرىلغان بولۇپ، خىتاي ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 89% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

"Top 10 Cotton Producing Countries in the World," Discover Natural Fibres Initiative, July 2020 ,1, https://dnfi.org/cotton/top– 10–cotton–producing–countries–in–the–world 4785/; Mao Weihua and Zheng Caixioing, "Xinjiang still China's largest cotton producer in 2019," China Daily, January 2020 ,8, https://www.chinadaily.com.cn/a/08/202001/ WS5e156c70a310cf3e3558336b.html.

40 Vicky Xiuzhong Xu, Danielle Cave, James Leibold, Kelsey Munro, and Nathan Ruser, "Mongolians for sale"; Eva Dou and Chao Deng, "Western Companies Get Tangled in China's Muslim Clampdown," The Wall Street Journal, May 2019 ,16, https://www.wsj.com/articles/western–companies–get–tangled–in–chinas–muslim–clampdown–11558017472. As the authors completed drafting this article, the Caterpillar corporation was reported to be selling clothing made with Xinjiang forced labor.

ئاپتور بۇ ماقالىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىنكى بەزى خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، Caterpillar شىركىتى شىنجاڭدا مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان كىيىملەرنى ساتقان.

Bethany Allen–Ebrahimian, "Exclusive: Caterpillar sourced clothes from Xinjiang factory involved in coercive labor," Axios, June 2020 ,29, https://www.axios.com/caterpillar–xinjiang–uighur–labor–a6ec73df– b75e–4aea–ae76–cc8182ad6a3c.html.

41 Peggy Sito, "Esquel Group, garment supplier to Tommy Hilfiger and Nike, says it's seeking to overturn US sanction on its Xinjiang plant," South China Morning Post, July 2020 ,21, https://www.scmp.com/business/article/3094073/ esquel–group–garment–supplier–tommy–hilfiger–and–nike–says–its–seeking; "Divestment

of Xinjiang White Field Farming Co. Ltd.," Esquel Group, May 2020 ,13, https://www.esquel.com/news/divestment–xinjiang–white–field–farming–co–ltd.

42 Danielle Cave, Fergus Ryan, and Vicky Xiuzhong Xu, "Mapping more of China's tech giants: AI and surveillance," (Barton, Australia: Australian Strategic Policy Institute, November 2019 ,28), https://www.aspi.org.au/report/mapping–more–chinas–tech–giants; Dahlia Peterson and Josh Rudolph, "Sharper Eyes: Shandong to Xinjiang," China Digital Times, September 2019 ,13, https://chinadigitaltimes.net/09/2019/sharper–eyes–shandong–to–xinjiang– part–3.

43 Darren Byler, "The Global Implications of 'Re–education' Technologies in Northwest China," (Washington, DC: Center for Global Policy, June 2020 ,8), https://cgpolicy.org/articles/the–global–implications–of–re–education–technologies–in–northwest–china; Danielle Cave, Fergus Ryan, and Vicky Xiuzhong Xu, "Mapping more of China's tech giants."

44 ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈش شىركەتنىڭ تىزىملىكتىكى ئەمەلىي گەۋدىگە ئېكسپورت قىلىش، دۆلەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە، نورمىدىن سىرت ئىجازەتنامە تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ساندىكى ئىجازەتنامىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقى چەكلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

"Addition of Certain Entities to the Entity List," Federal Register, October 2019 ,9, https://www.federalregister.gov/ documents/22210–2019/09/10/2019/addition–of–certain–entities–to–the–entity–list; Amy K. Lehr and Efthimia Maria ("Mariefaye") Bechrakis, "The United States Blacklisted 28 Chinese Entities over Repression of Muslim Minorities in Xinjiang. What Does This Mean for Human Rights?" Center for Strategic and International Studies, October 2019 ,11, https://www.csis.org/analysis/united–states–blacklisted–28–chinese–entities–over–repression–muslim–minorities– xinjiang.

٤٥ .Addition of Certain Entities to the Entity List," Federal Register"

46 AFP, "China's blacklisted AI firms: what you should know," Bangkok Post, October 2019 ,13, https://www.bangkokpost.com/business/1771179/chinas–blacklisted–ai–firms–what–you–should–know.

47 "Commerce Department to Add Nine Chinese Entities Related to Human Rights Abuses in the Xinjiang Uighur Autonomous Region to the Entity List," U.S. Department of Commerce, May 2020 ,22, https://www.commerce.gov/news/press–releases/05/2020/commerce–department–add–nine–chinese–entities–related–human–rights.

48 "Commerce Department to Add Nine Chinese Entities Related to Human Rights Abuses in the Xinjiang Uighur Autonomous Region to the Entity List," U.S. Department of Commerce; Simon Glover, "BCI slammed for refusing to quit Xinjiang," EcoTextile News, January 2020 ,29, https://www.ecotextile.com/2020012925609/materials– production–news/bci–slammed–for–refusing–to–quit–xinjiang.html.

49 بۇ گۇرۇپپا تۇنجى قېتىم 2017– يىلى 11– ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، بەش ئەزاسى بار ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن 15 كىشىگە كۆپەيدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

Jeffrey Ding, "China's AI "National Team," ChinAI, May 2019 ,20, https://chinai.substack.com/p/ chinai–51–chinas–ai–national–team; "科技部扩容‘AI国家队’名单，十家新公司入选" [The Ministry of Science and Technology expands the list of 'AI National Team,' 10 new companies are selected], 电子工程专辑[EE Times China], August 2019 ,30, https://www.eet–china.com/news/201908301010.html.

٥٠ Gregory C. Allen, "Understanding China's AI Strategy" (Washington, DC: Center for a New American Security, .https://www.cnas.org/publications/reports/understanding–chinas–ai–strategy ,(٢٠١٩ ,٦ February

٥١ Charles Rollet, "In China's Far West, Companies Cash in on Surveillance Program That Targets Muslims," in–chinas–far–west–companies–cash–in–on–/١٣/٠٦/٢٠١٨/https://foreignpolicy.com ,٢٠١٨ ,١٣ Foreign Policy, June .surveillance–program–that–targets–muslims

52 (Dahua (大华 بىلەن (Hikvision (海康威视 نىڭ 1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىچىدىكى ئۇلۇش پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى،大华يەكەن ناھىيەسىنىڭ 686 مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق پىگىئەن ناھىيەسى تۈرىنى قولغا كەلتۈردى، بۇ ناھىيە 2014– يىلى 7– ئايدا توپىلاڭ يۈز بەرگەن جاي. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

Charles Rollet, "Dahua and Hikvision Win Over 1$ Billion In Government–Backed Projects In Xinjiang," IPVM, April 2018 ,23, https://ipvm.com/reports/xinjiang–dahua–hikvision.

53 Charles Rollet, "In China's Far West, Companies Cash in on Surveillance Program That Targets Muslims."

54 Charles Rollet, "Evidence Of Hikvision's Involvement With Xinjiang IJOP And Re–Education Camps," IPVM, October 2018 ,2, https://ipvm.com/reports/hikvision–xinjiang.

55 "Hikvision: PRC Government 'Exert Significant Influence Over Our Business,'" IPVM, March 2018 ,28, https://ipvm.com/reports/hikvision–influence.

56 Charles Rollet, “Evidence Of Hikvision’s Involvement With Xinjiang IJOP And Re–Education Camps”; “How Mass Surveillance Works in Xinjiang, China,” Human Rights Watch, May 2019 ,2, https://www.hrw.org/video–photos/interactive/02/05/2019/china–how–mass–surveillance–works–xinjiang;

CETC نىڭ تارماق شىركىتى خېيبېي يىراق شەرق خەۋەرلىشىش سىستېما قۇرۇلۇشى شىركىتى ۋە CETC بىلەن ئالاقىسى بار باشقا 16 شىركەتلەر 2018 – يىلى 8 – ئايدا ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى، سەۋەبى «قانۇنسىز تاۋار ۋە تېخنىكا سېتىۋېلىپ خىتاينىڭ ھوقۇق بېرىلمىگەن ھەربىي ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن». بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

“Addition of Certain Entities; and Modification of Entry on the Entity List,” Federal Register, August 2018 ,1, https://www.federalregister.gov/documents/16474–2018/01/08/2018/addition–of– certain–entities–and–modification–of–entry–on–the–entity–list.

57 Charles Rollet, “Evidence Of Hikvision’s Involvement With Xinjiang IJOP and Re–Education Camps.”

58 بۇ كۆرگەزمىلەر 4 – نۆۋەتلىك خىتاي–ئاسىيا–ياۋروپا بىخەتەرلىك كۆرگەزمىسى ۋە 13 – نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساقچى تېررورلۇققا قارشى تۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

“共筑平安新疆 云从科技携人脸识别亮相亚欧安防展览会” [Building safety in Xinjiang: CloudWalk Technology debuts face recognition at the Asia–Europe Security Exhibition], CTI Forum, August 2017 ,24, https://web.archive.org/web/20200623203839/http://www.ctiforum.com/news/ guonei/519237.html; “商汤、旷视、云从、依图，究竟谁将在人脸识别领域独领风骚?” [Sensetime, Megvii, Cloudwalk, Yitu, who will be the leader in face recognition?], 新鲜事研究社 [What’s New Research], May 2013 ,19, https://web.archive.org/web/20200623212409/https://baijiahao.baidu.com/s?id=3606 163341456583246&wfr=spider&for=pc.

59 云天励飞“深目”动态人像识别解决方案将亮相亚欧安博会” [Intellifusion’s ‘Deep Eye’ Dynamic Portrait Recognition Solution Will Debut at Asia–Europe Expo], 中国安防展览网 [China Security Exhibition Network], August 2017 ,8, https://archive.vn/OZkfO.

60 Cao Yiqing, “从依图科技看中国AI的弯道超越” [Seeing the Acceleration of Chinese AI from Yitu Technology’s Perspective], Yu De, October 2019 ,11, https://web.archive.org/web/20200623212059/ https:// baijiahao.baidu.com/s?id=1647058344062254767&wfr=spider&for=pc.

61 بۇ يەردە ئېيتىلغان «نۇقتىلىق ئادەم» دېيىلگىنى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىشتە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن: ئەرز قىلغۇچىلار، «مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار»، تېررورلۇققا قاتناشقانلار، چوڭ جىنايەتچىلەر، زەھەرگە چېتىلغانلار، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغانلار ۋە روھىي ساغلاملىق مەسىلىسى بارلار، «ئاسان پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىدىغانلار». بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

“China: Police ‘Big Data’ Systems Violate Privacy, Target Dissent,” Human Rights Watch, November 2017 ,19, https://www.hrw.org/news/19/11/2017/china–police–big–data–systems–violate–privacy– target–dissent.

62 Darren Byler, “The Global Implications of ‘Re–education’ Technologies in Northwest China”; Meiya Pico was also responsible for the intrusive spying app MFSocket. Celia Chen and Meng Jing, “What you need to know about Meiya Pico, China’s low–profile forensics champion named in data privacy scandal,” South China Morning Post, July 2019 ,9, https://www.scmp.com/tech/start–ups/article/3017688/what–you–need–know–about–meiya– pico–chinas–low–profile–forensics.

63 Danielle Cave, Fergus Ryan, and Vicky Xiuzhong Xu, “Mapping more of China’s tech giants.”

64 “‘实体清单’事项 海康威视、大华股份最新、全面回应” [Hikvision, Dahua share their latest and comprehensive response to the ‘Entity List’], 中国安防行业网 [China Security Industry Network], October ,10 2019, https://web.archive.org/web/20200623220513/http://news.21csp.com.cn/c11389485/201910/34. html.

65 Jane Zhang, “China’s AI champions are already powering a mind–boggling array of processes and this will rise in 2020,” South China Morning Post, January 2020 ,1, https://www.scmp.com/tech/start–ups/ article/3044188/chinas–ai–champions–are–already–powering–mind–boggling–array.

66 “Divestment of Xinjiang White Field Farming Co. Ltd.,” Esquel Group. Increased scrutiny on Esquel’s exports of U.S. technology might endanger the company’s access to robotics, a strategic direction the company has announced. Ryan Swift, “Hong Kong shirtmaker Esquel turns to robots to beat US tariffs,” South China Morning Post, September 2018 ,25, https://www.scmp.com/business/banking–finance/article/2165582/hong–kong–shirtmaker–esquel–turns–robots–beat–us–tariffs.

67 Ryan Swift, “Hong Kong shirtmaker Esquel turns to robots to beat US tariffs.”

68 بۇ IPVM تەكىتلىگەن 大华 11 بىلەن 海康威视 شىركەتلىرىنىڭ بىر تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قىممىتى 1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى. Leon بولسا 2017 – يىللىق Qiemo بىخەتەر رايون تۈرىدە داخۇا بىلەن بىرلىكتە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

Charles Rollet, “Dahua and Hikvision Win Over 1$ Billion In Government–Backed Projects In Xinjiang”; Jeffrey

Ding, “Complicit – China’s AI Unicorns and the Securitization of Xinjiang,” ChinAI, September 2018 ,23, https://chinai.substack. com/p/chinai–newsletter–29–complicit–chinas–ai–unicorns–and–the–securitization–of–xiniiang.

69 Jeffrey Ding, “Complicit – China’s AI Unicorns and the Securitization of Xiniiang.”

70 Masha Borak, “China’s ‘data doors’ scoop up information straight from your phone,” South China Morning Post, May 2019 ,7, https://www.scmp.com/abacus/tech/article/3029333/chinas–data–doors–scoop– information–straight–your–phone.

71 يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

72 يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

73 Thermo Fisher شىركىتىنىڭ خىتايدا كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Sui–Lee Wee, “China is Collecting DNA from Tens of Millions of Men and Boys, Using U.S. Equipment,” The New York Times, June 17, 2020, https://www.nytimes.com/2020/06/17/world/asia/China–DNA–surveillance.html.

74 بۇ نازارەت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق دىسكىلار GPU ۋە FPGAsنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Lorand Laskai and Helen Toner, “Can China Grow Its Own AI Tech Base?,” New America, November 4, 2019, https:// .www.newamerica.org/cybersecuritv–initiative/ digichina/blog/can–china–grow–its–own–ai–tech–base

75 Xilinx شىركىتى FPGA دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزەك بىلەن تەمىنلەيدۇ، Seagate ۋە Western Digital بولسا AI نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشنى ئەللاشتۇرىدىغان ساقلاش ۋە ھەل قىلىش لايىھەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Dahlia Peterson, “Foreign Technology and the Surveillance State” in China’s Quest for Foreign Technology: Beyond Espionage, eds. William C. Hannas and Didi Kirsten Tatlow (London: Routledge, September 2020).

76 “AI芯片厂商与传统安防制造企业紧密合作 拓展安防业务” [AI chip manufacturers work closely with traditional security manufacturing companies to expand security business], 中国安防行业网 [China Security Industry Network], December 2017 ,28, https://web.archive.org/web/20200630000620/http://news.21csp.com.cn/c11365694/201712/34.html.

77 بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Dahlia Peterson, “Foreign Technology and the Surveillance State.”

78 “Congressional Letter Calls Out US Companies Supporting Dahua and Hikvision,” IPVM, March 2019 ,11, https://ipvm.com/reports/letter–support; Liza Lin and Josh Chin, “U.S. Tech Companies Prop Up China’s Vast Surveillance Network,” The Wall Street Journal, November 2019 ,26, https://www.wsj.com/articles/u–s–tech–companies–prop–up–chinas–vast–surveillance–network–11574786846.

79 “China Uyghur Analytic Projects Require Intel And NVIDIA, Intel Condemns, NVIDIA Silent,” IPVM, December 2019 ,2, https://ipvm.com/reports/uyghur–intel–nvidia.

80 Charles Rollet, “China Government Spreads Uyghur Analytics Across China,” IPVM, November 2019 ,25, https://ipvm.com/reports/ethnicity–analytics; Paul Mozur, “One Month, 500,000 Face Scans: How China Is Using A.I. to Profile a Minority,” The New York Times, April 2019 ,14, https://www.nytimes.com/14/04/2019/technology/china–surveillance–artificial–intelligence–racial–profiling.html.

海康威视 بولسا بىر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مىسال، بۇ شىركەت ئۆزىنىڭ تور بېكىتىدە ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلدى، ئاندىن چىقىرىپ تاشلىدى، ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

Charles Rollet, “Hikvision Markets Uyghur Ethnicity Analytics, Now Covers Up,” IPVM, November 2019 ,11, https://ipvm.com/reports/hikvision–uyghur

81 Matt Schiavenza, “Why Aren’t More Countries Confronting China over Xinjiang?,” ChinaFile, January 2020 ,14, https://www.chinafile.com/reporting–opinion/viewpoint/why–arent–more–countries–confronting–china–over–xinjiang. Qatar initially signed, then withdrew its support for the UNHCR letter deploring the Xinjiang situation.

82 “Inter–Parliamentary Alliance on China,” Inter–Parliamentary Alliance on China, https://www.ipac.global; Benedict Rogers, “Parliamentarians From Around the World Unite to Discuss the China Challenge,” The Diplomat, June 2020 ,6, https://thediplomat.com/06/2020/parliamentarians–from–around–the–world–unite–to–discuss–the– china–challenge; “Launch of the Global Partnership on Artificial Intelligence by 15 founding members,” French Ministry for Europe and Foreign Affairs, June 2020 ,15, https://www.diplomatie.gouv.fr/en/french–foreign–policy/ digital–diplomacy/news/article/launch–of–the–global–partnership–on–artificial–

intelligence–by–15–founding.

83 Anna Gross and Madhumita Murgia, "China Shows its Dominance in Surveillance Technology," Financial Times, December 2019 ,26, https://www.ft.com/content/b34d8ff21–8b11–4ea–92da–f0c92e957a96.

84 California Office of Environmental Health Hazard Assessment, "The Proposition 65 List," https://oehha.ca.gov/proposition–65/proposition–65–list; United States Environmental Protection Agency, "Toxics Release Inventory (TRI) Program," https://www.epa.gov/toxics–release–inventory–tri–program.

85 Danielle Cave, Fergus Ryan, and Vicky Xiuzhong Xu, "Mapping more of China's tech giants."

86 "Draft U.S. Government Guidance for the Export of Hardware, Software and Technology With Surveillance Capabilities and/or Parts/Know–how," U.S. Department of State, October 2019 ,29, https://www.eff.org/files/29/10/2019/draft–guidance–for–the–export–of–hardware–software–and– technology–with–surveillance–capabilities.pdf.

87 The Wassenaar Arrangement, https://www.wassenaar.org/.

88 Foreign Advanced Technology Surveillance Accountability Act, H.R. 116 ,7307th Cong. (2020), https://www.congress.gov/bill/116th–congress/house–bill/7307/text; "Curtis, Malinowski Introduce Bipartisan Foreign Advanced Technology Surveillance Accountability Act," Congressman John Curtis, June 2020 ,24, https://curtis.house.gov/ press–releases/curtis–malinowski–introduce–bipartisan–foreign–advanced–technology–surveillance–accountability–act.

89 Danielle Cave, Fergus Ryan, and Vicky Xiuzhong Xu, "Mapping more of China's tech giants."

90 James T. Areddy and Michelle Hackman, "China's Muslim Uighurs Are Stuck in U.S. Immigration Limbo," The Wall Street Journal, July 2020 ,28, https://www.wsj.com/articles/chinas–muslim–uighurs–are–stuck–in–u–s–immigration–limbo–11595937603.

91 گەرچە زۇلۇم قاتاردىن سانىمىغان بولساقمۇ، لېكىن مۇرەككەپ ھەم ئومۇميۈزلۈك بولغان شىنجاڭدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ يۈز بېرىش دائىرىسى جازا لاگېرى ياكى يېقىن ئەتراپتىكى مەجبۇرىي ئەمگەك زاۋۇتلارنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ «1930– يىلىدىكى تاموژنا بېجى قانۇنى» دا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» «مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىق تەھدىتى ئاستىدا، ھەرقانداق كىشىنىڭ شۇغۇللىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بارلىق خىزمەت ياكى مۇلازىمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدا ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ» دەپ تەبىر بېرىلگەن. بۇ بەلگىلىمە بەلكىم بارلىق ئۇيغۇرلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا پۇقرالارنىڭ رەت قىلىشى جازا لاگېرىغا ئاپىرىلىشىنى ياكى قاماققا ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. 1930– يىلىدىكى تاموژنا بېجى قانۇنى، 1930 ) 1307 .19U.S.C).

https://uscode.house.gov/view.xhtml?path=/prelim@ title19/chapter4&edition=prelim.

92 Jason Judd and Sarosh Kuruvilla, "Why apparel brands' efforts to police their supply chains aren't working," The Conversation, April 2020 ,30. https://theconversation.com/why–apparel–brands–efforts–to–police–their–supply– chains–arent–working–136821.

93 Bethany Allen–Ebrahimian, "Exclusive: Caterpillar sourced clothes from Xinjiang factory involved in coercive labor."

94 Amy Lehr, "Addressing Forced Labor in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region."

95 Uyghur Human Rights Policy Act of 2020, Pub. L. No. 2020) 145–116) https://www.congress.gov/116/plaws/publ145/PLAW–116publ145.pdf.

96 بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

"Meshrep," Intangible Cultural Heritage, United Nations Educational, Scientific and Cultural Organization, https://ich.unesco.org/en/USL/meshrep–00304 and "Uyghur Muqam of Xinjiang," Intangible Cultural Heritage, United Nations Educational, Scientific and Cultural Organization, https://ich.unesco.org/en/RL/uyghur–muqam– of–xinjiang–00109.

بۇ ۋە باشقا ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى چەكلەشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

"UHRP Report: Extracting Cultural Resources: the Exploitation and Criminalization of Uyghur Cultural Heritage," (Washington, DC: Uyghur Human Rights Project, June 2018 ,12), https://uhrp.org/press–release/extracting–cultural–resources– exploitation–and–criminalization–uyghur–cultural.

97 Minxin Pei, "China needs an exit strategy from Xinjiang," Nikkei Asian Review, August 2020 ,8, https://asia.nikkei.com/Opinion/China–needs–an–exit–strategy–from–Xinjiang2; ; Amy Lehr, "Addressing Forced Labor in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region." Ilham Tohti, "Present–Day Ethnic Problems in Xinjiang Uighur Autonomous Region".

ئىلھام توختى ۋە باشقا خىتاي ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ باشقا ماقالىلىرىدە ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىش پىلانى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ھەرىكىتىدىكى خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

# تۇيغۇداشلىق ۋە ‘داشلىق—بىز’ تۇيغۇداشلىقى



**ئادىل ئەرئۇيغۇر**
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى
E-mail: eweting @ gmail.com

## مۇقەددىمە

تۇيغۇداشلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېقىنقى مەزگىللەردە ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە، يېتىلىش ئىلمى ۋە بىلىشچىل نېرۋولوگىيە قاتارلىق ھەر خىل پەنلەردە تۇيغۇداشلىق قىزىق نۇقتىغا ئايلانماقتا.1 تۇيغۇداشلىق تەتقىقاتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىنسان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ۋە ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشنى تېما قىلغان پەنلەر ۋە نەزەرىيەۋى نۇقتئىينەزەرلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

چەت ئەلدە ياشاۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ۋەتەندىكى زۇلۇملارغا بىۋاستە ئۇچراۋاتقانلارنىڭ تۈرلۈك تۇيغۇلىرى، ئوي—پىكىرلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ھەقىقىي مەنىدە ھېس قىلىپ ۋە تولۇق چۈشىنىپ بۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلماسلىقىنىڭ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ھەر جەھەتتىن دۈشمەن، يات ۋە يوق قىلىشقا تېگىشلىك مىللەت دەپ قارىغانچىلىك، چەت ئەلدىكى كۆپ قىسىم شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتاينى ھەقىقىي دۈشمەن، باسقۇنچى ۋە زالىم سۈپىتىدە كۆرەلمەسلىكى؛ چەت ئەلدىكى تەشكىلاتلارنىڭ خەلقنىڭ تۇيغۇسىغا، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ۋە كۈتكەنلىرىگە يېتەرلىك جاۋاب بېرەلمەسلىكى؛ ئوخشاشلا خەلقنىڭمۇ تەشكىلاتلارنىڭ فۇنكسىيەسى، رولى، قۇرۇلمىلىرى، پىلان-پىروگراممىلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولماستىن ئۇلارنى قارىغۇلارچە ئەيىبلىشى؛ چوڭلارنىڭ ياشلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ۋە دەۋاغا

قارىتا پاسسىپلىقدىن شىكايەت قىلىشى؛ ئوخشىلاشلا ياشلارنىڭمۇ چوڭلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ۋە چوڭلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى ھەتتا زىيان بېرىۋاتقانلىقىنى ئويلىشىشى؛ تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا دىئالوگ، ھەمكارلىق ۋە چۈشىنىشنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكى؛ بەزى شەخس ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ دەۋا سېپىدىكى شەخس ۋە تەشكىلاتلارنى ئاسانلا تامغىلاپ خائىنغا چىقىرىۋېتىشى؛ شۇنداقلا بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈرك دۇنياسى، ئىسلام دۇنياسى، قىسقىسى دۇنيادىن نوقۇل ياردەم تەلەپ قىلىشنىلا بىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى جىم بولۇۋېلىشى ۋە ياكى ئۇلاردىن داۋاملىق رەنجىشى قاتارلىقلارنىڭ تېگىدە سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي بولۇپ نۇرغۇن سەۋەب ياتىدۇ. مانا بۇ ئامىللارنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىكى تۇيغۇداشلىق ئېڭىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پىسخولوگىيەلىك ئامىلنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. بىر شەخسنىڭ، بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى باشقا بىر شەخس، ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى مىللەتنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئوي-پىكىرلىرىنى، ئارزۇلىرىنى، ھەرىكەت ئەندىزىسىنى، دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىشى ۋە شۇ ئاساستا مۇئامىلە قىلىشىنى كۆرسىتىدىغان تۇيغۇداشلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە، ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ئاكتىپ ۋە ئىجابىي رول ئوينايدىغان مۇھىم پىسخولوگىيەلىك ئامىل ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ. تۇيغۇداشلىققا ئىگە شەخس، ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى جەمئىيەت ۋە ياكى مىللەت ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئۆگىنىشكە، تىرىشىشقا،ئۆزى تەۋە بولغان قورۇلمىغا خىزمەت قىلىشقا، باشقىلار بىلەن دىئالوگ ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ئېھتىياج ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، پىداكارلىق روھىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. لېكىن تۇيغۇداشلىقتىن ئىبارەت بۇ كۈچتىن ياكى قابىلىيەتتىن قىسمەن ياكى تامامەن مەھرۇم شەخس، ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى مىللەت ۋە ياكى جەمئىيەت داۋاملىق ئۆگىنىشتىن، تىرىشىشتىن، ۋەقە-ھادىسىلەرنى، ئىنسانلارنى، جەمئىيەتنى ۋە دۇنيانى چۈشىنىشتىن، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن، ئۆزگىلەر بىلەن ھەمكارلىق ۋە دىئالوگ ئورنىتىشتىن،ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرگە ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ ياكى بۇلارغا قادىر بولالمايدۇ. نەتىجىدە بۇنداق شەخس، ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى مىللەتتە ۋە ياكى جەمئىيەتتە جاھالەت، نادانلىق، بېكىنمىچىلىك، پەرۋاسىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئاشقۇنلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر يامراپ نۇرغۇن مەسىلە كېلىپ چىقىرىدۇ. مەسئۇلىيەت، ھەمكارلىق، يۇقىرى مەلۇمات، ئىزچىل ئۆگىنىش ۋە تىرىشىش، دىئالوگ، ئوچۇق پىكىر، پىلان ۋە پىروگراممىا، مۇتەخەسسىسلىشىش، كەڭ قورساقلىق، ئۆز-ئارا چۈشىنىش، پىداكارلىق، خىزمەت، ھوشيارلىق تەلەپ قىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، مەلۇم جەھەتتىن چەت ئەلدىكى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ، تەشكىلاتلارنىڭ، ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارنىڭ تۇيغۇداشلىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشىگە زور دەرىجىدە باغلىق. تۇيغۇداشلىق چەت ئەلدىكى چوڭلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا، ھەر قايسى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا، تەشكىلاتلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا،ھەرقايسى ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا، شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە ھەر قايسى ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسى، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيا ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قاراتقان پىلانلىرىنى، مەقسەتلىرىنى، ئىستراتېگىيەلىرىنى، نىيىتىنى ۋە سىياسىتىنىمۇ بىلىشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

بۇ ماقالىدە تۇيغۇداشلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى، تۇيغۇداشلىقنىڭ كىشىلىك ئالاقە، دىن ۋە ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۇيغۇداشلىقنىڭ تۈرلىرى ۋە دەرىجىلىرى، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە مىللەت سەۋىيەسىدە تۇيغۇداشلىق بەرپا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان زېھنىيەت ياكى چۈشەنچە شەكلى قاتارلىقلار ئىزاھلىنىدۇ ۋە شەرقىي تۈركىستان

دەۋاسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تۈيغۇداشلىقنىڭ قايسى ئىكەنلىكى چارە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## 1-تۈيغۇداشلىقنىڭ (empathy) ئېتمولوگىيەسى

تۈيغۇداشلىق ئىبارىسى ئىنگلىزچىدىكى «empathy» كەلىمىسىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ئىبارە «empathy» نى تولۇق ئىپادىلىيەلمىسىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىگىچە ۋە مۇئەييەن تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «empathy» كەلىمىسىنىڭ يىلتىزى گىرېكچە «empathia» كەلىمىسىگە تۇتىشىدۇ. ئېتمولوگىيە جەھەتتىن «em» قوشۇمچىسى «ئىچىدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «pathia» قوشۇمچىسى «ھېس قىلىش» دېگەن مەنىگە كېلىدۇ. «empathy» ئۇقۇمى پسىخولوگىيەدە تۇنجى بولۇپ، 1897-يىلى تېئودور لىپپس (Theodor Lipps) تەرىپىدىن نېمىسچە «Einfühlung» كەلىمىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. «empathy» بۇنىڭدىن بۇرۇن ئېستېتىكا ۋە بىلىشچانلىق ئىلمىگە ئالاقىدار[2] ساھەلەردە ئىشلىتىلەتتى. ئېستېتىكا جەھەتتە ئەشيا، جىسىم ياكى نەرسىلەرنى چۈشىنىش ياكى ئىدراك قىلىش جەريانىدا، كۆزەتكۈچىنىڭ ھېس-تۈيغۇ ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەكس ئېتىشىنى بىلدۈرسە، بىلىشچانلىق جەھەتتە سەنئەتچى ۋە شائىرلارنىڭ نىشانغا يېتىش ئۇسۇلى ياكى مېتودىنى بىلدۈرەتتى. لىپپس «Einfühlung» نى مۇنداق تەبىرلەيدۇ: «بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئالدىدىكى بىر جىسىم ياكى ئەشياگە ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئۆزىنى شۇ جىسىم ياكى ئەشيانىڭ ئىچىدە ھېس قىلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇ جىسىم ياكى ئەشيانى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈش ۋە چۈشىنىش جەريانىدۇر.» نېمىسچىدە «empathy»نى بىلدۈرىدىغان «Einfühlung» كەلىمىسى، بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇش ئىقتىدارىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنگلىزچىدە بولسا «باشقىلارنىڭ ئايىغىنى كىيەلەيدىغان بولۇش»تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.[3] كۆپ تىللاردا بۇ كەلىمە بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ياكى بۇ كەلىمىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان كەلىمە تاپماق تەس. لېكىن يېقىن مەنىلىك كەلىمىلەر ۋە ئىبارىلەر ئەلۋەتتە مەۋجۇت. تۈركچىدە «باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش»، «تۈيغۇداشلىق - duygudaşlık» ياكى «ئەمپاتى-empati» دېگەن شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئەمپاتى-empati» كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرچىدا «تۈيغۇداشلىق»ئىبارىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. «empathy» تارىختا تۇنجى بولۇپ ئارىستوتېلىنىڭ «رېتورىك» ناملىق ئەسىرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.[4] «empathy» بىلەن داۋاملىق ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلۇۋاتقان «sympathia» كەلىمىسىدىكى «sym» ياكى «syn» قوشۇمچىسى «بىلەن، بىرلىكتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى گىرېكچىدىكى «sympatheia» كەلىمىسىدىن ئىنگلىزچىگە «sympathy‘» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى، «باشقا بىرى بىلەن بىرلىكتە ئازاب چېكىش»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «sympathy» بىر كىشىنىڭ قارشى تەرەپ ياكى باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق ئۈچۈن قايغۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.[5] نەۋزات تارھان بۇنىڭغا مۇنداق مىسال بېرىدۇ: «empathy» كەلىمىسى «تۈيغۇ يۇقۇملىنىشى»دېگەن ئىبارە بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ۋە ئۆزلۈكىدىن باشقىلارنىڭ ھېس-تۈيغۇلىرىنى تەقلىد قىلىشى ۋە بۇ تۈيغۇلارنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. تۈيغۇداشلىق بولسا بۇنىڭدىن پەرقلىق بولۇپ، ئاڭ ۋە تەپەككۇر نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ ۋە تۈيغۇداشلىق قىلالىغان كىشى ئۆزى ھېس قىلغان تۈيغۇلارنىڭ باشقىلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. بۇنى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ ھېس-تۈيغۇسىدەك ئويلىۋالمايدۇ.[6]

## 2–تۇيغۇداشلىقنىڭ تەبىرى

تۇيغۇداشلىقنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان تەبىرى يوق. نوپۇزلۇق مەنبەلەردە، تۇيغۇداشلىق[7]نىڭ زادى نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە پەرقلىق تەبىر ۋە مەلۇماتلار مەۋجۇت. ئومۇمەن تۇيغۇداشلىقنىڭ ئېنىقلىمىلىرى مۇنداق: بىراۋنىڭ ئۆزىنى ھېس-تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلىرىدىن ۋاقىتلىق خالىيلاشتۇرۇپ، ئۆزگىلەرنىڭ ئېتىقادى، ئىشىنىشلىرى، ئارزۇلىرى، بولۇپمۇ ھېس-تۇيغۇلىرىنى پەرق ئېتىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىدۇر. كىشى باشقىلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى شۇنچىلىك ياخشى ھېس قىلىشقا باشلايدۇكى، ئۆزىنى قارشى تەرەپ بىلەن بىرگەۋدىلەشتۈرۈۋېتىدۇ. گاللو (Gallo) تۇيغۇداشلىقنىڭ ئىككى تەرىپى بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. تۇنجىسى بولسا بىلىش تەرىپىدۇر، يەنى تۇيغۇداشلىق قىلالىغان كىشى باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىنى، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ، تۇيغۇداشلىق بۇ تەرىپىدە بىلىم، مەلۇمات، تەپەككۇر، ئاڭ قاتارلىقلار ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئىككىنچىسى ھېسسىي تەرىپى بولۇپ، بىراۋ باشقىلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئورتاقلىشىدۇ. بۇلاردىن سىرت، بەزى مەنبەلەردە تۇيغۇداشلىقنىڭ بۇ ئىككى تەرىپىدىن باشقا يەنە بىر خۇسۇسىيىتىمۇ تەكىتلىنىدىغان بولۇپ، بۇ بولسىمۇ بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىپ چۈشىنىپ يەتكەنلىكى ۋە بۇنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈپ قويۇشى ياكى ئورتاقلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك. ھاينېس ۋە ئاۋېرى تۇيغۇداشلىقنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەرىقىدە ئۇنى مۇنداق تەبىرلەپ چىقىدۇ: بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى پەرق ئېتىشى ۋە چۈشىنىپ يېتىشى، شۇنداقلا بۇنى قارشى تەرەپكە مۇۋاپىق تەرىقىدە يەتكۈزۈش ئىقتىدارىدۇر.[8] نوپۇزلۇق پىسخىك داۋالاش مۇتەخەسسىسى نەۋزات تارھانمۇ تۇيغۇداشلىقنى مۇنداق تەبىرلەيدۇ: «بىراۋنىڭ ئۆزىنى ھېس-تۇيغۇ، چۈشەنچە، ھەرىكەت قاتارلىق جەھەتلەردە قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدەك ھېس قىلىشى، ئويلىشى ۋە ھەرىكەت قىلىشىدۇر». نەۋزات تارھان يەنە تۇيغۇداشلىقنىڭ بىراۋنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىنى ھېس قىلىشتىن سىرت، ئۇ كىشىنىڭ نۇقتىئىينەزىرىنىمۇ كۆرەلىشى، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا ھۆرمەت قىلىپ مەسىلىلەرنى، ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئۇنىڭ مەۋقەسى ۋە مەيدانى نۇقتىسىدىن قاراپ كۆزىتەلەيدىغان بولۇشى دەيدۇ.[9] يەنە بىر تەبىرگە كۆرە، تۇيغۇداشلىق باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىش، باشقىلارنىڭ قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاش، باشقىلارنىڭ قەلبى بىلەن ھېس قىلىشتۇر.[10] تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرى جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇنۇ سۆزىدە تۇيغۇداشلىق مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: «ئۆزگىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدەك ھېس قىلغىن، ئۆزگىلەردىن گۇمانلىنىشتىن بۇرۇن ئىشىنىڭ تېگىنى ئۆگەنگىن، ئۆزگىلەر ھەققىدە ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىش ۋە تامغىلاشتىن بۇرۇن ئۇلارنى چۈشىنىپ باققىن، سۆزلەشتىن بۇرۇن ئويلانغىن».[11] ئەر ئۆزىنى ئايالىنىڭ ئورنىغا، ئايالمۇ ئۆزىنى ئېرىنىڭ ئورنىغا، ئاتا-ئانا ئۆزلىرىنى پەرزەنتىنىڭ ئورنىغا، بىر يۇرتلۇق ئۆزىنى يەنە بىر يۇرتلۇقنىڭ ئورنىغا، بىر تەشكىلات ئۆزىنى يەنە بىر تەشكىلاتنىڭ ئورنىغا، بىر ئېقىمدىكىلەر ئۆزىنى باشقا بىر ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئورنىغا، رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىنى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئورنىغا، قول ئاستىدىكىلەرمۇ ئۆزىنى رەھبەرلەرنىڭ ئورنىغا، چوڭلار ئۆزىنى ياشلارنىڭ ئورنىغا، ياشلارمۇ ئۆزىنى چوڭلارنىڭ ئورنىغا، بىراۋنىڭ ئۆزىنى ئادالەتسىزلىككە، زۇلۇمغا، ھەقسىزلىككە، يولسىزلىققا ئۇچرىغان قېرىنداشلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشى تۇيغۇداشلىققا مىسال بولالايدۇ.

تۇيغۇداشلىق قىلىش بىراۋنىڭ ئۆزگىلەرنى ھەر جەھەتتە يوللۇق ۋە توغرا يولدا دەپ قاراش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. مۇھىم بولغىنى بىرىنىڭ ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئۇنىڭ تۇيغۇ ۋە ئىدىيەسىنى چۈشىنىشكە تىرىششىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇيغۇداشلىق ئۆزگىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە مۇۋەپپەقىيەتنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[12] تۇيغۇداشلىق نوقۇل بىلىشچىل ۋە تۇيغۇ تەرىپىلا بولغان ئۇقۇم بولماستىن، كۆپ قىرلىق بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر كىشىنىڭ

پەرقلىق نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولۇشىمۇ بۇنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پىسخىكىلىق تۇيغۇداشلىقتىن سىرت، كۇلتۇر تۇيغۇداشلىقى، ئىجتىمائىي تۇيغۇداشلىق قاتارلىقلارمۇ بار. كۇلتۇر تۇيغۇداشلىقى دېگەندە، بىر جەمئىيەتتە مەلۇم بىر دىنىي-مەزھەپ گۇرۇپپا ياكى ئوخشاش مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆزىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان باشقا مەزھەپتىكىلەر، مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە ھەرىكەت قاتارلىقلار جەھەتلەردە ئورنىغا قويۇپ ئالاقە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي تۇيغۇداشلىق بولسا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئۆز-ئارا بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا قويۇپ چۈشىنىشى، تۇيغۇداشلىق قىلىشى ۋە ھەرىكەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇيغۇداشلىق قىلىش جەريانىنىڭ تۇنجى قەدىمى قارشى تەرەپكە قۇلاق سېلىشتۇر. تۇيغۇداشلىق قىلىنىدىغان كىشى ياكى كىشىلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ تەرەپتىن قۇلاق سېلىش، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى، پوزىتسىيەسى، مەۋقەسى، مەيدانى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى بىلىشكە تىرىشىش لازىم. قارشى تەرەپكە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش تۇيغۇداشلىق قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، لېكىن تۇيغۇداشلىق قىلىش ئۈچۈن بۇ يېتەرلىك ئەمەس. تۇيغۇداشلىق قىلىش ئۈچۈن بولۇپمۇ قارشى تەرەپنى تونۇش، ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى،ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، مەۋقەسىنى، پوزىتسىيەسىنى ۋە نۇقتىئىنەزىرىنى بىلىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇنداق بولغاندا قارشى تەرەپنىڭ دۇنيا قارىشىنى، نۇقتىئىنەزىرىنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ناۋادا قارشى تەرەپنىڭ بۇ خىل تەرىپى بىلىنمىسە تۇيغۇداشلىق قىلىش تەسكە توختايدۇ. تۇيغۇداشلىق قىلىنغان كىشىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قاراش ۋە ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىش، ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاراشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا قويۇش جەريانى ئەھۋالنى چۈشىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولسىمۇ لېكىن بۇ قىسقا بولۇشى كېرەك. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنى قويۇپ ئۇنىڭدىن چىقالمىساق تۇيغۇداشلىق قىلغان بولمايمىز. بۇ نۇقتىدىن تۇيغۇداشلىق ئاڭلىقلىق ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان پائالىيەتتۇر. تۇيغۇداشلىق قىلغاندا قارشى تەرەپنىڭ تۇيغۇسى ۋە چۈشەنچىسىنى توغرا چۈشىنىش ھالقىلىق مەسىلىدۇر، لېكىن بۇ قانداقتۇر ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىدە بولۇشنى تەقەززا قىلمايدۇ ياكى بۇنىڭدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ جەرياننىڭ ئاخىرىدا تۇيغۇداشلىق قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ۋە ھېس-تۇيغۇسىغا قايتىشى كېرەك. ئاخىرىدا تۇيغۇداشلىق قىلىنغان كىشىگە ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە چۈشەنچىسىنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۈستۈن دۆكمەن تۇيغۇداشلىقنىڭ ئۈچ تەركىبىنى مۇنۇ تەرىقىدە بايان قىلىدۇ: بىرىنچىسى، تۇيغۇداشلىق قىلىدىغان كىشى ئۆزىنى چوقۇم قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا قويۇشى، ۋەقە-ھادىسىلەرگە ئۇنىڭ مەيدانى ياكى كۆزى بىلەن قارىشى كېرەك. باشقىچە دېگەندە، تۇيغۇداشلىق قىلماقچى بولغان كىشى قارشى تەرەپنىڭ پىكىر، مەنە ۋە تۇيغۇ دۇنياسىغا كىرىشى شەرت. چۈنكى ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس سۇبيېكتىپ دۇنياسى بار. بۇ شۇ كىشىگە خاس نەرسە بولغانلىقتىن، ۋەقە-ھادىسىلەرنى ۋە مەسىلىلەرنى پەقەتلا ئۇنىڭ نۇقتىسى ياكى كۆزىدىن قارىغىلى، چۈشەنگىلى ۋە كۆزەتكىلى بولىدۇ. تۇيغۇداشلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىدىن چىقىپ قارشى تەرەپنىڭ رولىغا كىرىپ ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن كۆرگەندەك ياشاشتۇر. بۇ رول ئالماشتۇرۇش ۋاقىتلىقلا بولىدۇ.ئىككىنچىسى، تۇيغۇداشلىق قىلىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ تۇيغۇ ۋە ئىدىيەسىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. يەنى تۇيغۇداشلىقنىڭ ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولغان بىلىشچىل ۋە ھېسسىي ئامىللار رول ئوينىشى لازىم. بىلىشچىل دېگەندە بىراۋنىڭ رولىغا كىرىپ ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ھېسسىي دېگەندەك قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىنى ئوخشاش تەرىقىدە ئۆزىمىزنىڭمۇ ھېس قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈنۈملۈك بىر تۇيغۇداشلىق بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئىككى ئامىل نۆۋەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ئۈچىنچىسى، تۇيغۇداشلىق قىلغان كىشى زېھنىدە پەيدا بولغان تۇيغۇداشلىقنى قارشى تەرەپكە

يەتكۈزۈشتۇر. يەنى بىراۋ تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىسىنى قارشى تەرەپكە ھېس بىلدۈرۈپ قويۇشى لازىم.[13]

دراما بىراۋنىڭ ھەم ئۆزى ھەمدە باشقىلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، بىراۋغا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە ھېس تۇيغۇلىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشىنى ئۆگىتىدۇ. تۇيغۇداشلىق قىلىشتا رول ئېلىش ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. رول ئېلىش ئۇسۇلى بىراۋ ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە چۈشەنچىسىنى باشقا بىر كىملىككە كىرىپ تۇرۇپ ئىپادە قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئۇسۇلدۇر. بىراۋ رول ئالغاندا ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىدىن خالىيلىشىپ ئۆزىنى باشقا بىرىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ ياكى مۇئەييەن شارائىتتا نېمە قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرنى ھېس قىلىغانلىقىنى ھەرىكەتلىرى بىلەن كۆرسىتىدۇ. رول ئېلىش ئارقىلىق بىراۋ باشقىلارنىڭ كىملىكىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى، قانداق ھېس قىلىدىغانلىقىنى ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنساننىڭ دەل ئىجتىمائىيلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئۇقۇمدۇر. بولۇپمۇ رول ئېلىش ئۇسۇلى مەسىلىلەرگە، ۋەقە-ھادىسىلەرگە باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ۋە نۇقتىسىدىن قاراش ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈشكە، يەنى تۇيغۇداشلىق قىلالىشىغا ھەسسە قوشىدۇ. رول ئېلىشتىن سىرت تۇيغۇداشلىق قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بىر سوئال بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام قانداق قىلاتتىم؟«ياكى «سىز ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟»سوئالدۇر.[14] چەت ئەلدىكى بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ياكى ئۇيغۇر «لاگېردا مەن بولۇپ قالغان بولسام قانداق قىلاتتىم؟ خىتاينىڭ قىيىن-قىستاقلىرىغا مەن ئۇچراپ قالغان بولسام قانداق قىلاتتىم؟پەرزەنتىم يېتىملار قاماقخانىسىغا كىرىپ قالغان بولسا ئىدى قانداق قىلاتتىم؟ سىڭلىم ياكى ئاچام مەجبۇرىي بىر خىتاي ئەر بىلەن نىكالاندۇرۇلسا قانداق قىلغان بولاتتىم؟ ۋىرۇس سەۋەبلىك قامىلىپ قېلىپ ئاچ ۋە سۇسىز قالغان ياشانغانلار، كىچىكلەر، ئاياللار ۋە باشقىلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغان بولسام قانداق قىلغان بولاتتىم؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئالنى سوراپ ئۆزىمىزنى ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلىغان ۋە تۇيغۇسىنى ھېس قىلغان ۋاقتىتىن باشلاپ تۇيغۇداشلىققا كىرگەن بولىمىز. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇلار ئۈچۈن، مۇنداقچە دېگەندە بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، بىر ئىشلارنى قىلىش مەقسىتىدە ھەرىكەتكە ئۆتىمىز. تۇيغۇداشلىقنى يەنە مۇنۇ مىسال بىلەن تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. يولدا ناتونۇش بىرى سىزدىن يول سورىدى، ئەگەر سىز ئۇ كىشىگە قولىڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يولنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز بۇ تۇيغۇداشلىق بولمايدۇ، سىز قولىڭىز بىلەن ئەمەس، يول سورىغان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولى بىلەن يولنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز تۇيغۇداشلىق قىلغان بولىسىز.

ئىنسان تۇيغۇداشلىق قىلىشقا نېمە ئۈچۈن ئېھتىياجلىق؟ تۇيغۇداشلىق قىلمايمۇ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرسا بولمامدۇ؟ دېگەن سوئاللار تۇيغۇداشلىقنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 3– تۇيغۇداشلىقنىڭ ئاساسلىرى

### 3–1– تۇيغۇداشلىق ۋە ئائىلە

ھايات مۇرەككەپ جەريانلارنىڭ بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تەجرىبىلەر ساھەسى بولۇپ، بۇ گويا مۇرەككەپ گېئومېترىيەلىك شەكىللەرگە ئوخشايدۇ. بۇ شەكىلنى چۈشىنىش ۋە مەنىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن،ئادەم چوقۇم بىلىم ئىگىسى بولۇش شەرت. بىلىم ئىگىسى بولۇشنىڭ يېگانە يولى بولسا جانلىقلار (ئىنسان، جىسىم)بىلەن ئالاقىگە ئۆتۈش كېرەك. ئىنسان ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكى جانلىقلار بىلەن تىلسىز ۋە ھېسسىي ئالاقە ئورنىتىپ ئۇلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. ئارقىدىن تىل قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۇلارنى مۇئەييەن سىمۋوللار بىلەن ئۇقۇملاشتۇرىدۇ.

ئۇ ئۇقۇملارغا بەرگەن مەنىنى ئورتاق ھالەتكە ئېلىپ كېلىپ بۇنى باشقا ئىنسانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ بىلىمنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بىلىم ئېلىش ياكى ئۆگىنىش جەريانى ئۆمۈرۋايەت داۋاملىشىدىغان جەرياندۇر. بۇ جەريان دەل ئالاقە تۈرتكىسىدە ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. ئالاقىنى توختاتقان ھامان، ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، تەپەككۇر قىلىش، بىلىم ئېلىش، ئوقۇش، چۈشىنىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىنساننى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىلىش قاتارلىق ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەر ئۆزلۈكىدىن ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ئالاقە ھايات بىلەن تەڭ داۋاملىشىدىغان جەرياندۇر، ئوخشاشلا ئالاقىنىڭ ئاساسى بولغان بىلىش ۋە ئۆگىنىشمۇ ھايات بىلەن تەڭ داۋاملىشىشى كېرەك، بىلىش ۋە ئۆگىنىش يوق يەردە ھايات داۋاملاشمايدۇ، داۋاملاشقان تەقدىردىمۇ قىممىتى بولمايدۇ. ئالاقىدە سۈپەتنى ئاشۇرغان ئەھۋالدا بىلىم ئېلىش ۋە ئىگىلەش جەريانىمىزدىكى سۈپەتنىمۇ تەبىئىي ھالدا ئاشۇرغان بولىمىز. ئالاقىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ئالاقىمىزدىكى ئوبيېكتىمىزنى (بۇ جىسىم بولغان تەقدىردە ئۆگىنىش ئوبيېكتىمىزنى كۆرسىتىدۇ) تېخىمۇ يېقىندىن بىلىشكە، تونۇشقا ۋە چۈشىنىشكە باغلىقتۇر. ئالاقىنى نوقۇل ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسان بەزىدە ئەتراپىدىكى جىسىملار بىلەنمۇ ئالاقە ئورنىتىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىنسانلارنىلا ئەمەس، ئەتراپىدىكى جىسىم ۋە ئەشيالارنىمۇ چۈشىنىشكە مۇھتاج. چۈشىنىش ۋە بىلىش دەل ئالاقىنى تەقەززا قىلىدۇ. كىشىلىك ئالاقىدە ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرلىرىنى چۈشىنىشى،ئەمەلىيەتتە بىر-بىرلىرىگە مۇھتاج بولۇش ئېڭى بىلەن پاراللېلدۇر. ئىنسان يەنە كېلىپ ئىجتىمائىي مەخلۇقتۇر. ئىجتىمائىيلىق تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئىنساننىڭ يالغۇز ياشىيالماسلىق ھالىتىدۇر. ھەر ساھەدە ئىنسان ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈك ۋە نۇقسانلارنى بايقىغانسېرى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئىجتىمائىيلىق ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاش ھالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالەتنىڭ ئىشقا ئېشىشى دەل ئالاقە بىلەن بولىدۇ ۋە ئۆمۈرۋايەت داۋاملىشىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يەتكەنسېرى، يەنى ئۆزىنى چۈشەنگەنسېرى ئۆزگىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھمىيەت بېرىش قارشى تەرەپ بىلەن يېقىن ۋە سەممىي ئالاقە ئورنىتىش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. دەل مۇشۇ ئالاقە يولى تۈيغۇداشلىقتۇر. بىراۋنىڭ قارشى تەرەپتىكى ئىنساننى بىر پۈتۈن ھالەتتە كۆرۈش ۋە ئۇنى قورشاپ تۇرغان شارائىتلارنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ چۈشىنىش تىرىشچانلىقى ھېسابلىنىدىغان تۈيغۇداشلىق، ئالاقىگە داخىل بولسا ياخشى ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتى پەيدا بولىدۇ، سۈپەت ئېشىپ چۈشىنىش ۋە بىردەكلىك ھاسىل قىلىش نىسبىتى كۆپىيىدۇ. ئىنسانلار بىر-بىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگەنسېرى ئورتاق غايە ۋە مەقسەتلەر ئۈچۈن بىرلىشىپ ھەمكارلىشالىشى ئاسانغا توختايدۇ. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.[15]

دەۋايىمىزنىڭ غايىسى شەرقىي تۈركىستان خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشى بولسا، مۇستەقىللىق دەل مۇشۇ غايىگە يەتكۈزىدىغان چوڭ نىشاندۇر. مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار چوڭ دەۋانى قىلىش ئۈچۈن ئىنسان، كۈلتۈر، ئىقتىساد، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي بولۇپ نۇرغۇن سەرمايىلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇش بىلەن بىرگە، كۈچلۈك شەرقىي تۈركىستانلىق ۋە ئۇيغۇر كىملىكى، شۇنداقلا مۇسۇلمان كىملىكىگە ئېھتىياجلىقمىز. چەت ئەلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار زىيالىيلار (پەننىي مەكتەپتە ئوقىغان)، دىنىدا ئوقۇغانلار، چوڭلار، ياشلار، تىجارەتچى، ئوقۇغۇچى بولۇپ پەرقلىق ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ۋە قاتلاملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ھەمكارلىق ۋە بىرلىك بارلىقى مەسىلىسىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، ئوخشاشلا تەشكىلاتلار بىلەن خەلق،تەشكىلاتلار بىلەن تەشكىلاتلار، چوڭلار بىلەن ياشلار، زىيالىيلار بىلەن دىندارلارنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر-بىرلىرىگە تۈيغۇداشلىق قىلىش ئېڭى قانچىلىك؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئەستايىل ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دەۋادىن ئىبارەت چوڭ بىر ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارنىڭ ساغلام ئالاقىگە، ھەمكارلىققا، بىرلىككە، سۆيگۈگە، ئىتتىپاقلىققا،

دىئالوگقا ئېھتىياجى بار. بۇ تەبىئىي ھالدا ئۆز-ئارا تۇيغۇداشلىق قىلىشنى، يەنى، ئۆزلىرىنى بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا قويۇپ مەسىلىلەرگە قاراشنى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە مۇئەييەن دەرىجىدە تۇيغۇداشلىق قىلىش بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، دەۋايىمىزنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەرلىكمۇ؟ دېگەن سوئالغا ھەئە دەپ جاۋاپ بېرىش ھەقىقەتەن قىيىن.

دەۋاغا ئەمەس نورمال دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە قارايدىغان بولساقمۇ، تۇيغۇداشلىقنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. تۇيغۇداشلىق قىلالمىغان، چۈشەنمىگەن بىرى بىلەن قانداقمۇ ئالاقە قۇرۇپ دوستلۇق ئورناتقىلى بولىدۇ؟ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئاتا-ئانا ۋە بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە، تۇيغۇداشلىق قىلمىغان ياكى قىلالمىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا توغرا تەربىيە بېرىشتە قىينىلىپ قالىدىغانلىقى تەبىئىيدۇر. ئوخشاشلا تۇيغۇداشلىق قىلالمىغان ئەر-خوتۇنلارنىڭمۇ ئۆز-ئارا ئىناق مۇناسىۋەت بەرپا قىلالىشى ناتايىن. چەت ئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇر تەشكىلات ئەزالىرىمۇ ئۆز-ئارا تۇيغۇداشلىق قىلىشقا تولىمۇ ئېھتىياجلىق. بۇ تەشكىلاتلار مەلۇم بىر پائالىيەت، پىلان ياكى تۈرنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغاندا تەشكىلاتلار ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ تۇيغۇداشلىق بولۇشى مۇھىم . بۇنى قىلىش ئۈچۈن بىرى ئۆزىنىڭ پىكرىنىلا توغرا دەپ تۇرۇۋالماي، قارشى تەرەپنىڭمۇ پىكرىگە قۇلاق سېلىشقا، شۇنداقلا مەسىلىگە ئۇنىڭ نۇقتىسىدىنمۇ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. تەشكىلات باشلىقلىرى ئۆزىنى ئەزالىرىنىڭ ئورنىغا قويۇپ مەسىلىگە مۇئامىلە قىلسا، ئوخشاشلا تەشكىلات ئەزالىرىمۇ ئۆزىنى تەشكىلات باشلىقلىرىنىڭ ئورنىغا قويۇپ مەسىلىگە قارىسا، تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىگە، مۇناسىۋەتنىڭ ساغلاملىقىغا، ھەمكارلىققا، دىئالوگقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئىككى ئىنسان بار يەردە چوقۇم ئالاقە شەرت، ئالاقە ئىجتىمائىيلىقنى تەقەززا قىلىدۇ،ئىجتىمائىيلىق ھەمكارلىق ۋە دىئالوگنى، بۇلار بولسا تۇيغۇداشلىقنى شەرت قىلىدۇ. ئىجتىمائىي مەخلۇق ھېسابلىنىدىغان بىزلەر، ئۆز-ئارا چۈشىنىشكە، مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا تەۋە بولۇشقا، مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە ئۆز ئالدىمىزغا قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلاردا كۈچلۈك ئالاقە ۋە دىئالوگقا ئېھتىياجلىقمىز. كۈچلۈك ئالاقە قۇرۇش ۋە ئۈنۈملۈك مۇناسىۋەتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قارشى تەرەپكە قۇلاق سېلىشقا، ئۇلارنى چۈشىنىشكە، ھېسسىياتىنى ھېس قىلىشقا، تۇيغۇداشلىق قىلىشقا مۇھتاجمىز.

## 2–3– تۇيغۇداشلىق ۋە تەڭپۇڭلۇق

پەلسەپىچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ھاياتىنىڭ تۆت ئاساسلىق ساھەسى بار بولۇپ، ئۇلار بىلگى، مەۋجۇتلۇق، ھەرىكەت ۋە ئېستېتىكىتۇر. بىلگى ساھەسى ئېپىستېمولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بىلگى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان پەيلاسوپلار، بىلگى دېگەن نېمە؟ بىلگى بىلەن بىلگى بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرق نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئىنسان ھاياتىدا بىلگىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ ھەممە نەرسىنى بىلەلەمدۇق؟ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بىلگىنىڭ چەك-چېگراسى بولامدۇ؟ بىلگىنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بىلگىگە قانداق ئېرىشىمىز؟ بىلگى قانداق جۇغلىنىدۇ؟ بىلگىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق يەتكۈزىمىز؟ دېگەندەك سوئاللار ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. مەسىلەن: كائىنات، تەبىئەت، ئىنسانىيەت ۋە ھادىسات قاتارلىقلار ھەققىدىكى بىلگىلەرگە مەركەزلىشىدۇ. تۇيغۇداشلىقنىڭ بىلىشچىل خۇسۇسىيىتى ئۇنى تەبىئىي ھالدا مەلۇمات ۋە بىلىم بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بىراۋ قارشى تەرەپتىكى ئىنساننىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇش ئۈچۈن، ئۇ ئىنساننىڭ پىسخىكىسىنى، مىجەز-خاراكتېرىنى، ئىدىيەسىنى، تەپەككۇر شەكلىنى، ھەرىكەت شەكلىنى، قابىلىيىتىنى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى، كەسپىنى، دۇنيا قارىشىنى، ئاجىزلىقىنى، ئارتۇقچىلىقىنى،ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى، ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي مۇھىتىنى، نېمىلەرنى ياخشى كۆرۈپ نېمىلەردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. قىسقىسى، قارشى تەرەپتىكى ئىنسانغا دائىر قانچىلىك كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولسا شۇنچە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ئوخشاشلا بىر مىللەت ياكى بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا قارشى تەرەپتىكى مىللەت ياكى

ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغا تۇيغۇداشلىق قىلماقچى بولسا، ئۇ مىللەت ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغا مۇناسىۋەتلىك قانچىلىك كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشسە تۇيغۇداشلىقنى شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارالايدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىنساننىڭ مەۋجۇدلۇق ساھەسى بولۇپ، بۇ پەلسەپەدە ئونتولوگىيە (مەۋجۇدلۇق نەزەرىيەسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ساھە ئىنساننىڭ تەبىئىتى ياكى جىسىملارنىڭ ۋە ياكى ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ نېمىلىكى (ماھىيىتى) ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، مۇنداق سوئاللارغا مەركەزلىشىدۇ: ئىنساننى ئىنساننى قىلغان ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلەر نېمە؟ ئىنسان ئىنسانىيلىق خۇسۇسىيىتىگە تۇغما ئىگە بولامدۇ؟ ياكى ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن جەمئىيەتكە ئاساسەن ئىنسانىيلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولامدۇ؟ ئىنسان ھەر يەردە ۋە ھەر زامان ئىنسان بولالامدۇ؟ ياكى ئۇ ياشىغان جەمئىيەت، زامان ۋە ماكانغا ئاساسەن ئىنساننىڭ ئېنىقلىمىسى ئۆزگىرەمدۇ؟ ئايال ياكى ئەر بولۇشنىڭ ئىنسان بولۇش بىلەن مۇناسىۋىتى نېمە؟ ئىنسان ياكى جىسىم ۋەۋياكى تەبىئەت زادى نېمە؟

پەلسەپەنىڭ ھاياتقا دائىر يەنە بىر ساھەسى ئىنساننىڭ ھەرىكىتىنىڭ «ياخشى» ۋە «يامانلىقى»غا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئەخلاق ياكى ئېتىكا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەخلاقىي ساھە ئىنسانغا خاس مۇھىم ساھە بولۇپ، ئىنساننىڭ نوقۇل ماددىي مەخلۇق ئەمەسلىكىنى بىزگە ئىسپاتلايدىغان ساھەدۇر. ئىنسان ئەخلاق تۈرتكىسىدە ھەم ئۆزىدىن باشقا جانلىقلارغا ئەخلاقىي ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئاۋازىغىمۇ قۇلاق سالىدۇ. ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئەخلاقنى ئىش-ھەرىكەت ۋە قىلىقلارنىڭ ئىنسان نەپسىدە قىلچە ئويلانماستىن ياكى ئويلىنىشقا ئېھتىياج ھېس قىلماستىن تەبىئىي تەرزدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان قابىلىيەت دەپ تەرىپلىشىدۇ. يەنى ياخشى ياكى يامان ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئەخلاق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدىغان قابىلىيەتتۇر. ئەخلاق ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئىنسانىي نەپسىنى چىقىش قىلغان ھالدا مەيدانغا كېلىدىغان ياخشى،گۈزەل خۇي ۋە ھەرىكەتلەر ياكى ناچار، رەزىل قىلىق ۋە ھەرىكەتلەرنى تېما قىلىدىغان ساھەدۇر.[16] لېكىن غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بۇنى ئايرىيدۇ. ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي قائىدىلەر ۋە يوسۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئېتىكىنىڭ شەخسىي يەنى بىراۋنىڭ ئىچكى ۋە مەنىۋى دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ. ئەخلاقلىق ئىنسان ئۆزىگە شاھىت بولغۇچىلارنىڭ شاھىتلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. يەنى ئەخلاقلىق ئىنسان ئۆزى تونۇيدىغان ئىنسانلار كۆرىدىغان ۋە بىلىدىغان يەرلەردە ئۇلار كۈتكەن تەرىقىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن قەرزىنى تۆلەيدۇ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. قەرزىنى تۆلىمىسە، ۋەدىسىدە تۇرمىسا يامان ئاتىقى چىقىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەخلاقلىق بولۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەقلىي بىر سىياسەتتۇر. لېكىن ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتتا ھەممە تەرىپىدىن «ئەخلاقلىق» دەپ قارالغان كىشى، ئۆزىنى پەقەتلا تونۇمايدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا ئەخلاقسىزلارچە ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنى ئەيىبلەيدىغان ياكى ھۆرمەت-ئىناۋىتىنى قىلىدىغان ھېچكىم يوق. ئېتىك ئىنسان بولسا باشقىلارنىڭ شاھىتلىقى ئەمەس، ئۆزىنىڭ شاھىتلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، باشقىلارغا ئەمەس ئۆز ئۆزىگە ھېساب بېرىشنى مۇھىم بىلىدىغان، ئېتىقادى ۋە قەدىرىيەتلىرى نېمىنى تەقەززا قىلسا شۇنداق ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشىدىغان كىشىدۇر.

بىر پەلسەپە ساھەسى ھېسابلىنىدىغان ئېتىكا «توغرا ھەرىكەتنى خاتا ھەرىكەتتىن قانداق ئايرىمىز؟»، «بىز تۇغما خاتا ۋە توغرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئاڭغا ئىگە ھالدا بۇ دۇنياغا كېلەمدۇق؟ ياكى بىز توغرا ۋە خاتالارنى ئۆزىمىز ئۆسۈپ يېتىلگەن جەمئىيەتتىن ئۆگىنىمىز ئۆگىنەمدۇق؟»، «توغرا ياكى خاتالار زامان ۋە ماكانغا ئاساسەن ئۆزگىرەمدۇ؟ ياكى مەڭگۈ بىرخىل تۇرامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارغا مەركەزلىشىدۇ.[17]

ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ھەرخىلدۇر. ئەخلاقنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئەخلاقىي ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن سەۋەبلەرگە ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر بىر ئىدىيە ياكى ھەرىكەت ئۇ ئەخلاق قوبۇل قىلغان ئاساسقا، پرىنسىپقا مۇۋاپىق بولسا «ياخشى ئەخلاق»، ئەگەر

مۇۋاپىق بولمىسا «ناچار ئەخلاق» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. بىر ھەرىكەتنىڭ «ئەخلاقىي ھەرىكەت» دەپ سۈپەتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇ ھەرىكەت چوقۇم ئەركىن ئىرادە بىلەن ئاڭلىق تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك. يەنى بىر ھەرىكەتنى قىلغان كىشى ئۇ ھەرىكەتنى تاشقى كۈچنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىماي، ئەركىن ئىرادىسى بىلەن ئۆزى خالاپ ۋە تاللاپ قىلغان بولۇشى لازىم. ئەخلاقىي ھەرىكەتنى قىلالايدىغان كىشىدە مۇئەييەن قۇدرەت، ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. ئىنسانلارنىڭ غەيرى ئىختىيارى قىلغان ھەرىكەتلىرى ئىرادە ۋە ئەركىن ھالەتتە قىلىنغان ھەرىكەتلەردىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بىر ھەرىكەتنىڭ ئەخلاقىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەركىن ئىرادە بىلەن تەلەپ قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. بۇنىڭغا ئوخشاش ھەر ھەرىكەتنى چوقۇم ئەخلاقىي دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئوقۇغۇچى دەرسكە كىرىشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ئەركىن تاللىشى بىلەن تورخانىغا بېرىپ دوستلىرى بىلەن سۆھبەت قىلىشى ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك بىر ھەرىكەت ئەمەس. بىر ھەرىكەت ئەخلاقىي بولۇشى ئۈچۈن، ھاياتىمىزدىكى ئاساسلىق پىرىنسىپ ۋە قائىدىلەردە تەسىرى بولغان ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. بۇمۇ ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم شەرتلەردىن بىرىدۇر. بۇ دېگەنلىك، ھەرىكەتنىڭ باشقا ئىنسانلارنىڭ مەقسىتى، جەمئىيەتنىڭ مۇئەسسەسەلىرى ياكى بىراۋنىڭ خاراكتېرىنىڭ نامايەن بولۇشىغا دائىر نىيەت ۋە ھەرىكەتلەرگە تەسىر قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.[18] بۇلاردىن سىرت، ئىنسانىنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكەتنى قىلىشى ئۇنىڭ بەزى نەرسىلەرگە مەنە يۈكلىشى ۋە ئۆز ھەرىكىتىنى بۇ مەنىگە ئاساسەن قىلىشى دېگەنلىكتۇر. ئىنسان ئۆزى بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئورناتقاندا ھەم ئۆزى ھەمدە ئۆزگىلەر ھەققىدە بىر قاتار چۈشەنچە، مەلۇمات، قەدرىيەت، ئىدراك ۋە ئېتىقادلارغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدۇ. دەل مۇشۇ يەردە تۇيغۇداشلىق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. تۇيغۇداشلىق بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى مۇشۇ يەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. دادىمىز بىلەن ئىنىمىزغا ئوخشاش پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلە قىلالمايمىز. چۈنكى كاللىمىزدا دادا بىلەن ئۇكا-ئىنى ھەققىدە پەرقلىق ئۇقۇملار مەۋجۇت. دۈشمەن بىلەن دوستقىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايمىز. چۈنكى دوست ۋە دۈشمەن ئۇقۇملىرى كۆلتۈرىمىزگە ئاساسەن شەكىللىنىدۇ. تۇيغۇداشلىقمۇ دەل مۇشۇ ئۇقۇملارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىز بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى، ھەر بىرىنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئورنىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سۆيگۈ، ئادالەت ياكى جاسارەتنى ئاساس قىلغان بولۇشىدۇر. چۈنكى قىلىنغان ھەرىكەتلەر سۆيگۈ، ئادالەت ۋە جاسارەت بىلەن قىلىنمىسا بۇ ھەرىكەتلەردە يا بىر بېسىم ياكى بىر ھەقسىزلىك ۋەياكى بىر ۋەھىمەنىڭ تەسىرى بار دېگەنلىكتۇر.[19]

بىر ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ ئۈچ تەرىپى بار بولۇپ، بىلگى،تۇيغۇ ۋە ھەرىكەتتۇر. ئەخلاقىي ھەرىكەت كىشىلەرنىڭ بىلىمىگە، ئىدىيەسىگە، ئېتىقادىغا، پوزىتسىيەگە، تۇيغۇسىغا ۋە ھاياجىنىغا باغلىقتۇر. بىز ئالدى بىلەن قائىدىلەر ھەققىدە تونۇشقا ئىگە بولىمىز. بەزى ھەرىكەتلەرنى توغرا ياكى خاتا، بەزى ھەرىكەتلەرنى گۈزەل ياكى رەزىل دەپ سۈپەتلەيمىز. ئەخلاقىي بىلگى ئەخلاقىي قەدرىيەتلەر ھەققىدىكى بىلگى دېگەنلىكتۇر. ئەخلاقنىڭ بىلگى تەرىپىنى ئەخلاقىي چۈشەنچە ياكى ئەخلاقىي ئاڭ دەپمۇ ئاتايمىز. دەل بۇ بىلگى ياكى چۈشەنچە ئەخلاقىي ھەرىكەت ئۈچۈن يېتەكچى رول ئوينايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەخلاق قائىدىلىرى بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ قىلىنىشى، بەزىلىرىنىڭ قىلىنماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ تەۋسىيەگە ماسلىشىپ ياخشى ھەرىكەتلەرنى قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، ناچار ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلىمىز. بۇ ئەھۋالدا ئەخلاقنىڭ ئىككىنچى تەرىپى، يەنى ئەخلاقىي ھەرىكەت نامايەن بولىدۇ. ئۈچىنچى، بىر ئەخلاق قائىدىسى ئۆزىگە چۈشلۇق بىر قاتار ھېس تۇيغۇ ۋە ھاياجان ھالەتلىرى پەيدا قىلىدۇ. يامان ئىش قىلىپ قويساق، جىنايەت ھېسسى ياكى ۋىجدان ئازابى ھېس قىلىمىز. ياخشى ۋە توغرا ھەرىكەت بولسا ۋىجدانىمىزنى راھەتلىتىدۇ، خۇشاللىق ياكى غۇرۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.[20] تۇيغۇداشلىق ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ ھەر بىر پارچىسى، شۇنداقلا بىر پۈتۈنلىكىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ياكى ئۇيغۇرغا نىسبەتەن نېمىلەرنىڭ

يامان قىلمىش نىمىلەرنىڭ ياخشى قىلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەنئەنىلىرىمىز، قائىدە-يوسۇنلىرىمىز، چوڭلىرىمىز، كۈلتۈرىمىز نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى دەيدۇ. بۇلارنى بىز ئائىلىدە، مەكتەپتە ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇھىتلاردا ئۆگىنىمىز. قېرىنداشلىرى ئۈچۈن پىداكارلىق، ئۆز-ئارا ھەمكارلىق،ئاجىزنى يۆلەش، يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، زالىمغا قارشى تۇرۇپ مەزلۇم بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش، ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا راۋا كۆرمەسلىك دېگەنگە ئوخشاش تۈيغۇداشلىققا دائىر نۇرغۇن ئەخلاقىي قەدىرىيەتلىرىمىز بار. بىزنىڭ بۇلار ھەققىدە تونۇشىمىز قانچە چوڭقۇر بولسا شەرقىي تۈركىستانلىق ۋە ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزئارا شۇنچە بىر-بىرىمىزگە تۈيغۇداشلىق قىلالايمىز.

كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئەخلاقسىز ۋە كىشىلىك خاراكتېرى ئاجىز ئىنسانلار ئەخلاقىي ھەرىكەتلەردە بىردەكلىكى، ئىزچىللىقى ۋە تەگپۇڭلىقى بولمىغان، ئىدىيەسى ۋە ئېتىقادى بىلەن ھەرىكىتى بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئىنسانلاردۇر. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسى بىلەن ئىش-ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بىردەكسىزلىك مەۋجۇتتۇر. ئەخلاقلىق ئىنسان ياكى ئىدېئال ئىنسان ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدا تولۇق ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ بارالىغان ئىنسانلاردۇر. يەنى تۈيغۇداشلىق قىلالىغان ئىنساندۇر.

پەلسەپچىلەرگە كۆرە ئىنسان ھاياتىغا دائىر تۆتىنچى ساھە بولسا ئېستېتىكىتۇر. بۇ يەردىكى ئېستېتىكىنى «تەرز، ئۇسۇل، مېتود»دېگەن نۇقتىدىن ئىزاھلاشقىمۇ بولىدۇ. بىلگىنى گۈزەل ياكى ناچار دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس. لېكىن بىلگىنى گۈزەل ياكى ناچار تەرىقىدە باشقىلارغا تەقدىم قىلغىلى بولىدۇ. ئېستېتىكا ياكى باشقىچە ئېيتقاندا گۈزەللىك، بىر ئىشنى توغرا مەلۇماتقا تايىنىپ تۇرۇپ قىلغاندىن سىرت، ئۇ ئىشنى قايسى خىل ئۇسۇلدا قانداق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىر ھەقىقەتنى، بىر ھېكمەتنى ياكى بىر پايدىلىق سۆزنى يەتكۈزۈش مۇھىم بولغانغا ئوخشاش، بۇنى چىرايلىق ۋە گۈزەل رەۋىشتە يەتكۈزۈشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ھاياتنىڭ بۇ تۆت ساھەسىنىڭ تۈيغۇداشلىق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ دېگەن سوئال تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۈيغۇداشلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بىلىم، تەڭپۇڭلۇق ياكى مۇۋازىنەتكە بولغان مايىللىقى ئىدى. ئوخشاشلا ھاياتتىمۇ تەڭپۇڭلۇق ياكى مۇۋازىنەت ئىنتايىن مۇھىم. يۇقىرىدىكى بۇ تۆت ساھە ئەمەلىيەتتە ھاياتنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ تۆت ساھەنىڭ بىر كەم بولۇپ قالسا ھايات مەنىلىك،مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. ھاياتنىڭ بۇ تۆت ساھەسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ رولى ۋە فۇنكسىيەسى ئايرىم بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھاياتتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ تۆت ساھە ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق، دىئالوگ بولغاندا ھاياتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولىدۇ.

بۇ تۆت ساھە ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇنۇ ئىككى مىسال بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتەيلى: چەتئەلدىكى بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى پەرزەنتىنىڭ نېمىلەرنى بىلىشى كېرەكلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن: پەرزەنتىنىڭ سانلارنى ھەم تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلى بىلەن ھەمدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن سانىيالىشىغا، رەڭلەرنىڭ، قۇشلارنىڭ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگىنىشىگە، شەرقىي تۈركىستان بايرىقى، تاغ-دەريالىرى، ئورمانلىرى،شەھەرلىرى، قەھرىمانلىرى، ھەتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە دىنىنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. لېكىن پەرزەنتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا يەنى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ دەيلى. پەرزەنتىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىگە، قەدىرىيەتلىرىگە، قىزىقىشىغا، ھاياجانلىرىغا، مايىللىقلىرىغا، بىر نەرسىنى ھەقىقەتەن خالاپ خالىمايدىغانلىقىغا، نېمىلەرگە قىزىقىپ نېمىلەرگە قىزىقمايدىغانلىقىغا، نېمىلەردە قابىلىيىتى بارلىقىغا، تۈيغۇلىرىغا، ئويلاش شەكلىگە، ۋەقە-ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. بالىنىڭ سۆيۈلۈش، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈش، تەقدىرلىنىش، كۆڭۈل بۆلۈنۈش، ھۆرمەت قىلىنىش، ئىززەتلىنىش قاتارلىق مەۋجۇدلۇقىنىڭ ماھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. پەرزەنتلىرىدىن ھېساب سوراشقىلا ۋە نەتىجىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنى نەزەرگە ئالمايدۇ. قىسقىسى، ئاتا-ئانىلار ئۆزىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئورنىغا قويۇشنى تەقەززا

قىلىدىغان تۇيغۇداشلىق قىلىشقا سەل قارايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇنداق نەتىجە چىقىشى مۇمكىن: بالىنىڭ مەۋجۇدلۇق ماھىيىتىگە سەل قاراپ، نوقۇل بىلگى مەركەزلىك بالا يېتىشتۈرگەن بۇ ئائىلىدە، بىر نەرسە بىلىدىغان، لېكىن بىلگەنلىرىنى ئىش-ھەرىكەتلىرىگە تەدبىقلىيالمايدىغان، بىلگىسى بىلەن ئىش-ھەرىكىتى بىر-بىرىگە ماسلاشمىغان يەنى بىردەكسىز بالا پەيدا بولىدۇ. بۇ ئائىلىدە بالىنىڭ بىلگى يەنى مەلۇمات ئېلىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، روھى ۋە مەۋجۇدلۇق ماھىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بالىنىڭ تەربىيەسىدە تەڭپۇڭلۇق بارلىققا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇنداقچە دېگەندە تۇيغۇداشلىق ئىشقا ئاشمىغانلىقى، ئاتا ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى، تۇيغۇسى ۋە قىزىقىشى مۇھىم بولۇپ، بالىنىڭ ئارزۇسى ۋە قىزىقىشىغا سەل قارالغانلىقتىن، ئاتا-ئانا ئۆزىنى پەرزەنتىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلىيالمىغانلىقى ۋە بالىسىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى ھېس قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانا ئويلىغاندەك بىر بالا يېتىشىپ چىقمايدۇ. ئوخشاشلا نوقۇل پەرزەنتىنىڭ مەۋجۇدلۇق ماھىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پەرزەنتىنىڭ بىلىم ئېلىشىغا، ئوقۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلمىسە تەڭپۇڭسىزلىق يەنە كېلىپ چىقىدۇ. بالىنىڭ ماھىيىتىنى (نېمىلىكىنى)ۋە بىلگى تەرىپىنى بىلىپ يەنە ھەرىكەتكە ئۆتۈلمىسە بولمايدۇ، بالا تەربىيەسىدە بۇلاردىن سىرت، تەربىيەنى قانداق بېرىش، قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مېتود ۋە گۈزەللىك قىسمىمۇ تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئىشقا ئېشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چەت ئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ياكى ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ ھاياتنىڭ بۇ تۆت ساھەسى كەم بولسا بولمايدۇ. دەۋانى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىلگى-بىلىم، دەۋانىڭ ماھىيىتى، ھەرىكەت ۋە ئېستېتىكا (مېتود) تەرەپلىرى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلسا دەۋانىڭ ئۈنۈمدىن ئېغىز ئېچىشقا بولىدۇ. دەۋانىڭ بىلگى ۋە نېمىلىكىگە ئەھمىيەت بەرمەي، نوقۇل ھەرىكەت قىسمىغا ئەھمىيەت بېرىلسە مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. دەۋا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرماي، لازىملىق بىلىم ۋە قابىلىيەتنى ئىگىلىمەي، پىلان تۈزمەي، ئىستراتېگىيە ئوتتۇرىغا قويماي ھەرىكەت قىلىش ئالدىغا ماڭالماي لايغا پېتىپ قالغان ماشىنىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن مۇھىم بولغىنى «ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنۈش»تۇر. ھەرىكەت قىلسا تەسەللى تاپىدۇ، قىلغان ئىشىنىڭ پايدىلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇپ بولمىغانلىقى، قايسى مەقسەتكە خىزمەت قىلغانلىقى، قانداق نەتىجە ۋە ئۈنۈم پەيدا قىلغانلىقىغا مەركەزلىشىپ كەتمەيدۇ. دەۋا ھەققىدە چوڭقۇر تونۇش،مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، دەۋانىڭ نېمىلىكىنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دەۋانى قايسى ئۇسۇلدا قانداق چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئوخشاشلا دەۋانىڭ ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش تەس بولىدۇ. قىسقىسى، بىلگى-بىلىم، ماھىيەت (نېمە)، ھەرىكەت ۋە ئېستېتىك(مېتود ،ئۇسۇل، گۈزەللىك) ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ،بىرلىك ۋە ھەمكارلىق دەۋانىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 3–3– تۇيغۇداشلىق ۋە دىن

ئىسلامنىڭ جەۋھىرىنى ۋە ئاساسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم بولغان تەۋھىد، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. تەۋھىد كائىنات، ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەتتىكى بارلىق جىسىملارنىڭ بىرلىكىدىمۇ ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ. تەۋھىدكە كۆرە، پۈتكۈل مەۋجۇدات دۇنيا ۋە ئاخىرەت، فىزىكا ۋە مېتافىزىكا، ماددا ۋە مەنە، روھ ۋە جىسىم بىر-بىرىدىن ئايرىلغان شەكىلدە ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەشكەن يېگانە بىرلىكتۇر، يەنى مەۋجۇدات يېگانە ئىرادە، ئەقىل، تۇيغۇ ۋە غايىگە ئىگە بولغان، جانلىق،تىرىك ۋە ئاڭلىق بىر گەۋدىدۇر. دۇنيا تىرىك، جانلىق، ئىرادىلىك، ئاڭلىق، غايىلىك ۋە مۇئەييەن نىشانغا ئىگە بولغان بىر مەۋجۇدىيەتتۇر. مەۋجۇداتمۇ ھاياتلىق، ئىرادە، تۇيغۇ ۋە نىشانغا ئىگە بولغان رېتىملىق تەرتىپكە ئىگە جانلىق بىر نەرسىدۇر.[21] كائىناتنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر ئامىل بىر پۈتۈن مەۋجۇدلۇقنىڭ تەركىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر-بىرى بىلەن ماسلىق ۋە تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىرلىك، باراۋەرلىك دېگىنىمىز، قانداقتۇر بارلىق ئوخشىماسلىقلار ياكى بۆلەكلەرنى رەت قىلىپ بۇلارنى پەقەت بىرلا تىپقا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك

بولمايدۇ. بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئوخشىماسلىقلار بىر يەرگە كەلگەندە ئاندىن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئوخشىماسلىقلار ئۆز ئالدىغا ئەمەس بىرلىك ئىچىدە، يەنى بىرلىك ئېگى بويىچە ھەرىكەت قىلغاندا ئاندىن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئايرىلىشى، تىللارنىڭ پەرقلىق بولۇشى، رەڭلەر ۋە تەنلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى، ماھىيەتتە، دىن تىلى بويىچە ئېيتقاندا ياراتقۇچىنىڭ ئايەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇرئاندا خەللاق دېگەن ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ: «ھەردائىم قايتىدىن ياراتقۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىر نەرسە قايتىدىن يارىتىلسا، ھەر يارىتىلىشنىڭ بىر بىرىدىن پەرقلىق ۋە ئوخشىماسلىقى ئۇ نەرسىنىڭ تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ ھەر ياراتقان نەرسە ئوپمۇ ئوخشاش بولىدىغان بولسا قايتىدىن يارىتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. شۇڭا ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بىرىنىڭ ئوخشىماسلىقلارغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئاللاھنىڭ يارىتىش قانۇنىيىتىگە دۈشمەنلىك قىلغانلىق بىلەن ئوخشاش. ھەقىقىي مۆمىن يارالغۇچىلارنىڭ ئوخشىماسلىقلىرىنى ئىمانىنىڭ مەركىزىگە قويىدۇ. بۇنى مۇنداق فورمىلالاشتۇرۇشقا بولۇشى مۇمكىن: ياراتقۇچىنى كۆپەيتىش شېرىك، يارالغۇچىلارنى يەككىلەش زۇلۇمدۇر.[22] مۇشۇ ئوخشىماسلىقلار ۋە پەرقلەر دەل جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇيغۇداشلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

تەبىئەتتىكى تاغ-دەريا، ئورمان، مېۋە، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا ئوخشىماسلىقلار ئۆزىنىڭ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، تەبىئەتتىن ئىبارەت بىر بىرلىكنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى مەنسۇپ بولغان تەبىئەت ئائىلىسىگە خىزمەت قىلىدۇ. مېۋىلەر ئۆزىنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلار ئىستېمال قىلىدۇ. دەريا ئۆزىنىڭ سۈيىنى ئۆزى ئىچەلمەيدۇ، دەريانىڭ سۈيىدىن ئىنسان ۋە باشقىلار پايدىلىنىدۇ. بۇ تەبىئەتتىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ مەۋجۇدلۇقى، بىرلىكى، تەڭپۇڭلۇقى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشتۇر. پىداكارلىق، ئەمەلىيەتتە بىر ئائىلە مەنسۇبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇيغۇداشلىقنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرىدۇر.

تەڭپۇڭلۇق ۋە ماسلىشىش مۇقىملىق ۋە تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەۋجۇدلۇقتا مۇھىم بولغىنى بۇ مۇقىملىق ۋە تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشتۇر. مۇقىمسىزلىق ۋە بىردەكسىزلىك مەۋجۇدلۇقنىڭ ماھىيىتىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مۇقىملىق ۋە سىستېمىلىق بولۇش مەۋجۇدلۇقنىڭ مەۋجۇد بولۇشىلا ئەمەس، ئۇنىڭ داۋاملىشىشىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسلام دەل تەڭپۇڭلۇق، بىرلىك، تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر. ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەر، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى «ئوتتۇراھال ئۈممەت»[23] دەپ سۈپەتلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك تەڭپۇڭلۇق، تىنچلىق ۋە مۇقىملىققا ئەھمىيەت بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. كائىناتتىكى ۋە تەبىئەتتىكى بۇ تەڭپۇڭلۇق ۋە ماسلىشىش مۇناسىۋىتى قۇرئانى كەرىمدە مۇنۇ ئايەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق»[24]. ئاتالاينىڭ قارىشىچە، رەھمان سۈرىسىنىڭ 7-ۋە 8-ئايەتلىرىدە تەبىئەتتىكى مىزان ۋە تەڭپۇڭلۇق تەكىتلىنىدۇ: ئاللاھ ئاسماننى ئېگىزلەتتى ۋە مىزان (تەڭپۇڭلۇق)نى بېكىتتى، تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇشتىن ساقلىنىڭلار».[25] يەنە بىر ئايەتتە، تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسە بىر تەڭپۇڭلۇق ۋە بىرلىككە ئاساسەن يارىتىلغانلىقى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «زېمىننى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تەۋرەنمەس تاغلارنى ئورناتتۇق، زېمىندا ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى مەلۇم ئۆلچەم (تەڭپۇڭلۇق) بىلەن ئۆستۈردۇق»[26] بۇ ئايەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، تەبىئەتتىكى ھەر نەرسە بىر تەڭپۇڭلۇق، ئۆلچەم ۋە نىزام ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. مىزان ياكى نىزام ماھىيەت جەھەتتىن ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايماندۇر. قۇرئاندا ئادالەت ۋە مىقدار ئۈچۈن يەنە مىزان ياكى نىزام كەلىمىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئاخىرەتتىكى مىزان بولسا ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايماندۇر. ئۆلچەش چوقۇم ئادالەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئادالەت تارازىنىڭ ئىككى تەخسىسى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئىپادە قىلىدۇ. ئادالەت كەلىمىسى «ئادل» يىلتىزىدىن كېلىدۇ. ئەل-ئادلۇ سۆزىدىن

ۋە بىرلىگەن ھۆكۈمدىن رازە بولۇشنى ئىپادە قىلىدۇ. ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلىش «ئۇدۇلە ۋە ئادل» كەلىمىلىرى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ.[27] بىرىنى يەنە بىرىگە تېگىشىۋەتمەي ئىككىسىنى تەڭلەشتۈرۈش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.[28]

قۇرئاندا تەڭپۇڭلۇقنى ۋە ئوتتۇرا يولنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كەلىمىلەردىن بىر «ۋاسات-ئوتتۇرا» تۇر. ئىفرات (ئاشۇرۇۋېتىش)-تەفرىت (تۆۋەنلىتىش)تىن خالىي بولغان ئوتتۇراھال يولنى ئىپادە قىلىدىغان بۇ كەلىمە باراۋەرلىك، ئادالەت ۋە ئوتتۇرا دېگەن مەنىلەرگە كېلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنى تەڭ تەقسىم قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. تەڭپۇڭ بولۇپ ئوتتۇراھال يولنى تۇتقۇچىلار قۇرئاننىڭ كەرىم بەقەرە سۈرىسى 143-ئايىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرىمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇداتلارنى تەڭپۇڭ ۋە سىستېمىلىق يارىتىشىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ يارىتىش سۈپىتى «خالىق» ئىسمى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. «خالىق»، «خالىق» يىلتىزىدىن كېلىدۇ. خالىق بىر نەرسىنى توغرا ئۇسۇلدا قىلىش ۋە پىلانلاش مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر! ئاندىن (مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) كاپىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ»[29] دېگەن ئايەتتە «خالىق» كەلىمىسى ئاللاھنىڭ مەۋجۇداتنى سىستېمىلىق ۋە مۇۋازىنەت ئىچىدە ياراتقانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ياقتۇرۇلمىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «ئەل بەرۇ، ئەل بەرائەتۇ، ئەت تەبەررى» كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن «ئەل-بارى» سۈپىتىمۇ، ئاللاھنىڭ سۈپىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاللاھنىڭ «ئەل بارى» ئىسمىنىڭ ياراتقۇچىنىڭ تۈرلۈك نۇقسانلاردىن يىراق، مۇكەممەل ۋە مۇۋازىنەتلىك يارىتىش سۈپىتىنى ئىپادە قىلىدۇ.[30] شەكسىزكى، ئاللاھ ھەكىم بولۇپ، مەۋجۇداتلارنى مۇئەييەن ھېكمەتكە ئاساسەن ياراتقان. ھېكمەت يارىتىلىش جەھەتتە تەرتىپ، مىزان، تەڭپۇڭلۇق ۋە پايدىلىق بولۇش پىرىنسىپلىرى نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنساننىڭ شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئىلىم دەپ تەرىپلىنىدىغان ھېكمەت كەلىمىسى «حكم» يىلتىزىدىن كېلىدۇ. «حكم» ئىلىم ۋە فىقھىنى ئىپادە قىلىدۇ. «حكم» قارار بېرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھۆكۈم ئىپادىسى يەنە زۇلۇمنىڭ زىتىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ھاكىم زالىمنىڭ زۇلۇمىنى توسۇپ ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەرسە نېمىگە لايىق بولسا ئۇنىڭغا شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىش ھېكمەتنىڭ ئادالەت ۋە تەڭپۇڭلۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتى «ئوقۇ» دۇر.[31] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈملىدىن ئىنسانلار نېمىشقا ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك شۇنچىلىك ئېغىر مەسىلىلەر بار تۇرۇپ «ئوقۇش» نىڭ تۇنجى ئايەت سۈپىتىدە نازىل قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ ئايەتتىكى بۇيرۇق پېئىل ھېسابلىنىدىغان «ئوقۇ» دېگەن پېئىلنىڭ ئىسىمداش شەكلى «ئوقۇش» نىڭ قايسى مەنىلىرى بار؟ بۇ يەردىكى «ئوقۇ» نوقۇل ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇشنى كۆرسىتەمدۇ؟ ياكى باشقا مەنىلىرى بارمۇ؟ «ئوقۇ» دېگەندە كائىنات، تەبىئەت، ئىنسانىيەت ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇشنى يەنى تەپەككۇر قىلىشنى كۆرسىتەمدۇ ياكى نوقۇل قۇرئان ئايەتلىرىنىلا ئوقۇشنى كۆرسىتەمدۇ؟

ئايەتتىكى «ئوقۇ» بۇيرۇقىنىڭ ئوقۇشنىڭ بارلىق مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. نازىل قىلىنغان دەسلەپكى بەش ئايەت ۋە بۇ بەش ئايەتتىن كېيىنلا نازىل قىلىنىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولغان قەلەم سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايەتلىرى مۇنۇ كەلىمىلەرنى چۆرىدەپ بايان قىلىنىدۇ: «ئوقۇ، رەب، ياراتقۇچى، ئىنسان، ئەلەق، ئىكرام قىلغۇچى، ئۆگەتتى، قەلەم، بىلگى، قۇر...» بۇ كەلىمىلەر تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىلگى ۋە مەۋجۇدلۇق. بۇ ئىككى ئۇقۇم تىلغا ئېلىنغان بارلىق ئايەتتە چۈشىنىش، بىلگى، تەپەككۇر، ئىزاھلاش ۋە مەنە يۈكلەش قاتارلىقلار چوقۇم بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا «ئوقۇ» بۇيرۇقى «ئىدراك قىل، مۇناسىۋەت قۇرغىن، (پارچە بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇش) چۈشەن، ئىزاھلا، تەپەككۇر قىل، يىغىلىق يارات، چۈشەنچە جەھەتتە

ئىنقىلاپ قىل، مەلۇماتلارنى يىغىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مۇھاكىمە قىل، ھەقىقەتنى تاپ، تەلىم ئال»دېگەنلەرنى ئىپادە قىلىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. «ئوقۇ» بۇيرۇقى ئادەتتىكى بۇيرۇق بولماستىن، ھايات چۈشەنچىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۈنجى قەدەمدۇر. مەۋجۇدلۇقنى، يارىتىلىشنى، ھەقىقەتنى، ئىنساننى، مەنىلىكنى، مەۋجۇدلۇق قاتلىمى ئىچىدىكى بىرلەشمە، پاراللېل ۋە كېسىشمە مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان خاتا ئوقۇش ئارقىلىق توغرا چۈشىنەلمەيدۇ. توغرا چۈشىنىش ۋە ئىدراك قىلىش توغرا ئوقۇشقا باغلىق. ئىمام غەززالى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسىنىڭ ئوقۇش (چۈشىنىش ۋە ئىدراك قىلىش) ئىكەنلىكىنى «دىن ئىلىملىرىنىڭ ئىهياسى» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەسىلىنى ئىبنى تەيمىيە ۋە شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋى قاتارلىق ئالىملارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى.[32] قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى بىر مەسىلىگە يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە«ئوقۇغىن» دېگەن بۇ كەلىمىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. مەۋجۇدات بىر كۇتۇپخانا، ھايات بىر مەكتەپ، بىز بولساق بىر ئوقۇغۇچىمىز.[33] ئوقۇغاندا ئۆزىمىزدىن باشلاپ بىز بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئالاقىسى بولغان بارلىق نەرسىلەر ھەققىدە مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. «ئوقۇش» بىز بىلەن بىزنى چۆرىدەپ تۇرغان ئىنسان، جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى قاتارلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنياسىغا كىرگىلى بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىسى، ئەمەلىيەتتە، ئىنساننى خاتا ئوقۇش يەنى خاتا چۈشىنىش ۋە خاتا بىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسان ئىنساننى توغرا چۈشىنىپ بىلگەندە ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتتىمۇ توغرا ئورناتقىلى بولىدۇ. پەرزەنتلىرىمىز،ئاتا-ئانىمىز، ئايالىمىز، يولدىشىمىز، قوشنىمىز، خىزمەتداشلىرىمىز، دوستلىرىمىز، ھەتتا دۈشمىنىمىز قاتارلىقلارنى چۈشىنىپ بىلگەندە، ئاندىن توغرا ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدۇ. يەنى تۇيغۇداشلىقنىڭ بىلىشچىل ۋە چۈشىنىشتىن ئىبارەت بىرىنچى قەدىمىنى توغرا باسقىلى بولىدۇ. ئىنسان كەلىمىسىنىڭمۇ مەنىسى ۋە يىلتىزىمۇ ئەمەلىيەتتە تۇيغۇداشلىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئىنسان كەلىمىسىنىڭ يىلتىزىغا قاراپ باقايلى:ئىنسان (الإنسان) كەلىمىسى «بەشەر، ئىنسان گۇرۇپپىسى» مەنىسىدىكى «ئىنس- الإنس»كەلىمىسىدىن ياكى «ئۇنۇتقان مەخلۇق» مەنىسىدىكى «الإنسيان»يىلتىزىدىن كېلىدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭ بىر نەرسىنى ئىنسانغا كۆرسىتىش ياكى ئايان قىلىش مەنىسىدىكى «الاناس» يىلتىزىدىن كېلىشى، ئىنسانغا نۇرغۇن نەرسە كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. يات ۋە زوراۋان بولۇشنىڭ زىتى بولغان «كۆنمەك، جانغا يېقىن بولۇش، دوستلىشىش،تونۇشۇش، ماسلىشىش» مەنىسىدىكى «الأنس» سۆز مەسدەرىدىن تۈرلىنىشى، «يارىتىلىش ماھىيىتى جەھەتتىن ئىجتىمائىي مەخلۇق» دەپ ئىزاھلىنىشىمۇ بۇ سەۋەبتىندۇر. بۇنىڭدىن سىرت «ناھايىتى كۆپ ھەرىكەت قىلىش» مەنىسىدىكى «نوس»يىلتىزىدىن كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بەزى قاراشلارمۇ بار.[34] قىسقىسى، ئىنسان كەلىمىسى ئېتىمولوگىيەلىك جەھەتتىن ئىككى يىلتىزغا تۇتۇشىدىغان بولۇپ، بىرىنچىسى «مۇناسىۋەت ۋە رىشتە ئورنىتىش، يېقىن بولۇش،ھەمىاللىشىش، تونۇشۇش»مەنىسىدىكى «ئۈنسىيەت» ، ئىككىنچىسى، «ئۇنتۇش، تەرك قىلىش، تاشلاپ كېتىش»دېگەن مەنىدىكى «نىسيان»دۇر. ئۇنسىيەت ئىنساننىڭ «ئىنسانىي ۋە ئەزىز» تەرىپىنى، نىسيان ئىنساننىڭ «ھايۋانىي» تەرىپىنى كۆرسىتىدىغان بېرىدىغان مۇسبەت ۋە مەنپىي قۇتۇپلاردۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىنسان قۇدرىتىنى ۋە قابىلىيىتىنى يەنى تۇيغۇداشلىق تەرىپىنى قانچە كۈچەيتكەنسېرى «ئۇنسىيەت-ئىنسانىي» تەرىپى شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىدۇ: ئىنسان قانچىلىك تۇيغۇداشلىق قىلالىسا شۇنچىلىك ئىنساندۇر. ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقى ئۇنىڭ قانچىلىك تۇيغۇداشلىق قىلالىشىغا پاراللېل بولىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقى بىلەن تۇيغۇداشلىق ئوك تاناسىپتۇر. ئۇنسىيەت ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ «ئۆزىنى بىلىشى ۋە تونۇشى» ياكى «ئىنساننىڭ ئۆزىنى بايقىشى»دۇر. ئۆزىنى تونۇغان بىرى ھاياتنىڭ مەنىسىنىمۇ بىلىپ يېتىدۇ. بۇنى قىلالىغان كىشى ئۆزگىلەرنىمۇ تونۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۇيغۇداشلىقنى ئۆزى بىلەن باشلىغان بۇ ئىنسان، ئۆزگىلەرگىمۇ تۇيغۇداشلىق

قىلىشقا باشلايدۇ. ئىنساننىڭ ھايۋانىي تەرىپىنى ئىپادىلەيدىغان «نىسيان»ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىگە ياتلىششىدۇر. ئۆزىنى تونۇمىغان، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بايقىمىغان ئىنسان قانداقمۇ ئۆزگىلەرگە تۇيغۇداشلىق قىلالىسۇن؟ [35]

دېمەك، «ئۇنسىيەت» تەرىپى كۈچلۈك بولغان ئىنسان ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغا، مىللەتكە، جەمئىيەتكە تۇيغۇداشلىق قىلالايدۇ. بۇنداق ئىنسان ئۆزى تەۋە بولغان گۇرۇپپىنىڭ دەردىنى ئۆزىنىڭ دەردى، غېمىنى ئۆزىنىڭ غېمى، دەۋاسىنى ئۆزىنىڭ دەۋاسى، مەۋجۇدلۇقىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقى، ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق بايلىقلىرىنى ۋە مىراسلىرىنى ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە مىراسى، ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى، تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ تەقدىرى، ئۆزىنى ئايرىم «مەن» ئەمەس، بەلكى «بىز»نىڭ بىر قىسمى، «بىز»مەنپەئەتىنى «مەن» مەنپەئەتىدىن ئەلا دەپ قارايدۇ. چۈشەنچە، سۆز ۋە ھەرىكەتتە «بىز ئېڭى»بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

قۇرئاندا باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، دەردىگە دەرمان بولىدىغان، مەسئۇلىياتچان، تەقۋادار، ئاڭلىق،رەھىمدىل، ياردەمسۆيەر ۋە پىداكار ئىنساننىڭ ئەڭ ئىدېئال ئىنسان ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ۋىجدانسىز، ئاڭسىز، شەخسىيەتچى، تاش يۈرەك، مەسئۇلىيەتسىز ئىنسان تەنقىد قىلىنىدۇ. قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاللاھنىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلىرىڭ)غا سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ، ناۋادا قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى، شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن ۋە ئۇلار ئۈچۈن (ئاللاھتىن) ئەپۇ-مەغپىرەت تىلىگىن. (قىلماقچى بولغان) ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا قارار قىلساڭ، ئاللاھقا تايانغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۆزىگە تايانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[36] ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوپال ۋە تاش يۈرەكلىك تەنقىد قىلىنىدۇ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلغان تەقدىردە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىدىغانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ.

ئۇنداقتا ئوقۇش بىلەنلا ئىش تۈگەمدۇ؟ ئىنسانلار، ھادىسىلەر ۋە ھەقىقەتلەرنى ئوقۇپ ئۇلار ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟ بۇ ھەقتە قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئوقۇ» بۇيرۇقى كەلگەندىن كېيىن «ئورنىڭدىن تۇر» بۇيرۇقى[37]نازىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ۋە ئوقۇغانلىرىنى تەدبىقلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى بىلگى، بىلىم، ھېكمەت ھاياتقا تەدبىقلانغاندىلا ئاندىن قىممىتى بولىدۇ. ئوقۇش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، بىراۋ ئوقۇغاندا ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدۇ. شۇنداقلا تۇيغۇداشلىقنىڭ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك قىسمى تاماملانغان بولىدۇ.

تۇيغۇداشلىق پىسخولوگىيە ساھەسىدە ئىشلىتىدىغان ئۇقۇم بولۇش بىلەن بىرگە، مەيلى ئەخلاقىي نۇقتىدىن، مەيلى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئىسلام دىنىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تۇيغۇداشلىق قۇرئاندا بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنمىسىمۇ مەنە جەھەتتىن نۇرغۇن ئايەتتە ئۇچرايدۇ. قۇرئاندا ئىنساننىڭ ئەخلاقىي تاكاموللىششى ئۈچۈن قايسى خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىشى لازىملىقى ئەسكەرتىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندىكى ئەخلاقىي قەدىرىيەتلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە نەبى ۋە رەسۇللارنى ئەۋەتكەن. قۇرئاندىكى ئاساسلىق قەدىرىيەتلەر مۇنداق: ۋىجدان، ئىلىمسۆيەرلىك، مەسئۇلىيەت، رەھىمدىللىك، كەڭ قورساقلىق،سىغدۇرۇشچانلىق، ئادالەت، پىداكارلىق، ھوشيارلىق، سېخىيلىق، ئەپۇچانلىق، ياردەملىشىش، كېڭىشىش... بۇ قەدىرىيەتلەرنىڭ تۇيغۇداشلىق بىلەن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك مۇناسىۋىتى مەۋجۇت.[38] بىراۋ قارشى تەرەپتىكى كىشىلەرگە تۇيغۇداشلىق قىلغاندا ئاندىن بۇ قەدىرىيەتلەر ئۇنىڭدا نامايەن بولىدۇ. بۇ قەدىرىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇيغۇداشلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ماقالىمىزدە پەقەت رەھىمدىللىك، ئىنساپ، ياخشىلىق ۋە ياردەملىشىشتىن

ئىبارەت تۇيغۇداشلىقنىڭ يۇقىرى ئىپادىسى ھېسابلىنىدىغان قەدىرىيەتلەر ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

ئىسلامدا ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغان رەھىمدىللىك تۇيغۇداشلىقنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. رەھىمدىللىك ئىنساننى ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە ياخشىلىق ۋە ياردەم قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئىسىل قەدىرىيەت بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى بىر ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ئەمەس. رەھىمدىللىك بارلىق مەخلۇقاتلارغا، سۆيگۈ ۋە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى،ئۇلارنى زۇلۇمدىن ۋە يامانلىقتىن قوغداشنى،ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل خۇيدۇر. رەھىمدىللىك تۇيغۇسى بولمىغان ئىنسان قوپال، رەھىمسىز، زالىم ۋە ئادالەتسىز كېلىدۇ. مەلۇمكى، ئاللاھ راھمان ۋە رەھىمدۇر. مۇنۇ ھەدىسلەردە «شەكسىزكى، ئىچ ئاغرىتىش، رەھىمدىللىك راھماندىن بىر جۈزئىدۇر»[39]، «شەكسىزكى، رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈندۇر»[40]. «رەھىم قىلمىغانغا رەھىم قىلىنمايدۇ» رەھىمدىللىك پىداكارلىقنى، دەرتكە داۋا بولۇشنى، كەچۈرۈمنى ئۆگىتىدۇ. مەزلۇملارغا قىلىنغان زۇلۇمنى راۋا كۆرمەي، مەزلۇملارغا ياردەم قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. [41]

ئىنساپ ئىچ ئاغرىتىش، ۋىجدان ياكى مەنتىقنى تەقەززا قىلىدىغان ئادالەتتۇر. ئادىل ۋە ئادالەتلىك بولۇش،ئىچ ئاغرىتىپ رەھىمدىل بولۇشتۇر. ھەق ۋە ئادالەتكە ماس ھەرىكەت قىلىش، نەپسكە، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىككە ئەمەس، ۋىجدانغا ماس ئادالەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشتۇر. ھەقلىق كىشىگە ھەققىنى بېرىشتۇر. زۇلۇمغا ئۇچرىغان قېرىندىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇشتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزىنى، كەپسىزلىك قىلغان بالىسىنىڭ ئورنىغا قويۇشىدۇر. بىر نەرسە سېتىۋالغاندا ئۆزىنى ساتقۇچىنىڭ ئورنىغا قويۇش، ساتقاندا خېرىدارنىڭ ئورنىغا قويۇشتۇر. ئۆزى ئارزۇ قىلغاننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ئارزۇ قىلىشتۇر. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىلەرگە راۋا كۆرمەسلىكتۇر. كوللېكتىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەنلەرنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر. تەڭپۇڭلۇق ۋە نىزام ئۈستىدە قۇرۇلغان تەبىئەتتە تەڭپۇڭلۇققا ۋە نىزامغا ماس ھەرىكەت قىلىشتۇر. بىرىدىن قاتتىق نەپرەتلەنسەكمۇ ئۇ توغرا ۋە ھەقنى دېگەن بولسا ئۇنىڭغا قايىل بولۇشتۇر. ھەق ۋە ھوقۇققا رىئايە قىلىشتۇر. ئۆزىگە تەۋە بولغان گۇرۇپپىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتۇر. راھەت كۆرۈپ ئامانلىقتا ئېرىشكەندە زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقتىكى قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۇلار ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشتۇر. ئىنساپ يوق كىشىدە ھەق، رەھىمدىللىك، ھۆرمەت دېگەن پەزىلەتلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئىنساپ كىشىنىڭ بىر مەسىلىدە بىر تەرەپلىمىلىكتىن قۇتۇلۇپ ئاگىلىق بولۇشىنى، تۇيغۇداشلىق قىلىشىنى، قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇپ قارار ۋە ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاشقۇنلۇقتىن خالىي بولۇش، مۆتىدىل ھەرىكەت قىلىش، ھەقنى ياقلاپ ئادالەتنى تۇرغۇزۇش، باشقا ئىنسانلار بىلەن قېرىنداشلىق ئورنىتىپ جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، بىرلىكى ۋە خاتىرجەملىكىنىڭ داۋاملىشىشىغا ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىنساپ دىنىنىڭ يېرىمىدۇر» دېيىلىدۇ. بىز ياقتۇرمايدىغان، بىزگە نىسبەتەن خاتا يولدا مېڭىۋاتقان شەخس ياكى گۇرۇپپىلار، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «بىزدىن بولمىغانلار»نىڭ توغرا، پايدىلىق ۋە گۈزەل ئىشلىرىنى نۆلگە چىقىرىۋېتىش ئىنساپسىزلىق بولىدۇ. [42]

ئىسلامدا ياردەملىشىش ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ياردەملىشىش جەمئىيەتتىكى چوڭ - كىچىك، قېرى-ياش، ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچى، تىجارەتچى، دېھقان، ئىشچى، زىيالىي، دىندار قاتارلىق ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان، باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك قۇرىدىغان مۇھىم قەدىرىيەتلەردىن بىرىدۇر. قۇرئاندا ياردەملىشىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئىسلامدا ياردەملىشىش ئىنفاق ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئال ئىمران سۈرىسى 92-ئايەتتە[43] ئىنفاقنىڭ ئىماننىڭ ئەڭ روشەن ئىسپاتى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. سەدىقە[44]، زاكات[45]، ئىنفاق، روزا تۇتۇش[46] ۋە قۇربانلىق قىلىش[47] قاتارلىق ئىبادەتلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇلاردىكى ئورتاق نۇقتا ياخشىلىق، ياردەملىشىش ۋە پىداكارلىقتۇر. ئەلى شەرىئەتى ئىسلامدا ئىككى خىل ياخشىلىق بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىرىنچىسى ھەسەنات، ئىككىنچىسى سالىھاتتۇر. ھەسەنات بىراۋنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ (شەخسىيەتچىلىك)، سالىھات

بولسا ئۆزگىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەسەناتنىڭ مۇكاپاتى بىرگە ئوندۇر[48]، سالىھاتنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر[49] ھەسەناتتا بىراۋ ئۆزگىلا تۇيغۇداشلىق قىلسا، سالىھاتتا بىراۋ ئۆزگىلەرگە تۇيغۇداشلىق قىلىدۇ. شۇڭا ياخشىلىق، ياردەملىشىش ۋە پىداكارلىقنىڭ تېگىدە موھتاج كىشىلەرنىڭ ھالىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ئورتاقلىشىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تۇيغۇداشلىق ياتىدۇ. يەنى تۇيغۇداشلىق ياخشىلىق، مەرھەمەت، رەھىمدىللىك ۋە ياردەملىشىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن ھەر ۋاقىت تۇيغۇداشلىق روھىنى نامايەن قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى دائىم باشقىلارنى چۈشىنىش بولغان. ئۆزگە ئىشەنگەن ياكى ئىشەنمىگەنلەرگە قارىتا، ئۇلارنىڭ روھى ھالىتى، ھېسسىياتى ۋە بىلىشچىل ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەرگەن. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە تۇيغۇداشلىق قىلىش بىلەن بىرگە، تۇيغۇداشلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۆگەتكەن. مۇنۇ ھەدىستە تۇيغۇداشلىق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن: «سىلەردىن بىرى، ئۆزى ئۈچۈن ئارزۇ قىلغاننى، قېرىندىشى ئۈچۈن ئارزۇ قىلمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[50]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا تۇيغۇداشلىق قىلىشىنى ئىمان بىلەن باغلاپ ئىزاھلىغان. شەخسىيەتچىلىك بىلەن تۇيغۇداشلىق بىر-بىرىگە زىت ئۇقۇملاردۇر. تۇيغۇداشلىقنىڭ ئاساسىدا باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ دەردىگە دەرمان بولۇش بار بولغانلىقتىن، شەخسىيەتچى ئىنسانلاردىن تۇيغۇداشلىقنى كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بۇ ھەدىس ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىمۇ ئويلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. بولمىسا «ھەممە ئادەم مەسىلىگە ئۆز نۇقتىسىدىنلا قارايدىغان بولىدۇ، نەتىجىدە يۈزەكىلىك، رادىكاللىق، دوگمىلىق، نادانلىق باش كۆتۈرىدۇ، بۇ ئەھۋال ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن تامامەن سەلبىي ھېسابلىنىدۇ»[51]. ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بىر كۈنى بىر ياش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ زىنا قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى ساھابىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلىنىدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ياشنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەن قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئاناڭغا قىلىنىشىنى خالامسەن؟»، ياش بۇ سوئالغا قارىتا: «قەتئىي خالىمايمەن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «باشقىلارمۇ شۇنداق، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆز ئانىسى بىلەن زىنا قىلىشىنى خالىمايدۇ، ئۇنداقتا بىرىنىڭ قىزىڭ بىلەن زىنا قىلىشىنى خالامسەن؟» ياش بۇ سوئالغىمۇ : «ھەرگىز»دېگەن جاۋابنى بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارمۇ مۇشۇنداق، ھېچكىم بىراۋنىڭ قىزى بىلەن زىنا قىلىشىنى خالىمايدۇ». كېيىن بۇ ياش تەۋبە قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلىدۇ[52]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بۇ ياشنى تۇيغۇداشلىق قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، ئۇ ياشنى زىنا قىلىش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتۈرگەن. ناۋادا بىۋاستە زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى دېگەن بولسا، بۇ ياشنىڭ كاللىسىدىكى سوئاللار جاۋابلانمىغان، شۇنداقلا زىنا قىلىش ئېھتىمالى تۆۋەن بولسىمۇ ساقلىنىپ قالغان بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ياشنىڭ ۋىجدانىنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە بۇ ياش خاتالىقىنى تونۇپ يامان يولدىن يانغان. [53]

تۇيغۇداشلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبلىرى سۆيگۈ، شەپقەت ۋە رەھىمدىللىك قاتارلىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا سۆيگۈ،شەپقەت ۋە رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا دىن، تىل ۋە ئىرق ئايرىماي ھەممە ئادەمگە تەڭ مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇغان.[54] «قوشنىسى ئاچ ياتقان بىزدىن ئەمەس»[55]دېگەن ھەدىستىمۇ تۇيغۇداشلىقنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ. «ئاراڭلاردىن بىرى جامائەتكە ئىمام بولغاندا يەڭگىل ھەرىكەت قىلسۇن. چۈنكى، جامائەت ئىچىدە ئاجىز، كېسەل ۋە ياشانغانلار بولىدۇ. ئەگەر يالغۇز قىلسا نامازنى ئۇزۇنراق قىلسا بولىدۇ».[56] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نوقۇل ئىنسانلارغىلا ئەمەس ھايۋانلارغا،ئۆسۈملۈكلەرگە ۋە ئېكولوگىيەلىك

سىستېمىغمۇ تۇيغۇداشلىق قىلغان. ئاچ تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىس[57] بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانچە مۇنچە خۇددى ئاڭلىق ۋە جانلىق بىر نەرسە بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بارغاندەك بېرىپ تۇرىدىغان ئۇھۇد تېغى ئۈچۈن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇھۇد بىر تاغدۇر، لېكىن بىز ئۇنى ياخشى كۆرىمىز، ئوخشاشلا ئۇمۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ.» تاغ بىلەن رىشتە ئورنىتىش مۇنداقچە دېگەندە ئۇنسىييەت قۇرۇش زادى قانداق ئىش؟ تاغنى سۆيۈش ۋە تاغ تەرىپىدىن سۆيۈلۈش قانداق بىر تۇيغۇ؟ بۇنى مۇشۇنداق قوبۇل قىلغان بىر مەۋجۇدلۇق پەلسەپىسى، ھايات چۈشەنچىسى ئىنسانغا قانداق قارايدۇ؟مۇشۇنداق بىر ھايات چۈشەنچىسى ۋە مەۋجۇدلۇق پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلغان بىرىنىڭ، ئىنسانغا ۋە جىسىملارغا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ چوقۇم قىممەتلىك ۋە چوڭقۇر بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى ئوقۇغاندا (كۆزەتكەندە)، چۈشەنگەندە، ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىسىدە نامايەن قىلغان ئەستايىدىللىقى ۋە ئالاھىدە سەزگۈرلۈكى تاغقا ۋە يامغۇرغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئۇ ھېلىغۇ ساھابىلىرى ئىكەن، ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىگىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سالىدىغانلىقى،بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا «قۇلاق»لەقىمى بېرىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.[58]

چەت ئەلدىكى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ياكى ئۇيغۇر ۋەتىنىمىزدىكى تەڭرى تېغى، كۇئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغى، زەرەپشان دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق تاغ-دەريالىرىغا، ئالتۇن،كۆمۈر ۋە نېفىت قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىغا، ئۆسۈملۈكلىرىگە، گۈل-گىياھلىرىغا، قۇم-بارخانلىرىغا، دەل-دەرەخلىرىگە، تۈرلۈك زىرائەتلىرىگە، ھايۋانلىرىغا ۋە باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا مۇشۇ نۇقتىسىدىن قارىيالىساق ۋە خىتاينىڭ بىزنىڭ كەچمىشىمىزگە، بۈگۈنىمىزگە، خۇشاللىقلىرىمىزغا، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزگە ۋە ئەلمىساقتىن بىز بولۇش سۈپىتىمىز ۋۇجۇدقا چىقارغان بارلىق ئىش-ئىزلىرىمىزغا ۋە ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق ئەسەرلىرىمىزگە شاھىت بولغان بۇ بايلىقلىرىمىزنى بۇلغىۋەتكەنلىكىنى ئويلىساق، دەۋانى باشقىچە ئاڭ ۋە تۇيغۇ بىلەن قىلغان بولاتتۇق.

## 4–3– تۇيغۇداشلىقنىڭ دەرىجىلىرى

بىراۋنىڭ ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا قويۇشى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى،ھېس-تۇيغۇلىرىنى ۋە ئوي-پىكىرلىرىنى توغرا يوسۇندا ھېس قىلىش ۋە چۈشىنىش، ئارقىدىن بۇنى قارشى تەرەپكە مۇۋاپىق تەرىقىدە يەتكۈزۈش، شۇنداقلا ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش جەريانىنى كۆرسىتىدىغان، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىش ۋە باشقىلارنى چۈشىنىش سەنئىتى ھېسابلىنىدىغان تۇيغۇداشلىق، مەن، سەن، بىز، ئىجتىمائىي-جەمئىيەت، ئۇنىۋېرسال (جەمئىيەت ۋە مىللەتتىن ھالقىغان) ۋە زاماندىن ھالقىغان بولۇپ، بىر نەچچە دەرىجىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئاڭلىماققا ئىجابىي چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان تۇيغۇداشلىق، نېمە ئۈچۈن بىر نەچچە دەرىجىگە ئايرىلىدۇ؟ تۇيغۇداشلىقنىڭ بۇ دەرىجىلىرىنىڭ ھەممىسى پايدىلىقمۇ ياكى بەزىلىرىمۇ؟

بىر كىشى بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇ كىشى توغرۇلۇق ھېسسىي ئانالىز ۋە چوڭقۇر ئويلانماستىن قېلىپلىشىپ كەتكەن سۆزلەرگە مۇراجىئەت قىلىنسا، بۇ يۈزەكى تۇيغۇداشلىق ھېسابلىنىدۇ. «ھالىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، يامانىڭمۇ يامىنى بار،كاللاڭغا كىرگۈزۈۋالما، ھەممە ئادەم ئۆزىگە قىلىدۇ، ئۆزۈڭ تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك تەۋسىيە خاراكتېرلىك گەپ سۆزلەر تۇيغۇداشلىقنىڭ يۈزەكى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەقەت قارشى تەرەپكە ياردەم قىلغاندەك كۆرۈنۈپ قويۇشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى تۇيغۇداشلىق ھېسابلانمايدۇ.

تۇيغۇداشلىقنىڭ «مەن» دەرىجىسى بولغان ئىككىنچى دەرىجىسىدە بىراۋ قارشى تەرەپكە ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە «ھەقىقەتلىرى ۋە توغرىلىرى»نى تاڭىدۇ. بۇنىڭدا «مەن سېنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسام ئۇنداق قىلاتتىم-قىلىۋېتەتتىم، بۇنداق قىلاتتىم-قىلىۋېتەتتىم» دېگەن تەرىقىدە سۆزلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا

بىراۋنىڭ ئۆزىنى ئۇستۇن ۋە ئەقىللىق چاغلاپ، قارشى تەرەپكە نەسىھەت ۋە ئەقىل بېرىش پوزىتسىيەسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. كوللېكتىپنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئىنتايىن پۇختا ۋە بىلەرمەن كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقانلارغا ئەمەلىي ياردەمدىن بەكرەك نەسىھەت، ئەقىل بېرىپ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىشى «مەن»تۇيغۇداشلىقىغا مىسال بولالايدۇ. تۇيغۇداشلىقنىڭ «سەن» دەرىجىسىمۇ ئەمەلىيەتتە، «مەن» دەرىجىسىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ، بەكرەك بۇيرۇقۋازلىق تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. بۇنىڭدا «سەن ئۇنداق قىلىشىڭ كېرەك، بۇنداق قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن تەرىقىدە جۈملىلەر كۆپلەپ تۈزۈلىدۇ. پەرزەنتلىرىگە قىلغان قۇرۇق نەسىھەتنى تەربىيە قىلىش دەپ چۈشىنىۋالىدىغان ئاتا-ئانىلار ۋە ئۆزمەپتۇن كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيەسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.[59]

## «بىز»تۇيغۇداشلىقى

«بىز»تۇيغۇداشلىقىدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھېسسىي جەھەتتىن بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشى ۋە ئايىشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئىجتىمائىي نۇقتىدىن گۇرۇپپا (توپلۇق، جامائەت)دەرىجىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى گۇرۇپپا ئائىلە، قەبىلداش، مەھەللىداش، يۇرتداش،دوستلۇق، سەپداش، يولداش، ئېقىمداش، پىكىرداش، تورداش،تەشكىلاتداش، دەرنەكداش، مەزھەپداش ۋە باشقا «داش»لار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. گۇرۇپپا مەنسۇبلىرىنىڭ ئۆز-ئارا تۇيغۇداشلىقى نورمال ۋە تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، گۇرۇپپا مەۋجۇتلۇقى، تەبىئىتى، خاراكتېرى ۋە گۇرۇپپا مەنسۇبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللىرى گۇرۇپپا مەنسۇبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇيغۇداشلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. ئورتاق ھېس-تۇيغۇغا، سەزگۈرلۈككە ، ئورتاق ئېتىقاد ۋە نىشانغا ئىگە بولغان، ھەتتا ئورتاق «دۈشمەن»گە ئىگە بولغان گۇرۇپپا مەنسۇبلىرى، بىر-بىرى بىلەن ئاسانلا تۇيغۇداشلىق ئورنىتالايدۇ ۋە ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالايدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىق گۇرۇپپا مەنسۇبلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇيغۇداشلىققا قولاي شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. ناۋادا گۇرۇپپا مەنسۇبلىرى ياكى «داش»لار ،ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتتە ئۆزلىرىدىن پەرقلىق بولغان باشقا گۇرۇپپىلارنىڭمۇ، يەنى، باشقا «داش»لارنىڭمۇ بارلىقىنى،ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى، نىشانى، كۆز قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزىرى، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى، ھەقىقەتلىرى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلسا، ئۆزلىرىنىڭلا «توغرا ۋە ھەق»يولدا ئىكەنلىكىنى ئويلىۋالسا، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە خاسلىقىنىڭ باشقا گۇرۇپپىلارنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، باشقا گۇرۇپپىلار بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ بىر تەركىبى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، نوقۇل ئۆزىنى مەركەزگە قويۇشقا باشلىسا ھەم قۇتۇپلىششقا ھەم ئىجتىمائىي تەكەببۇرلۇققا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ ۋە جەمئىيەت ۋە مىللەت سەۋىيەسىدە تۇيغۇداشلىق ئېڭىنى ۋە روھىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئاجىز قالىدۇ. جەمئىيەت ۋە مىللەت سەۋىيەسىدە تۇيغۇداشلىق قىلىشقا تۆۋەندىكى مۇنداق بىر قانچە خىل زېھنىيەت ياكى تەپەككۇر شەكلى توسالغۇ بولىدۇ.

ئۆزىنى مەركەزگە قويۇش: ئۆزىنى مەنسۇبى بولغان جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبى ئەمەس، ئۆزىنى ئەڭ باشقا ياكى مەركەزگە قويۇشقا مايىلدۇر. ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ھەقىقەت، ئادالەت، چىنلىق، ھەمكارلىق قاتارلىق ئۇنىۋېرسال قەدىرىيەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭلا نېسىۋىلەنگەنلىكىنى ئىددىئا قىلىدۇ.

ئابستراكت تەپەككۇرى ئاجىز: ئابستراكت تەپەككۇر ماھىيەتلىك ۋە ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىدراك قىلىش ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇ زېھنىدىكى بىر مەسىلە، ئۇقۇم ياكى ھادىسىگە پەرقلىق نۇقتىدىن قاراشقا، كەلگۈسىنى مۆلچەرلەپ پىلان تۈزۈشكە ۋە ئىستراتېگىيە بېكىتىشكە،

سىمۋوللۇق ئويلاشقا ۋە ئوخشىمىغان يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىمىزدىكى زامان ۋە ماكانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كونكرېت تەپەككۇرنىڭ زىتىدۇر. ئۇنداقتا ئابستراكت تەپەككۇر نېمە ئىشقا يارايدۇ؟ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئابستراكت تەپەككۇر ئوخشىمىغان چۈشەنچە، ئېتىقادلار ۋە مەدەنىيەتلەر ياكى ھەم ئىچكى ھەمدە تاشقى مۇھىتتىكى ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئىدراك قىلىپ چۈشىنىشتە رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتىش، تەسەۋۋۇرغا باي بولۇش، يېڭى چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇش، كەچمىشتىن ساۋاق ئېلىش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئويلاش قاتارلىقلاردىمۇ رول ئوينايدۇ. ئابستراكت تەپەككۇر ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولمىغان ئامىللارغا مەركەزلىشىدۇ (بىراۋ تۇرۇۋاتقان مۇھىت ۋە زاماندىن ھالقىيالايدۇ). ھەر قانداق بىر مەسىلە، ھادىسە ياكى ئۇقۇمغا پەرقلىق نۇقتىدىن قارىيالايدۇ. نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ مەسىلە، ئۇقۇم ۋە ھادىسىلەرنى مۇنازىرە ۋە زاكۇن ۋاستىسى ئارقىلىق ئويلاشقا تۈرتكە بولىدىغان ئېلاستىكلىق بىر تەپەككۇر شەكلىدۇر. مەسىلەن: ئابستراكت تەپەككۇر قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر ئائىلە دېگەندە نوقۇل ئۆز ئائىلىسىلا كۆز ئالدىغا كەلمەيدۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى نۇرغۇن ئائىلە كۆز ئالدىغا كېلىدۇ، ھەتتا شەرقىي تۈركىستاننى چوڭ بىر ئائىلە دەپ قارىيالايدۇ. ئۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بېشىغا بىرەر قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇم كەلسە قانداق ئازابلانغان بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇمدىنمۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت چوڭ ئائىلە خەتەرگە دۇچ كەلسە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى خەتەرگە دۇچ كەلگەندەك ئويلىيالايدۇ. ئۆز ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئىشقا قانداق كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدىكى ھەر قانداق ئىشقا شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشكە تىرىشىدۇ. ھىجابنى سىمۋوللۇق نۇقتىدىن ئويلاپ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى ھىجاب دەپ قارىيالايدۇ. نامازنى مەسچىت ياكى ئۆيدە قىلىنىدىغان ئىبادەت سۈپىتىدىلا قارىمايدۇ، بەلكى نامازنىڭ قىممىتى ۋە رولىنىڭ بۇ ئىككى ماكاندىن چىققاندىن كېيىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. داڭلىق شائىر نەجىپ فازىل قىسا كۈرەك[60]، نامازنىڭ مەسچىتتىن چىققاندا، ھەجنىڭ مەككىدىن قايتقاندا، روزىنىڭ روزا تۈگىگەندە ئاندىن رەسمىي باشلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ناماز، ھەج ۋە روزىنىڭ روھى ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلانغاندا ياكى ئەمەل قىلىنغاندا ئاندىن قىممىتى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ناماز، ھەج ۋە روزىدا ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاندەك، ئاللاھ كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان، ناماز، ھەج ۋە روزىدىن كېيىنمۇ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كۆزىتىپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت ئېڭى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. چەت ئەلدە ئابستراكت ئويلايدىغان بىر ئۇيغۇر، ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. يەنە ئابستراكت ئويلايدىغان بىر ئۇيغۇر ۋاڭ لېچۈەن، جاڭ چۈنشيەن، چېن چۈەنگو ۋە باشقا خىتاي ئەمەلدارلىرى ھەر ئالماشقاندا، ئۇلاردىن «ياخشى سىياسەت» كۈتمەي، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىۋاتقان زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، پەقەت شەكىلدە ئانچە ئۇنچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى، بۇ خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلىۋاتقان زۇلۇم سىياسىتىنى قەتئىي ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشغالىيەتچى ئىدىيەسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. قىسقىسى، زۇلۇمنىڭ، ئادالەتسىزلىكنىڭ، ئىشغالىيەتنىڭ بىر ئىككى شەخسنىڭ ئالمىشىشى بىلەن تۈگىمەيدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ دۈشمەنىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇيالايدۇ.

ئابستراكت ئويلايدىغان بىر مۇسۇلمان «بىر شەيئى ۋە مەقسەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت، دەلىل، ئىبرەت، ئىشارەت»[61] دېگەن مەنىگە كېلىدىغان ئايەت ئۇقۇمىنى قۇرئانى كەرىم ئايەتلىرىدىن باشقا، كائىنات، تەبىئەت، ئىنسانىيەت، ئىجتىمائىيەت ۋە ھادىساتلارنىمۇ

ئايەت دەپ چۈشىنىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان، تۆگە ياكى تاغ قاتارلىقلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىنى قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئەمەس، تەبىئەت ۋە ئىنسان ئايەتلىرىنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە بىلىشكە تىرىشىدۇ. ئەنكەبۇت سۈرىسىدە «ئېيتقىنكى، زېمىندا سەير قىلىڭلار، يارىتىلىشنىڭ قانداق باشلانغانلىقىغا نەزەر سېلىڭلار»[62] . بۇ ئايەتتە مەخلۇقاتلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، قۇرئان ئايەتلىرىگە ئەمەس تەبىئەت ئايەتلىرىگە نەزەر سېلىپ ئۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ يەردە بىزگە يېتەكچىلىك ۋە كۆرسەتمە رولىنى ئوينايدۇ. «نېمە ئۈچۈن زېمىندا سەير قىلمىسىز؟» ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلارنى قانداق ياراتقانلىقىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يارىتىلىشنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈندۇر. بۇلارنى بىلىش ئۈچۈن بىئولوگىيە،خىمىيە، گېئولوگىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە، ھەتتا ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك بولىدۇ.

دىن كەلىمىسى بىلەن قەرز مەنىسىگە كېلىدىغان «دەين»نىڭ يىلتىزى ئوخشاش بولۇپ[63]، قەرزنى دىن جەھەتتىن بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھقا بەندىچىلىك قەرزى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مەنسۇبلۇق نۇقتىسىدىن بولسا بىر مۇسۇلمان ئۆزى تەۋە بولغان زېمىن، مىللەت ياكى ئۈممەت،ھەتتا ئىنسانىيەت، ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغىمۇ قەرزدار دەپ چۈشىنىلسە بولىدۇ. ئابستراكت تەپەككۇر مۇشۇنداق ئويلاشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئابستراكت تەپەككۇر تەرەققىي قىلمىسا ئۇقۇملار، زېھنىيەت، چۈشەنچە ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىنماستىن، شەخسلەر ھەققىدە بەكرەك مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنى شەخسلەرنىڭ گېپى بەكرەك بولىدۇ. شۇڭا تەنقىدلەر پىكىر، ئۇقۇمغا ئەمەس شەخسلەرگە بولىدۇ. ئۇقۇملار، زېھنىيەت، چۈشەنچە مۇنازىرە قىلىنمىسا، مەسىلە ياكى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجىسى ئۈستىدىمۇ ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. مەلۇمكى، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى ئابستراكت ئۇقۇملار ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. مەسىلىلەر ۋە ھادىسىلەرنى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئويلاش ئادەت ھالىغا كەلمىگەنلىكتىن، ئىلىم-پەننىڭ ياكى ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان كۆزىتىش، قىزىقىش، سوئال قويۇش،تەنقىدىي نۇقتىدىن قاراش، ئىزدىنىش، ئانالىز قىلىش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق زېھنىي پائالىيەتلەرمۇ ئومۇملاشمايدۇ. ۋەقە-ھادىسىلەر ۋە مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرىدىن بەكرەك نەتىجىسىگە مەركەزلىشىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. سەۋەبلەر بىر چەتتە ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە دۇچار بولغانلىقتىن، بۇرۇنقىغا ئوخشاش مەسىلە ۋە ھادىسىلەر كۆرۈلگەندە ئوخشاش خاتالىق سادىر بولىدۇ. ئابستراكت تەپەككۇرى ئاجىز ئىنسانلارغا ئائىلە دېيىلسە، نوقۇل ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، مەنپەئەت دېسە نوقۇل ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى، ئىپپەت ۋە ئار نومۇس دېيىلسە نوقۇل ئۆزى ۋە يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ ئىپپەت ۋە ئار نومۇسى، پاكىزلىق دېسە نوقۇل جىسمانىي پاكىزلىق، دۈشمەن دېسە نوقۇل ئۆزىگىلا چېقىلغان بىرى، زېمىن ياكى ئۆي دېيىلسە قولىدا يەر خېتى بولغان زېمىن ياكى ئۆيلا، بايلىق دېسە نوقۇل ئىلكىدىكى ماددىي بايلىقلا كاللىسىغا كېلىشى مۇمكىن.

بىرلەمچى مۇناسىۋەت شەكلى كۈچلۈك: بۇ مۇناسىۋەت شەكلى جەمئىيەتشۇناسلىقتا غەيرى رەسمىي مۇناسىۋەت شەكلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت شەكلىدە رەسمىي قائىدە-پرىنسىپ، ئۇنىۋېرسال ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلغان ئامىللاردىن بەكرەك، ئائىلە، ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، دوستلۇق، يۇرتداشلىق، ساۋاقداشلىق، ساۋاقداشلىق، مەھەللىداشلىق، مەزھەپداشلىق، ئىرقداشلىق قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان ئامىللار بەكرەك رول ئوينايدۇ. بىرلەمچى مۇناسىۋەت شەكلى ھۆكۈمران ئورۇندىكى بىر شىركەتكە ياكى تەشكىلاتقا خادىم ئېلىنغاندا ياكى باشقۇرغۇچى بېكىتىلگەندە، ئۇ كىشىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى، سەۋىيەسى ۋە لاياقىتى ئەمەس، ئۇ كىشىنىڭ كىمنىڭ يېقىنى ياكى كىمنىڭ تۇغقىنى ۋەياكى قەيەرلىكلىكى دېگەندەك ئامىللار بەكرەك نەزەرگە ئېلىنىدۇ. مۇكاپات ۋە جازالارمۇ

پىرىنسىپ ۋە قائىدىلەرگە ئاساسەن ئەمەس، ئوتتۇرىسىدىكى «داشلىق» رىشتىسىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ «داش»لىرىدىن بىرى خاتالىق قىلسا كۆز يۇمۇلىدۇ، قارشى «داشلار»دىن بىرى خاتالىق سادىر قىلسا خائىن دېگەن تامغا چاپلىنىدۇ. ياخشىلىق، ئادالەت، ھەققانىيەت دېگەن قەدىرىيەتلەرنى ئۆزى ئۈچۈن بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ، باشقىلار ئۈچۈن بەكمۇ خالاپ كەتمەيدۇ. بىرلەمچى مۇناسىۋەت شەكلى تار دائىرىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، جەمئىيەت ۋە مىللەتكە ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك چوڭ ئىجتىمائىي گەۋدىنى نەزەرگە ئېلىپ ھەرىكەت قىلىشتا قىينىلىپ قالىدۇ، ئۇنىۋېرسال ياكى خەلقئارا سەۋىيەدە ھەرىكەت قىلىشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس.

گۇرۇپپىلار بىر-بىرىگە كاتېگورىيەلىك (قېلىپلاش ۋە تامغىلاش) مۇئامىلە قىلىدۇ: بۇ دېگەنلىك قارشى تەرەپنى چۈشەنمەي، بىلمەي، مەسىلىلەرنى قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىسىدىن قارىماي، شۇنداقلا قارشى تەرەپ بىلەن دىئالوگ، ھەتتا ھەمكارلىق ئورنىتىپ باقماي تۇرۇپ، ئۇ تەرەپ ھەققىدە كاللىسىدا مۇئەييەن قېلىپ شەكىللەندۈرۈۋېلىش، تون پىچىش ۋە تامغىلاشتۇر . كاتېگورىيەلىك ئويلاش ئانالىتىك ئويلاشنىڭ زىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كاللىسىدىكى ئۇ قېلىپتا ياكى تامغىدا قارشى تەرەپ «خائىن، رادىكال، ئەسەبىي، دىنسىز، كاپىر، نادان، يامان، ساختىپەز، ھورۇن، قۇل ھەققىنى يەۋالغۇچى» دەپ كودلىنىپ بولغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇئامىلە مۇشۇ قېلىپ ۋە تامغىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. نەتىجىدە قارشى گۇرۇپپىنىڭ ياكى شەخسنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىمۇ ئەسكى، توغرا ئىشىمۇ خاتا، گۈزەل ئىشىمۇ سەت بولۇپ مېڭىۋېرىدۇ. توغرا، پايدىلىق ۋە گۈزەل ئىشلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەيدۇ، رەت قىلىنىدۇ. خاتالىقلىرى توختىماي يۈزىگە سېلىنىدۇ. بۇنداق بولغانىكەن، گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا دىئالوگ، ھەمكارلىق ۋە تۈيغۇداشلىق ئورنىتىلالمايدۇ، ئورنىتىلغان تەقدىردىمۇ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشالمايدۇ. بىر گۇرۇپپا يەنە بىر گۇرۇپپىنىڭ سۆزى، پىكرى ۋە تەكلىپلىرىگە ئەستايىل قۇلاق سالمايدۇ، ئۆزىنىڭ گېپىنى دەۋېلىپ قارشى تەرەپنىڭ گېپىگە قۇلىقىنى ئېتىۋالىدۇ. تامغىلاش بىر تەرەپلىمە قاراش، قۇتۇپلىشىش ۋە ئايرىمچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەسلىدە بۇلارنىڭ تېگىدە دوگماتىزم ياتىدۇ.

نەۋزات تارھان فاناتىزم، ئاشقۇنلۇق، قۇتۇپلىشىش، شەيتانىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك قاتارلىق ئېقىملارنىڭ ئىجتىمائىي تۈيغۇداشلىققا زىيان بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. فاناتىزم ئىنساننىڭ بىر پىكىرگە، ئېتىقادقا، قەدىرىيەتكە، ئىدېئولوگىيەگە، شەخسكە، گۇرۇپپىغا، پۇتبول كوماندىسىغا مەستانە بولۇشى، ھەتتا چوقۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ. فان كەلىمىسى كۈچلۈك ھاياجان، ھەددىدىن زىيادە تەقلىد ۋە چوقۇنۇشنى بىلدۈرىدۇ. فاناتىزمدە ئەقىل، تۈيغۇداشلىق ۋە تەپەككۇردىن بەكرەك، بىر تەرەپلىمە قاراشلار، تابۇ ۋە قېلىپلىشىپ كەتكەن چۈشەنچىلەر، بىر نەرسىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. فاناتىزم ئادالەتنىڭ تىكلىنىشىدە زور توسالغۇ شەكىللەندۈرىدۇ. فاناتىزم ئىدىيەسىدىكى بىر كىشى ئادالەتنى ئۆزى ۋە تەۋە بولغان گۇرۇپپا ئۈچۈنلا تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئادالەت نوقۇل سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تاملىرىغا ئېسىلىپ قويۇلغان بىر ئۇقۇم ئەمەس. ئۇ ئىنساننىڭ تۈيغۇسى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى كېرەك بولغان ئۇقۇمدۇر. مەلۇم بىر گۇرۇپپا ۋە شەخس ئۈچۈن ئەمەس، ھەممە ئىنسان ۋە گۇرۇپپا ئۈچۈن لازىملىق بولغان ئادالەت، تۈيغۇداشلىقنى توغرا ئىدراك قىلىپ ئۆگىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تۈيغۇداشلىق ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى ياكى كۆرمىگەننى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرۈش ياكى كۆرمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىرىگە ياكى گۇرۇپپىغا چوقۇنۇۋېلىش ۋە مەستانە بولۇش ئادالەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر.[64] فاناتىزم ئۆزگىرىشكە قارشى چىقىدۇ، شۇڭا فاناتىزم يايغىن جەمئىيەتتە يېڭىلىقتىن ئېغىز ئېچىش تەس. فاناتىزم تۈيغۇداشلىقنى يوق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شەخسلەر، گۇرۇپپىلار ۋە مەدەنىيەتلەر بىر-بىرلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئىجتىمائىي رىشتە سۇسلايدۇ، ھەتتا ئۈزۈلىدۇ.

## ئىجتىمائىي تۈيغۇداشلىق (جەمئىيەتچە ۋە مىللەتچە) دەرىجىسى

جەمئىيەت ۋە مىللەت دەرىجىسىدىكى تۈيغۇداشلىقتا، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، دىئالوگ، ھەمكارلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار ئۆزلىرىنى مەركەزگە قويۇۋېلىشتىن بەكرەك، ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايدۇ. ئۇ مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزگە ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارنى رەت قىلىش ياكى ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىش يولىنى ئەمەس، ھەمكارلىق ۋە دىئالوگ يولىنى تاللايدۇ. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزگىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزى تەۋە جەمئىيەتتىكى باشقا گۇرۇپپىلار خەتەرگە يولۇقسا، بۇ خەتەرنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى بۇرچى دەپ قارايدۇ. مەنپەئەتىنى جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئالدىغا قويۇۋالمايدۇ. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگە ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارغىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. بۇ تۈيغۇداشلىق تۈرىنى نەۋزات تارھان ئەڭ ئىدېئال ۋە يۇقىرى سەۋىيەدىكى تۈيغۇداشلىق دەپ تەرىپلەيدۇ.[65]

## خۇلاسە

نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ تېگىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى، تۈيغۇداشلىق قابىلىيىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئاجىز كېلىشىمىزدۇر. بىر ئىنسان باشقىلارنى ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ چۈشەنگەندە، دۇنيانى، ھادىسىلەرنى، جەمئىيەتنى ئۇنىڭ نۇقتىسىدىن ۋە كۆزىدىن كۆرۈشكە ۋە ئۇ ئىنسانغا ئوخشاش ئاڭلاشقا، ھېس قىلىشقا ۋە چۈشىنىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئىنساننىڭ دۇنياسىغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئىككى ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ساغلام مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ساغلام مۇناسىۋەت دەل تۈيغۇداشلىق تۈرتكىسىدە بولىدۇ. تۈيغۇداشلىق ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ، ھەمكارلىق، دىئالوگ، بىرلىك، سۆيگۈ تۇرغۇزۇشتا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. تۈيغۇداشلىق قىلالىغان ئىنسان ھەم ئۆزى بىلەن، ھەم ئۆزگىلەر بىلەن، ھەم ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەت، مىللەت ھەتتا دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ سىرتىدىكى ھەممە نەرسە بىلەن تۈيغۇداشلىقتىن ئىبارەت كۈچ تۈرتكىسىدە كۆۋرۈك ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ كۆۋرۈك بىلەن زېھنىي، ئىدىيە ۋە تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا ھەر يەرگە يېتىپ بارالايدۇ. ھايات ۋە دۇنيا بىلەن بىر پۈتۈنلىشىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەقەت ماددىي ۋە ئوبيېكتىپ توسالغۇلار بولىدۇ، لېكىن زېھنىي ۋە پىكرىي توسالغۇلار قالمىغان بولىدۇ. ئۆزىنى ئايرىم جانلىق سۈپىتىدە ئەمەس، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا باغلىق دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ھەرىكىتىدە بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنى ئويلاپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆز رولى ۋە قىممىتىنىڭ مۇشۇ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە جارى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. تۈيغۇداشلىق قىلالمىغان ئىنسان بولسا بۇلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. دۇنيانى ئۆزىگە ئېتىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ دۇنياسىغىلا مەھكۇم بولىدۇ.

كائىنات ۋە دۇنيانىڭ تەڭپۇڭلۇق، بىرلىك ۋە ماسلىق ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىشى، كىشىلىك ئالاقە، جەمئىيەت تەرەققىياتى، دىن، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلار تۈيغۇداشلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. قىسقىسى، تۈيغۇداشلىق ھاياتنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ھاياتنىڭ تەڭپۇڭ ھالەتتە داۋاملىشىشى ئۇنىڭغا باغلىق.

ئەسلىدە ھەر بىر ئىنساندا تۈيغۇداشلىق قابىلىيىتى بار بولىدۇ. بىراق سەۋىيە ۋە دەرىجىلىرى ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرىدە يۈزەكى، بەزىلىرىدە «مەن»، بەزىلىرىدە «بىز»، بەزىلىرىدە بولسا «ئىجتىمائىي» سەۋىيەلەردە بولىدۇ. بۇلار ئىچىدە «ئىجتىمائىي» يەنى مىللەتچە ۋە جەمئىيەتچە تۈيغۇداشلىقنىڭ ئەڭ

ئىشقا يارايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۇرتداشلىق، مەھەللىداشلىق، ساۋاقداشلىق، مەزھەبداشلىق، ئېقىمداشلىق، مەزھەبداشلىق ۋە باشقا كىچىك تىپتىكى «داشلىق» گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نىسبەتەن گەۋدىلىك. شۇڭا جەمئىيىتىمىزدە «ئىجتىمائىي» تۇيغۇداشلىقتىن بەكرەك «بىز» تۇيغۇداشلىقى كۈچلۈك. لېكىن بىز نۆۋەتتە «ئىجتىمائىي»تۇيغۇداشلىققا ھەممىدىن بەك ئېھتىيا جلىقمىز.

---

**ENDNOTES**


1 Doğa Başer– Mehmet Kırlıoğlu – Huriye İrem Kalaycı Kırlıoğlu, Empati Kavramına Bauman Çerçevesinden Bir Bakış, Selçuk Üniversitesi, Sağlık Bilimleri Fak, 15 Ağustos, 2019. S.3

2 Epistemoloji: Epistemology

3 Elif Gökçe Ersoy, Ferdi Köşger, Empati: Tanımı ve Önemi,\ Osmangazi Tıp Dergisi/Osmangazi Journal of Medicine, Mayıs/May, 17–9 ,(2) 38;2016 DOI: http://dx.doi.org/10.20515/otd.33993.s.9

4 Sharma, RM. (1992). Empathy: A retrospective on its development in psychotherapy. Austr NZJ Psychiatry. 390–26,377.

5 Burcu Gülşen, Kemal Sayar, Empati Nedir https://kemalsayar.com/insana–dair/empati–nedir

6 httpen.wikipedia.orgwikiEmpathyEmpathy

7 ماقالىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىدا تۇيغۇداشلىق– empathy تەرىقىسىدە پەقەت تۇيغۇداشلىق دەپلا ئېلىنىدۇ.

8 Burcu Gülşen, Kemal Sayar, Empati Nedir https://kemalsayar.com/insana–dair/empati–nedir

9 Nevzat TARHAN, Toplum Psikolojisi ve Empati, Timaş Yayınları, 2020, s. 162

10 Hulusi Doğan, Engin Üngüren, Seden Algür, Öfke Ve Empati İlişkisine Yönelik Otel Zincirinde Bir Araştırma, Ç.Ü. Sosyal Bilimler Enstitüsü Dergisi, Cilt 19, Sayı 2010 ,3, S. 280

11 https://www.youtube.com/watch?v=VfglxQnDHfk

12 Öztürk, Koparan, Haşıl, Efe ve Özkaya, " İnönü Üniversitesi Beden Eğitimi Ve Spor Yüksekokulu Öğrencilerinin Empati Düzeylerinin İncelenmesi " ,2004, s.20.

13 Mehmet Emsal, Habil Şentürk, "Kur'an Ve Sünnette Empatik Yaklaşımın Yeri" , Anadolu Akademi, Sosyal Bilimler Dergisi, s.80–79

14 Melek Erken, "Empati Becerisinin Ahlaki Davranışlar Üzerindeki Etkisi", Sakarya Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü, 2009, S.71

15 Hasan Metin, "Empatik İletişim ve Yönetişim", İletişim Kuram ve Araştırma Dergisi , 2011, s. 203 –177

16 Burçak Aktaş, "Ali Şeriati'de İnsan Ve Toplum Felsefesinin İmkânı", Ankara Yıldırım Beyazıt Üniversitesi , Sosyal Bilimler Enstitüsü, 2020, S.71

17 Doğan Cüceloğlu, Korku Kültürü, 2021, s. 46

18 Mustafa Tavukçuoğlu , Hüsamettin Erdem, Din Kültürü ve Ahlak Bilgisi,2002, s.17

19 19. Aydın, Mehmet Zeki (2003), Ahlak Öğretiminde Örnek Olay İncelemesi, Nobel Yayınları, Ankara.s. 25–24, Aktaran: Melek Erken, s.14

20 Aydın, Mehmet Zeki (2003), Ahlak Öğretiminde Örnek Olay İncelemesi, Nobel Yayınları, Ankara.s. 27, Aktaran: Melek Erken, s.15

21 Ali şeiati, Tevhid, www.aliseriati.org

22 İslamoğlu, https://t24.com.tr/

23 بەقەرە سۈرىسى، 2–143

24 قەمەر سۈرىسى، 49–ئايەت

25 رەھمان سۈرىسى، 7–8 ئايەتلەر

26 ھىجر سۈرىسى، 19–ئايەت

27 Halîl b. Ahmed, "Adl", 110 :3.aktaran: Ayşe Betül Oruç

28 Ayşe Betül Oruç, "Ayetler Bağlamında Âlemin Yaratılışındaki Denge" , marife dini araştırmalar dergisi Turkish Journal of Religious Studies cilt / volume: 18 • sayı / issue: 2 • kış / winter 2018,s. 530

29 ئەنئام سۈرىسى، 1–ئايەت

30 Ayşe Betül Oruç, "Ayetler Bağlamında Âlemin Yaratılışındaki Denge", s. 532

31 http://www.kuranikerim.com/mdiyanet/alak.htm

32 M. İslamoğlu, https://mustafaislamoglu.com/yanlis–anladinizsa–nasil–yaptiginizin–ne–onemi–var

33 https://www.youtube.com/watch?v=4zstOxPsSAQ&t=3597s

34 Süleyman Narol, "İnsan Kelimesinin Kur›an›daki Kullanımları Bağlamında Meallere Eleştirel Bir Yaklaşım", Yıl 2018, Cilt 2018, Sayı 30.04.2018 ,504 – 477 ,35, S.479

35 M. İslamoğlu, İnsan, Olmak Ya Da Nisyan Olmak

36 ئال ئىمران سۈرىسى، 159–ئايەت

37 Müzzemmil Suresi, https://www.kuranmeali.com/AyetKarsilastirma.php?sure.

38 Mehmet Emsal, "Habil Şentürk Kur'an ve Sünnette Empatik Yaklaşımın Yeri", s.82

39 Buhârî¸ Edeb 13; Tirmizî¸ Birr 16.

40 Buhârî¸ Tevhîd 22 ¸15; Müslim¸ Tevbe 16–14.Aktaran, Mehmet Zeki Aydın, Merhamet Ve Empati Değerleri Ve Peygamberimiz, Uluslararası Hz. Peygamber ve Gençlik Sorunları Çalıştayı, 06 ,05 Ekim 2019

41 Mehmet Zeki Aydın, "Merhamet Ve Empati Değerleri Ve Peygamberimiz", Uluslararası Hz. Peygamber ve Gençlik Sorunları Çalıştayı

42 Mehmet Zeki Aydın, "Merhamet Ve Empati Değerleri Ve Peygamberimiz", Uluslararası Hz. Peygamber ve Gençlik Sorunları Çalıştayı, s.12–11.

43 :ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

44 Tirmizî, Birr, 36, Bakara, 271/2, Hadid, 18/57

45 Mü'minun, 4–1/23, Altun, M. (2017), İslami Bir Değer Empati, İstanbul: Özgü Yayıncılık, S.94

46 Bakara, 184–183/2, Gezgin, A. G. (2019). Kur'an'a Göre Empatik Anlayış, İstanbul, Rağbet Yayınları, S.369, Aktaran: Mehmet Emsal, Habil Şentürk, Kur'an ve Sünnette Empatik Yaklaşımın Yeri, S. 85.

47 Hacc, 37–34/22

48 ئەنئام سۈرىسى 160–ئايەت

49 بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك 17 ئايەت بار

50 Nevevi, 1981, çev. Erdem, Burslan, s.225

51 Şentürk, H. (2003), "Psikolojide Empati Kavramı ve Hz. Peygamberin Bazı Hadisleri", SDÜİF Yayınlar, (–157 ,(15 160. Aktaran: Mehmet Emsal, Habil Şentürk, "Kur'an ve Sünnette Empatik Yaklaşımın Yeri", Anadolu Akademi Sosyal Bilimler Dergisi, 2021, S. 90.

52 İbn Hanbel, 1992, s.256

53 Mehmet Emsal, Habil Şentürk "Kur'an ve Sünnette Empatik Yaklaşımın Yeri", Anadolu Akademi Sosyal Bilimler Dergisi, 2021, S. 88

54 İbn Hanbel V, 411

55 Buhari, Edebü'l–Müfret, 112

56 Nevevi, 1981, çev. Erdem, Burslan, s.273

57 Ebu Davud, Cihad 2549 ,44

58 İslamoğlu, https://www.yenisafak.com/arsiv/2000/mart/03/mislamoglu.html

59 Nevzat Tarhan, Toplumsal Psikoloji ve Empati, s.180

60 Halime Gürbüz, Üstat ve ramazan, https://www.turkiyegazetesi.com.tr/kose–yazilari/halime–gurbuz/ustat–ve–ramazan–18–04–2021 ,618531

61 Yunus Şevki Yavuz, Abdurrahman Çetin, *İ*slam Ansiklopedisi, 4.cilt, s. 244–242

62 ئەنكەبۇت سۈرىسى، 20–ئايەت

63 Mehmet Âkif Aydın, 1994 yılında İstanbul'da basılan 9. cildinde, s. 268–266

64 Nevzat Tarhan, Toplumsal Psikoloji ve Empati, s.105–103

65 Nevzat Tarhan, Toplumsal Psikoloji ve Empati, s.182

## خىتاينىڭ ئەركىنلىك تۈزىقى: ئىنتېرپول تەرىپىدىن قىزىل باشلىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان، خىتايغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان بىر ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى

# تېرورچىسىن ئەركىنلىك پەقچىسىكىچە

خىتاينىڭ ئەركىنلىك تۇزىقى ناملىق بۇ كىتاب، ئەمەلىيەتتە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىسا ئەپەندىمنىڭ ئىسمىدەكلا دولقۇنلۇق كۈرەش ھاياتىنىڭ قىسقىچە بىر ھېكايىسىدىن ئىبارەت. قارىماققا بۇ بىر شەخسنىڭ ھېكايىسىدەك قىلسىمۇ، خۇددى تامچە سۇدا دۇنيا ئەكس ئەتكەندەك، بۇ ھېكايىلەردىن بىز شەرقىي تۈركىستاندا، شۇنداقلا، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بولالماي قىينىلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى تېخىمۇ ئېنىق، كونكرېت كۆرەلەيمىز. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇ پەقەت دولقۇن ئىسا ئەپەندىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايىسىدۇر. ئۇشبۇ كىتاب 2022 - يىلى ھىندىستاننىڭ ھار-ئاناند (HAR-ANAND) نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىمۇ ئەڭ قىسقا زاماندا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

كىتاب دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش ئورنىنىڭ خىتاي بۆلۈم مۇدىرى سوفىيە رىچاردسون، ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق سابىق ئەلچىسى كېللى ئېكلىس كۇرى ۋە 2022 - يىلىدىكى خەلقئارا ئۇيغۇر سوتىنىڭ باش سوتچىسى جوففىرى نايس ئەپەندى قاتارلىق شەخسلەر يېزىپ بەرگەن ئۈچ پارچە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرىدىكى خاتىمىدىن باشقا، 33 باپتىن تەركىپ تاپقان. تۆۋەندە بىز تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە پەقەت ھەر قايسى باپلارنىڭ تېمىسىنىلا ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.


1. تۇنجى قېتىملىق تۇتۇلۇش - ئىنتېرپولنىڭ سۈيىقەستى
2. مەن قانداقلارچە «تېرورچى» بولۇپ قالدىم؟
3. تېرورچى دېگەن قالپاقنا قانداق ئىنكاس قايتۇردۇم؟
4. ئىنسان ھەقلىرى پايتەختىدە ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىش
5. ۋاشىنگتوندىن قوغلىنىش
6. ۋاشىنگتوندا VOC مۇكاپاتى ئېلىش
7. تۈركىيەدىن بىرىنچى قېتىملىق قوغلىنىش
8. خىتاينىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان تەھدىتى
9. كورىيەگە قېچىش - جېنىم قۇتۇلغان ئاخىرقى دەقىقىلەر
10. كورىيەدىن سالامەت قايتىپ كېلىش
11. مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيە چېگرىسىدا جېدەل
12. سەئۇدى ئەرەبىستان - مۇقەددەس زېمىندا

نازارەتتە
13. شىمالىي سىپرۇستىكى ئاۋارىچىلىق
14. رىمدا سولاقتا
15. ئىنتېرپول ئىچىدە
16. ئەركىنلىككە ئېرىشىش - قىزىل تۇتۇش بۇيرۇقى ئاخىرى بىكار قىلىندى
17. مېڭ خۇڭۋېينىڭ يوقاپ كېتىشى
18. قىزىل باشلىق تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ كەتمىگەن كۆلەڭگىسى
19. خىتاينىڭ ب د ت ئىچىدىكى يوشۇرۇن قولى
20. ب د ت دىن قوغلىنىش
21. خىتاينىڭ ب د ت دىكى بەتقىلىقلىرى
22. خىتاينىڭ ب د ت دا رەسۋا بولۇشى
23. ب د ت دا مۇجادىلە
24. خىتايدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى
25. ب د ت دا خىتاي جاسۇسى بىلەن يۈزمۇ يۈز
26. ب د ت دا يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ھەققىدە بەس - مۇنازىرە
27. 2019 - يىللىق دۇنيا دېموكراتىيە مۇكاپاتى
28. تۈركىيەدىن ئىككىنچى قېتىم قوغلىنىش
29. خىتاي ئانامنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئۆلتۈرۋەتتى
30. لاگېرلارغا خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئىنكاسى
31. دىئاسپورادا ئۇيغۇر دەۋاسى
32. خىتاينىڭ گېرمانىيەدىكى زەھەرلىك تەسىرى
33. ئۇيغۇر سوتى
34. خاتىمە
35. نەقىللەر

ھەر قايسى باپلارنىڭ تېمىسىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، مەزكۇر كىتاب دولقۇن ئىسا ئەپەندىنىڭ چەتئەلدىكى مۇجادىلە ھاياتىنىڭ قىسقىچە بىر ھېكايىسى بولۇپ، تۆۋەندە بىز دولقۇن ئىسا ئەپەندىنىڭ ئۆز قەلىمىدىن كىرىش سۆزىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمىز.

## مۇقەددىمە

ئەركىن دۇنيادا ياشاپ تۇرۇپمۇ ئەركىن بولالمىغان كۈنلىرىمنى ئۇنۇتالمايمەن. ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە قانۇننىڭ ئۈستۈنلۈكى قىممەت قارىشى ئومۇملاشقان ياۋروپانىڭ پۇقراسى بولغىنىمغا قارىماي، ناھەقچىلىكلەر يولۇمنى توراپ تۇردى. ئۆزۈمنى ئادىل قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا خاتىرجەم ھېس قىلىۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ تالاي قېتىملاپ ئەركىنلىكىمدىن مەھرۇم قىلىندىم. كىشىلىك ئىززەت - غۇرۇرۇم ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. ۋاشىنگتوندا، رىمدا، جەنۋەدە، سېئۇلدا، ئانتالىيادا ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ سولاپ قويۇلدۇم، سوراققا تارتىلدىم. تالايلىغان بەختسىزلىكلەر مەن تەلپۈنگەن، ئىشەنگەن، ئۈمىد كۈتكەن ئەركىن دۇنيادا يۈز بەردى. قانۇن ئادالىتى كاپالەتكە ئىگە بولغان غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىدە يۈز بەردى.

خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن جازا لاگېرلىرىغا سولىنىپ زۇلۇم ۋاستىسى بىلەن مىللىي كىملىكىدىن ۋاز كېچىشكە، دىنىدىن يۈز ئۆرۈشكە مەجبۇرلىنىۋاتقان، ھەم ئىرقىي ھەم مەدەنىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ بىر ئەزاسى ۋە بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر دەۋاگەرى بولمىغان بولسام، بەلكىم بۇ خورلۇقلارنى كۆتۈرەلمىگەن بولاتتىم. دەرۋەقە، بۇ خورلۇقلارنى كۆتۈرەلمەي ھاياتتىن ۋاز كېچىش ئويلىرى كاللامنى چىرمىۋالغان چاغلارمۇ بولدى. ۋاشىنگتون ئايرودورومىدىن، ئاسما مايكا بىلەن يالىڭاچ دېگۈدەك ھالەتتە گېرمانىيەگە مەجبۇرى قايتۇرۇلغان ۋاقتىمدا «ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن بولسا، كاشكى ...» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. سېئۇلدا سولاپ قويۇلۇپ، خىتايغا قايتۇرۇلۇشۇم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغاندا، خىتاينىڭ قولىغا

تىرىك چۈشۈپ، ۋىجدانىم ۋە غۇرۇرۇمنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدىم... بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە دۇنيادىكى ئەڭ زالىم، ئەڭ مۇستەبىت بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئىگىسى ـ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى باش سەۋەبچى بولغان ئىدى، يەنى، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ مېنى جىنايى بەتناملار بىلەن ئەيىبلەپ ئىنتېرپولدا ئىلان قىلغان تۇتۇش بۇيرۇقى سەۋەبچى بولغان ئىدى.

مەن قانداق بولۇپ خىتايدەك "گىگانت" بىر دۆلەتنىڭ "بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمەن"گە ئايلىنىپ قالدىم؟ بۇ سوئالغا بەزىدە ئۆزۈممۇ جاۋاب بېرەلمەي قالىمەن.

مەن دۇنيانىڭ دىققىتىدىن ئۇزاق، ھەتتا ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بىر تۇپراقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. بۇ تۇپراق ـ «شەرقىي تۈركىستان»، 1949-يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە مۇپتىلا بولغان ئىدى. مەن تۇغۇلۇپ ئەقلىمنى تاپسام، بۇ تۇپراق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن ئىسىم بىلەن خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسى دەپ ئاتىلىدىكەن.

مەن 1967-يىلى 9-ئايدا ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلدۇم، بۇ دەۋر، شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قىزىل خىتاينىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتقان، تۇپرىقى ئاسارەت زۇلمىتىگە مۇپتىلا بولۇپ ئارىدىن 18 يىل ئۆتكەن ئېغىر كۈنلەر ئىدى. بۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا ۋە خىتايدا ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەتۈر شامالLIرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. مىڭلىغان ياراملىق زىيالىلار، دىنىي ئۆلىمالار، بايلار زىندانلارغا بەنت قىلىنغان، مىڭلىغان ئەلسۆيەر ئەزىمەتلەر «مىللەتچىلىك»، «ۋەتەن خائىنى» بەتناملىرى بىلەن قەتلى قىلىنغان، ھەممە يەرنى زۇلۇم تۇمانلىرى باسقان ئىدى.

مەن 1984-يىلى 17 يېشىمدا ئالى مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگىچە، ئۆزۈمنىڭ مىللىي كىملىكىم، كىم بولغانلىقىم، ئۇيغۇر بىلەن خىتاي دۆلىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، قىسقىسى تارىخىم ھەققىدە ئاساسەن مەلۇماتىم يوق ئىدى. ئالىي مەكتەپنىڭ مەن ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى ئۆزۈمنى، مىللىي كىملىكىمنى تېپىۋېلىشىم، دۇنيا قارىشىمنىڭ يېتىلىشى ۋە ئۆزۈمگە خاس بىر ئىدېئولوگىيە ساھىب بولۇشۇم ھېسابلىناتتى. ئۆزۈمنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، تارىخىمنى بىلىشكە قىزىقتىم. تارىخىمدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق زۇلۇمغا مۇپتىلا بولۇشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەس، بەلكىم مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مىللىتىمنىڭ بۇ قاباھەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە ئويلاندىم. دەسلەپكى قەدەمدە ئىشنى 80% ساۋاتسىز قالدۇرۇلغان، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق قىلىۋېتىلگەن مىللىتىمنى ساۋاتلىق قىلىش، كىتاب ئوقۇيالايدىغان سەۋىيەگە يەتكۈزۈش، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇتۇش ۋە ئېغىر ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالى مەكتەپتە «ستۇدېنتلار پەن-مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» دېيدىغان بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ، تەتىل مەزگىللىرىدە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ ھەر يەرلىرىگە ئەۋەتىپ ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردىم. 1988-يىلى 6-ئايدا 8000 كىشىلىك ئوقۇغۇچىلار نامايىشى ئېلىپ باردۇق. بۇ سەۋەپتىن ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالماي، مەكتەپتىن ھەيدەلدىم، خىتاينىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدۈم. 1994-يىلى 5-ئايدا بىخەتەرلىكىم تەھدىت ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەندىن، ئاتا-ئانامدىن، دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ چەتئەلگە قاچتىم. ئەمما ئۇ چاغلاردا، ئۇ ئايرىلىشنىڭ بۇنداق ئۇزۇن داۋام قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاتا-ئانام بىلەن ئاخىرقى ۋىدالىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ھەتتا بىر كۈن كېلىپ، خىتايدەك كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، ئىنتېرپول تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بىر «جىنايەتچى»، بىر «تېرورچى» بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم.

خىتاي ھاكىمىيىتى 1997-يىلى «جىنايەتچى»، «قاتىل» دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن ئىنتېرپولدا

ئۈستۈمدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان بولسا، 2001-يىلدىكى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ تۇتۇش بۇيرۇقىغا «تېرروررچى» دېگەن بەتنامنى قاتقان ئىدى. زالىم، ئۇياتسىز ھاكىمىيەتلەر مانا مۇشۇنداق سىزنى بىر كېچىدىلا جىنايەتچىگە، ھەتتا تېرروررچىغا ئايلاندۇرۇپ قوياليدىكەن. سىز ئىنتېرپولدا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بىر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا قانداق ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ مەن بۇلارنى بىۋاسىتە بېشىمدىن كەچۈردۈم.

شۇنداق، ئىنتېرپولدىكى 21 يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن تۇتۇش بۇيرۇقى ئەسلىدە مېنىڭ ئۆلۈم پەرمانىم ئىدى. مەن شىۋېتسارىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، كورىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەردە، بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن قانچە - قانچە قېتىملاپ تۇتقۇن قىلىنغان، ھەتتا ئۈستۈمدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلىپ جاندىن ئايرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن چاغلاردا، «تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ» قۇتۇلۇپ قالغان بىر «تېرروررچى» ئىدىم. ئەمما مەن ئادالەتنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدىغانلىقىغا، بۇنىڭ كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. شۇڭا ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلگەندە ئەپسۇسلاندىمىۇ، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدىم؛ زارلاندىمىۇ ئەمما ۋاز كەچمىدىم. ئۈستۈمدە سايەمدەك ئەگىپ يۈرگەن تەھدىت، ئىنتېرپولنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى ئاخىرى 2018-يىلى 2-ئايدا 21 يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدى.

بىر زامانلار پۈتۈن ئىشىكلەر تاقالغان، ياشاش مۇھىتىم تارايغان مەندەك بىر «تېرروررچى»دىن، يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئەركىنلىك جەڭچىسى، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى، دېموكراتىيە تەرغىباتچىسى بولۇپ خەلقئارا مۇكاپاتلارغا ئېرىشتىم. ئەركىنلىك، ئادالەت ئۈچۈن «تۆھپە قوشقۇچى» دەپ مەدھىيەلەندىم. ماڭا ئەينى ۋاقىتتا ئىشىكلىرىنى تاقىغان ۋە «جىنايەتچى» مۇئامىلىسى قىلغان دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىغا تەكلىپ قىلىنىپ سۆز قىلىۋاتىمەن، گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمەن، خەلقىمنىڭ چەككەن زۇلۇم - ئەزىيەتلىرىنى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىرىم بىلەن پاش قىلىۋاتىمەن. بىر چاغلاردا ئۆز كەلگۈسىدىن ئەندىشە بىلەن ياشىغان بىر كىشى، بۈگۈن، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەقدىرىگە ھۆكۈم قىلىدىغان دۆلەتلەردىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ پارلامېنتىدا، ياۋروپا ئىتتىپاقى پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە تەكلىپ بىلەن گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمەن.

بۈگۈن ئىنتېرپولنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى يوق، ئەركىن بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن دۇنيانىڭ ھەر يېرىگە بارالىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس. خىتاينىڭ قارا قولى مەن ئۈچۈن ئىنتېرپولدىن كېسىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا دۇنيانىڭ كۆپ يەرلىرىگە ئۇزىغان بولۇپ، تەھدىتلەر يوقالغىنى يوق. خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن يەنىلا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى ماڭا تاقاقلىق تۇرماقتا، ھىندىستان، تۈركىيەگە ئوخشاش ئۆز جۇغراپىيەسىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دۆلەتلەرمۇ ھازىرغىچە ماڭا ئىشىكىنى ئاچقىنى يوق.

نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر، خەلقلەر يەنىلا غەپلەتتە، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ تەھدىتىنى تونۇپ يەتكىنى يوق، بەزى دۆلەتلەر تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، خىتايغا ئاللىقاچان قەرزگە بوغۇلۇپ چارىسىز قالغان، پاتقاققا پېتىپ بولغان.

خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن، دۇنيا دېموكراتىيەسى ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى كۈندىن كۈنگە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقماقتا. 21-ئەسىردە خىتايكوممۇنىست پارتىيەسى جىنايىتىنى، دۆلەت تېررورىزمىنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىشقا تىرىشماقتا. 2020-يىلى «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى چىقىرىش ئارقىلىق، خوڭكوڭ دېموكراتىيەسىنى يوق قىلىش جىنايىتىنى قانۇنلاشتۇردى. دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا خوڭكوڭدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنى قانلىق باستۇردى، خوڭكوڭدىكى ئاپتونومىيە يوق قىلىندى.

شى جىنپىڭ 2013-يىلى ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى ئاشكارا ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە ئۆزگەرتتى. 2016-يىلى «تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» نى چىقىرىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى قانۇنلاشتۇردى. 2016-يىلدىن باشلاپ، «قايتا تەربىيىلەش مەركىزى» ئىسمى بىلەن جازا لاگېرلىرىغا مىليونلىغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرنى سولىدى. ئۇلار مىللىي كىملىكىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلانماقتا. بىرقانچە يۈز مىڭ ئۇيغۇر باللىرى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلدى، جازا لاگېرلىرىدىكى ئىنسانلار 21-ئەسىردە قۇل ئىشچى قىلىنىپ مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنماقتا. يۈز مىڭلارچە ئۇيغۇرنىڭ ئىچكى ئەزالىرى سۆكۈپ ئېلىنىپ، ئورگان تىجارىتىگە قۇربان قىلىنماقتا. دىنىي ئېتقادى سەۋەبىدىن ئېغىر خورلۇققا ئۇچرىماقتا. 2017-يىلدىن بۇيان نەچچە مىڭلىغان مەسچىتلەر چېقىلىپ، قۇرئان كەرىملەر كۆيدۈرۈلدى. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئاشكارا ھالدا «ئىسلام بىر ئىدېئولوگىيەلىك كېسەللىك، بۇ تامامەن يوق قىلىنىشى كېرەك» دېگەن شوئار بىلەن، ئىسلام دىنىغا ئاشكارا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ھەتتا قەبرىستانلىقلار، 700-800 يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىي مىراسلار ۋەيران قىلىندى. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمان دۇنياسى يەنىلا سۈكۈتتە، ھەتتا بىر قىسىم مۇسۇلمان دۆلەتلىرى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى ئاشكارا قوللاپ كەلمەكتە.

2-دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە، نازىزىم 6 مىللىيون يەھۇدىينى قىرغىن قىلغاندا، سۈكۈتتە تۇرغان ئىدى، ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيا سۈكۈتىنى ئەيىپلىگەن ۋە «قايتا تەكرارلانمايدۇ» دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. ئەمما يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن 70 يىل ئۆتكەندە، خىتاي كوممۇنىزمى تەرىپىدىن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىۋاتىدۇ، دۇنيا يەنىلا سۈكۈتتە.

مەن يالغۇز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قانۇنسىز، تېررورىست تەشكىلاتنىڭ دۇنيا خەلقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت ئىكەنلىكىنى، ھەتتا كوۋىد-19 ۋىرۇسىدىنمۇ خەتەرلىك بىر ۋابا ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇش يولىدا 30 يىلدىن ئارتۇق كۈرەش قىلدىم. كىشىلەر خىتايدىن ھېلىغىچە كورونا ۋىرۇسىدىن ئەنسىرىگەنچىلىك ئەنسىرەپ باقمىغانلىقى ۋە بۇ تەھدىتنى ھەقىقىي تونۇپ يەتمىگەنلىكىنىڭ ئېغىر بەدىلىنى مۇقەررەر تۆلەيدۇ. سەممىيلىك، ئىنسانپەرۋەرلىكنى مۇھىم قىممەت قىلغان غەربنىڭ دېموكراتىك مۇھىتى خىتاينىڭ زەھەرلىك ئىدېئولوگىيەلىرىنى تارقىتىشىنى ئەركىن شارائىت بىلەن تەمىنلەيتتى. بۇ ۋىرۇسنى تازىلاش ئىرادىسىگە كەلمىگۈچە، دۇنيا خىتايدىن كېلىدىغان ئاپەتتىن ھەرگىز خالىي بولالمايتتى. مانا بۈگۈن خىتاي، بىزنىڭ ئىدالىرىمىزغا قۇلاق سالمىغان بۇ دۇنيانى، ھەم كوۋىد 19 ۋىرۇسى، ھەم سىياسىي ۋىرۇسلار بىلەن ۋەيران قىلماقتا.

بېشىمدىن ئۆتكەن ھەقىقىي كەچمىشلىرىم بايان قىلىنغان بۇ ئەسەردىن سىز دېموكراتىيە بىلەن مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق بىلەن ئەركىنلىك كۈرىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان بىر ئىنساننىڭ ھۆر دۇنيادا بېشىغا كەلگەن ئېغىر زىيانكەشلىكلىرى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىسىنى ئاڭلايسىز. بۇ ھېكايىنىڭ ئاراپات ياكى نېلسون ماندېلانىڭ ھېكايىسىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ ۋەقەلەر ئەركىن دۇنيادا، غەرب قىممەت قارىشىنىڭ مەركەزلىرىدە يۈز بەردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا يەنە قانداق قىسمەتلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. خىتاينىڭ قارا قولى ھەر كۈنى تېخىمۇ ئۇزىراۋاتقان بۇ دۇنيادا، بىر كۈن، نامەلۇم بىر يەردە سۇيىقەست بىلەن ھاياتىمدىن ئايرىلىشىم مۇمكىن، ئەمما خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي بىر ۋابا ئىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تېرروررچى تەشكىلات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش يولىدىكى بۇ كۈرىشىم توختاۋسىز داۋام قىلىدۇ.

## ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىدىغان ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر:

قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، يېزىقى ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا بولىدۇ.

**قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ ساھەسى:**

1. سىياسەت، خەلقئارا مۇناسىۋەت، تارىخ، قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد ۋە مېدىيا ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقالىلەر بولۇشى لازىم. (ئەسكەرتىش. ئەدەبىي تۈس ئالغان ھېكايە ، پوۋېست ، شېئىر ، قوشاق ۋە نەسرلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ . توغرا چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.)
2. يۇقىرىقى ساھەلەرگە تەۋە ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغانلار چەت ئەل تىلىدىكى شۇ ماقالىنى باشتا ژۇرنالىنىڭ ئەسەرلەرنى باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەۋەتىشى لازىم.
3. ماقالىلەرنىڭ چوقۇم ئاستىدا بەلگىلەنگەن ئاكادېمىك مېتود ۋە قېلىپقا چۈشكەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.
4. ماقالىنىڭ مەزمۇن ۋە ئىلمىي ئۆلچەم جەھەتلەردىن ژۇرنالغا لايىق بولغان ياكى بولمىغانلىقى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن قارار قىلىنىدۇ. لايىق بولمىغانلىرى قايتۇرۇلۇشى ياكى تۈزىتىلىش ئۈچۈن ئەسەر ئىگىسىگە ئەۋەتىلىدۇ.
5. ھەر پەسىللىك سانىنىڭ بەلگىلىك بەت سانى بولۇپ، ئۆلچەمگە لايىق بولغان، لېكىن ھەجىم سەۋەبلىك شۇ مەزگىللىك سانغا كىرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمىغان ماقالىلەر كېيىنكى ساندا ئېلان قىلىنىدۇ . ئەگەر ئەسەر ئىگىسى خالىمىسا باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىسىمۇ بولىدۇ.
6. ھەر ساندا ئەھۋالغا قاراپ 2 دىن 5 كىچە كىتاب تونۇشتۇرۇش ماقالىسى (book review) ئېلان قىلىنىدۇ. كىتابنىڭ ساھەسى يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن ماقالىنىڭ ساھەسى بىلەن ئوخشاش ساھەگە تەۋە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ . بەت سانى 2 بەتتىن تۆۋەن 5 بەتتىن يۇقىرى بولماسلىقى لازىم. كىتاب تونۇشتۇرۇش ماقالىسى (book review) نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغىمۇ ئاكادېمىك ئۆلچەم قويۇلىدىغان بولۇپ قانداق يېزىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان (book review) نى ئۆرنەك قىلسا بولىدۇ.
7. ماقالە ئەۋەتكۈچىنىڭ سىياسىي مەيدانى، ئىدېئولوگىيەسى ۋە كۆز قاراشلىرىغا چەك قويۇلمايدۇ.

**ژۇرنىلىمىز قوبۇل قىلىدىغان ماقالىنىڭ شەكىل ۋە قېلىپ جەھەتتىكى ئۆلچەملىرى:**

1. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى:
2. ئاساسى مەزمۇنى: (يېرىم بەتتىن كۆپ بىر بەتتىن ئاز بولۇشى لازىم)
3. ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:
4. بۇنىڭدىن كېيىن ماقالىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى يېزىلىدۇ.

ئومۇمىي گەۋدە كىرىش ( كىرىش سۆز)، ئاساسلىق مەزمۇن ۋە خۇلاسىسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىشى لازىم.

(ماقالىنىڭ قېلىپلىرى ھەققىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۆرنەك قىلىنسا بولىدۇ)

مەنبە كۆرسىتىش ( دېپنوت ۋە رېفرانس) ھەققىدە

مەنبەلەردە بىردەك Chicago Manual of Style 17th Edition (full note) قوللىنىلىدۇ.

( مەنبە كۆرسىتىش قېلىپى ھەققىدە ئىنستىتوتىمىزنىڭ تور بېتى

https://www.uysi.org/ug/xelqara_weziyet__we_sherqiy_turkistan نى زىيارەت قىلىڭ)

**ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار:**

1 - قۇتادغۇ بىلىك (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)
2 - ئېتنىك، ئۇلۇس، كىملىك ۋە ئۇلۇسچىلىق (رۇقىيە تۇردۇش)
3 - ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت (ئۈمىت شىمشەك)
4 - شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس جۇغراپىيەسى (دوكتور بىلال نىزام)
5 -شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا - ئىگىلىكى ۋە دېھقانچىلىقى (دوكتور بىلال نىزام)
6 - ئالىيا ئىززەتبېگوۋىچ (خالىت چېل)
7 - پىسخىكىلىق ئۇرۇش: كۆلرەڭ تەشۋىقات (پىروف.دوكتور نەۋزات تارھان)
8 - ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى (دوكتور نەبىجان تۇرسۇن)
9 - تارىخى ئۇنتۇپ كەتكەن ئايال - ئامىنە بۇغرا (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت)
10 - ئۇيغۇر ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيەسى (ئابدۇلجېلىل تۇران)
11 - سەيياھلار ئىزىدىن (زۇلھايات ئۆتكۈر)

ISSN 0275-7923
9 770275 792207